Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

هارروۋون سىنگېر (شۋىتسارىيە)

# پەۋقۇلئاددە ۋە ئادەتتىكى چاغلاردا قوللىنىلىدىغان

# 36 تەدبىر

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

شىنجاڭ ياشلار – ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

بۇ كىتاب شاڭخەي خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990 ـ يىل 12 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据上海人民出版社1990年12月第1版第1次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى : ياسىن ئىمىن

مەسئۇل كوررېكتورى : ئابلىز ئابباس

ئادەتتە ۋە پەۋقۇلئاددە چاغلاردا قوللىنىلىدىغان

# 36 تەدبىر

ھارروۋون سىنگېر ( شىۋىتسارىيە )

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەبەيدۇللا ئىبراھىم

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ : 830001)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا 1 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

ئۆلچىمى : 1092×787 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى : 10.25

1994 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

1994 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

ISBN7—5371—1747—0/C • 21

سانى : 4070 — 1

باھاسى : 4.50 يۈەن

# جۇڭگولۇق كىتابخانلارغا

«36 تەدبىر — ئادەتتە ۋە پەۋقۇلئاددە چاغلاردا قوللىنىلىدىغان ھىيلە (تۆۋەندە «36 تەدبىر» دېيىلىدۇ) ناملىق بۇ كىتاب ئۈچ جەھەتتە بىرىنچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ:

بىرىنچىدىن، غەربلىكلەر جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچرىششقا باشلىغاندىن بۇيان غەربلىكلەرگە 36 تەدبىرنى تونۇشتۇرغان تۇنجى كىتاب.

ئىككىنچىدىن، شۋېتسارىيىلىك تەرىپىدىن يېزىلغان، جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار بولغان مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر كىتاب. بۇ كىتابنىڭ نېمىس تىلىدىكى تۇنجى نۇسخىسى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ھەرقايسى ئەللەردىكى نەشرىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولدى، ئامېرىكا، فرانسىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيىلەردىكى نەشرىيات سودىگەرلىرى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش ھوقۇقىنى بەس - بەس بىلەن سېتىۋېلىشتى. نۆۋەتتە، يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان تۆت دۆلەتتىكى ھەرقايسى نەشرىياتلار بىلەن مەزكۇر كىتابنى تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش توغرىسىدا توختام تۈزۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىنگلىزچىسى ئاللىبۇرۇن تەرجىمە قىلىنىپ، پېقىر تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بولۇندى. ئىنگلىزچىسى ئامېرىكىدىكى ۋىسكاك نەشرىياتى تەرىپىدىن 1991 - يىلى نەشردىن چىقىدۇ. يېقىندا سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى موسكۋا پروگرېس نەشرىياتىمۇ مەزكۇر كىتابقا بەكمۇ قىزىقىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، روسچە تەرجىمە نۇسخىسىنى نەشر قىلىش ئىشىمۇ سۆھبەت ئۈستىدە تۇرۇپتۇ. نېمىسچە ئەسلى نۇسخىسىمۇ ھازىر ئېھتىياجنى قامدىيالمايۋاتىدۇ. مانا بۈگۈنگىچە بەش قېتىم نەشر قىلىندى.

ئۈچىنچىدىن، بۇ شۋېتسارىيىلىك تەرىپىدىن يېزىلغان، ئاندىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، جۇڭگودا نەشر قىلىنغان جۇڭگو مەدەنىيىتىگە ئائىت بىر كىتاب. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن تولىمۇ خۇشال بولۇپ تۇرۇپتىمەن.

جۇڭگو مەدەنىيىتى تەركىبىدىكى سىياسىي، پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات، پسىخولوگىيە قاتارلىق ھەر خىل پەنلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بۇنداق بىر ئىلمىي ئەسەرنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ دەرىجىدە دىققەت - ئېتىبارىغا مۇيەسسەر بولۇشى بىر غەرب خەنزۇشۇناشىنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پېقىرنىڭ خەنزۇشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن مۇئەييەنلەشتۈرۈش بولۇپ ھېسابلانماي قالمايدۇ. بۇنىڭدىن مەن چوڭقۇر ئىلھام ئالدىم، ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك دەپ ھېسابلىدىم.

مېنىڭ «36 تەدبىر» دېگەن بۇ كىتابىمنىڭ بۇ دەرىجىدە مۇۋەپپەقىيەتكە مۇيەسسەر بولالىشى ۋە بۇنداق شان - شەرەپكە ئىگە بولۇشى، ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئۆزگە، مۇھىمى، سان - ساناقسىز جۇڭگولۇق دوستلىرىمنىڭ ياردىمىگىمۇ باغلىق دەپ قارايمەن. مېنىڭ بۇ تەتقىقات خىزمىتىم باشتىن - ئاخىر ئۇلارنىڭ قىزغىن مەدەت بېرىشىگە ئىگە بولۇپ كەلدى. جۇڭگولۇق دوست - بۇرادەرلىرىمنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىغان بولسا، مەندەك بىر غەربلىك «تەدبىرشۇناسلىق» قەسرىنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ قەدەم باسالمىغان بولارئىدى. ھېلىمۇ يادىمدا، «تەدبىرشۇناسلىق» تىن ئىبارەت بۇ زېمىنغا ئەمدىلا كىرىپ كەلگىنىمدە ھەممىلا نەرسە ماڭا يات بولۇپ تۇيۇلغانىدى. جۇڭگولۇق بۇرادەرلىرىمنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم كۆرسىتىشى ۋە ئۇستىلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشى ئارقىسىدا، «تەدبىر» نىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدىم ۋە ھەر تەرەپلىمە بىلىم ئىگىلەپ ئاخىرى نەچچە يۈزمىڭ خەتلىك بۇ چوڭ ئەسەرنى يېزىپ چىقتىم.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇزۇن مۇددەت جۇڭگودا تۇرغان بەزى غەربلىكلەر — مەسىلەن، شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتىدا نەشر قىلىنغان

«خەنزۇچە ـ نېمىسچە لۇغەت» نىڭ ئاساسلىق تۈزگۈچىلىرىنىڭ بىرى بولغان پروفېسسور ۋالتېر ئەپەندى «36 تەدبىر» نى تەتقىق قىلىشىم ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ياردەملەرنى كۆرسەتتى ۋە ئىلھام بەردى.

بۇ يەرگە كەلگەندە، شۋېتسارىيە سيۇرىخ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گومانىتار پەنلەر ئىنستىتۇتىنى، بولۇپمۇ شەرقىي ئاسىيا تەتقىقات ئورنىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. 1977 ـ يىلى، مەن جۇڭگودىكى ئوقۇشۇمنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەزكۇر تەتقىقات ئورنىدا خىزمەت قىلىشقا باشلىدىم. 1977 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە «36 تەدبىر» دېگەن بۇ كىتابىمنى يېزىش تەييارلىقىنى ئېلىپ بارغان چاغلىرىمدا، سيورىخ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ گومانىتار پەنلەر ئىنستىتۇتىدا شۇنداقلا شەرقىي ئاسىيا تەتقىقاتى ئورنىدا نۇرغۇن ئەخمىقانە ئىشلارنى ئۇچرىتىپلا قالماي، يەنە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان نۇرغۇن سۇيىقەستلەرنىمۇ ئۇچراتتىم. «تەدبىر» ۋە «ھىيلە» بىلەن تولۇپ كەتكەن بۇنداق كەيپىيات ئىچىدە «تەدبىر»، «ھىيلە» گە بولغان تونۇشۇمدا يېڭى يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلدى. جەمئىيەتكە رەسمىي رەۋىشتە قەدەم قويغىنىمدىن كېيىنكى بۇنداق كەچمىش ۋە كەچۈرمىشلىرىم ماڭا تەدبىر، ھىيلە ئىشلىتىش پەقەت جۇڭگودىلا خاس ھادىسە بولۇپ قالماستىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. ئەسلىدە مەن جۇڭگونىڭ تەدبىرلىرىنى سۆزلەيدىغان مەخسۇس بىر كىتاب يېزىپ چىقارمەن دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، غەرب جەمئىيىتىدىكى ئۆز بېشىمدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرىم ۋە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىشلىرىم ئاخىرىدا بۇ پىلانىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇڭا، ھازىر كۆرۈپ تۇرغان، مەزمۇن جەھەتتىن جۇڭگو چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جۇڭگو ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى چۈشىنىش مەقسەت قىلىنغان بۇ كىتاب دۇنياغا كەلدى. بۇ كىتابتا جۇڭگودىكى تەدبىر ئىشلىتىش جەھەتتىكى كۆپلىگەن مىساللار جەم قىلىنىپلا قالماي، بەلكى غەرب دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەر شارى خاراكتېرلىك مىساللارمۇ ستاتا قىلىپ كۆرسىتىلدى. مېنى جۇڭ-

گوشۇناسلىق چېگرىسىدىن ھالقىپ چىقىشقا دەۋەت قىلغانلىق تۆھپىسىنى ئالدى بىلەن شىيۇرىخ ئۇنىۋېرسىتېتىغا مەنسۇپ قىلىش كېرەك .

غەربلىكلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى نەمۇنە ، ھەقىقىي ئىسىلزادە دەپ ھېسابلايدىغان ئادىتىنى قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشكە دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ، مەن «ئىنجىل» نى «تەدبىر شۇناسلىق» نىڭ بىر خىل دەرسلىكى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭدىن بىر قىسىم مىساللارنى كەلتۈرۈپ ، غەربنىڭ خۇداسىمۇ نۆۋەتتە كەلگەندە تەدبىردىن ئىبارەت بۇ ياخشى نەرسىنى تاشلىۋەتكۈسى كەلمىگەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم . «تەدبىر شۇناسلىق» نەزەرىيىسىنى مەن جۇڭگودا ئۆگەنگەن . ئەمما ئۇنى شۋېتسارىيىدە ئۆز ئەمەلىيىتىمدىن ئۆتكۈزدۈم . ئەمەلىيەت ئارقىلىق ، ھەر خىل تەدبىرلەرنىڭ قوللىنىلىشىنى ۋە رولىنى ، مۇداپىئەدە ئىشلىتىلىشىنى ھەقىقىي يوسۇندا چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتىم . مەن شۋېتسارىيىدە مانا شۇنداق تەشەۋۋۇردىن تاشقىرى بولغان «ھوسۇل» غا ئىگە بولدۇم . ئەتراپىمدىكى كىچىك دائىرىلىك تەدبىر قوللىنىش ئەمەلىيىتىنى باشتىن كەچۈرگىنىمدىن كېيىن ، غەرب جەمئىيىتىدىكى كۆپلىگەن ساختا ھادىسىلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، پەردە ئارقىسىدا يوشۇرۇنغان ھەر خىل ھىيلە - تەدبىر ۋە سۇيىقەستلەرنى بايقاشقا باشلىدىم . غەرب جەمئىيىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان ئاساستا چۈشىنىشىم بەلكى جۇڭگونىڭ «تەدبىر شۇناسلىق» نى تېپىۋالغانلىقىم ، بولۇپمۇ «36 تەدبىر» نىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىغا ئىگە بولغىنىمدىن بولسا كېرەك . ئەگەر جۇڭگونىڭ تەدبىر شۇناسلىقىدىن ئىبارەت بۇ نۇرلۇق چىراغ بولمىغان بولسا ، غەرب جەمئىيىتىدىكى بۇ مەنئىي قىلىنغان رايونىنى بەلكى مەڭگۈ بىلىپ كېتەلمىگەن بولار ئىدىم .

مەركۇز كىتابقا قوشقان تۆھپىسى ئالاھىدە گەۋدىلىك . بىۋاستە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەردىن ئەڭ ئالدىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى تاشقى ئالاقە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چېن مىڭشيەن خانىمنى ساناپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . بۇ «دۇنيا كۆرگەزمىسى» دېگەن ژۇرنالنىڭ 1989 - يىللىق 7 - سانىدا «36 تەدبىر غەربتە - شۋېتسارىيە

خەنزۇشۇناسى سىنگېر توغرىسىدا» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالە شائىخەي كۇتۇپخانىسىدىكى چى ۋېن ئەپەندىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. چى ۋېن ئەپەندىنىڭ ۋاسىتىچىلىكى ۋە مەدىتى ئارقىسىدا، تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى لىيۇ شياۋدۇڭ ئەپەندى ۋە جۇ شېڭخاۋ خانىم بۇ كىتابنىڭ نېمىسچە نۇسخىسىنى خەنزۇچىغا بەكلا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەرجىمە قىلىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچىسىنى نەشر قىلىش داۋامىدا شائىخەي خەلق نەشرىياتىمۇ ئىنتايىن زور ياردەملەرنى كۆرسەتتى. كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى كۆرۈپ بېكىتىشتە، شەرقىي جۇڭگو سىياسىي قانۇن ئىنستىتۇتى خەلقئارا خۇسۇسىي قانۇن مۇتەخەسسىسى، هازىرقى شۋېتسارىيە فوررېبورگ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ دوكتور ئاسپىرانتى شۈي دۇڭگېڭ ئەپەندىمۇ ماڭا ھەمكارلىشىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىشىپ بەردى. مەن بۇ يەردە، ماڭا ياردەملەشكەن دوست ـ بۇرادەرلىرىمگە چىن دىلىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

جۇڭگولۇقلار بەرپا قىلغان تەدبىرشۇناسلىق ئىلمى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە كەڭ بىر زېمىندۇر. بۇ كەڭ زېمىندا بىلىم ئەڭگۈشتەرى تولۇپ ياتىدۇ. غەربلىك بولغان مەن بۇ ئەڭگۈشتەردىن بەھرىلەندىم. گەرچە ئۇنىڭدىن ئىگىلىگەنلىرىم ئاز بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تونۇدۇم.

«36 تەدبىر» نىڭ دۇنياغا كېلىشى پەقەت تەدبىرشۇناسلىق ئۈستىدە ئېلىپ بارغان بىر سىناقتىنلا ئىبارەت. مەن بۇ كىتابنىڭ جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يولىدا بىر كۆۋرۈك بولۇپ قېلىشىنى، مەنىۋى جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن بىر دۇنيا بەرپا قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

هارروۋون سىنگېر

1990 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

# فېدېراتسىپ گېرمانىيە زۇڭلىسى كولنىڭ سىنگېرغا
# يازغان خېتى

سىنگېر ئەپەندى :

بۇ كاتتا ئەسىرىڭىزنى ئىنتايىن قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم . بۇ ئەسەر بەزىدە مېنى ئىختىيارسىز كۈلدۈرۋەتتى . تەبىئىيكى ، مەن ئۇنى ئۆز كەچۈرمىشلىرىمگە باغلاپ ئوقۇدۇم . بۇ كىتاب كىشىلەرنىڭ قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى جۇڭگونى چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپلا قالماي ، ئەڭ مۇھىمى ، سىزنىڭ قەلىمىڭىز بىلەن جانلىق قىلىپ چۈشەندۈرۈلگەن تەدبىرلەر ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پائالىيەت شەكلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن . بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بۇ كىتاب مۇشتىرىلارغا ئۆزى بىلەن يېقىن ياكى يىراق مۇناسىۋەتتە بولۇپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ پائالىيەتلىرىنى چوڭقۇرلاپ كۆزىتىشكە ئۆگىتىدۇ .

مەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى ، ئەگەر بىر سىياسىئون خوڭ زىچېڭنىڭ سىز نەقىل كەلتۈرگەن «باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش نىيىتىدە بولماڭ باشقىلاردىن پەخەس بولۇشنىمۇ ئۇنتۇماڭ» دېگەن پوزىتسىيىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرسا ، ئۇ ھالدا ئۇ ئۆتكۈر تەدبىر ، يەنى «ئارام ئېلىۋېلىپ كۈچ توپلاش تەدبىرى » نى جەزمەن يادىدا ساقلىشى كېرەك .

كول

1989 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

جۇڭگولۇق كىتابخانلارغا ............ 1
كولىنىڭ سىنگىرغا يازغان خېتى ............ 6
**بىرىنچى تەدبىر كۆز بوياش** ............ 1
1 . ئۆيدە ئولتۇرۇپ دېڭىزدىن ئۆتۈش ............ 2
2 . دېڭىزدىكى ياغاچ شەھەر ............ 4
3 . تويىنى بىكار قىلىۋېتىش ............ 8
4 . ئوقيا مەشق قىلىش ............ 15
5 . خې رۇبىنىڭ لەشكەر يۆتكىشى ............ 16
6 . بۇ تەدبىرنىڭ ھالقىلىق يېرى ............ 16
**ئىككىنچى تەدبىر ۋېي بەگلىكىنى قورشىۋېلىپ ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش** ............ 18
1 . ئاجىز يېرىنى بوسۇپ تاشلاش ............ 19
2 . «زو چيۇمىڭ تەپسىرى» دىكى ئىككى ھېكايە ............ 20
3 . تەيپىڭ تيەنگونىڭ ۋە ليۇ بوچېڭ ـ دېڭ شياۋپىڭ ئارمىيىسىنىڭ دابيېشەن تېغىغا كىرىشى ............ 21
4 . بۇگۈنكى تەيۋەنلىك ئەرباپلارنىڭ تەھلىلى ............ 22
**ئۈچىنچى تەدبىر باشقىلارنىڭ قولى بىلەن باشقىلارنى بابلاش** ............ 24
1 . يامىنلارنىڭ قولىدىن پايدىلىنىش ............ 25
2 . ئىككى شاپتۇل بىلەن ئۈچ باتۇرنى ئۆلتۈرۈش ............ 26
3 . ئورماندىكى گىگانت ئادەملەر ............ 30
4 . جېڭ خېڭگۇڭنىڭ ئىسمىلىكنى يوشۇرۇپ قويۇشى ............ 34
5 . شى ۋەنىنىڭ دۇبۇلغا ، ساۋۇتى ۋە قورال ـ ياراغلىرى ............ 34
6 . چىبى ئۇرۇشى ............ 37
7 . ستالىن بىلەن گېرمانىيىلىكلەرنىڭ باشقىلارنىڭ قولى بىلەن باشقىلارنى بابلىشى ............ 37

8 . رۇك گوتۇەننىڭ غەلىبىسى ........................................ 39
9 . «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دەۋرىدە ........................................ 41
10 . شەرقىي خەن دەۋرىدىكى دۇمباقچى ........................................ 42
تۆتىنچى تەدبىر ئارام ئېلىۋېلىپ كۆچ توپلاش ........................................ 44
1 . گۈيلىڭ ئۇرۇشى ........................................ 45
2 . مالىڭ بۆكتۈرمە ئۇرۇشى ........................................ 46
3 . جياڭ جيېشىنىڭ مەغلۇبىيىتى ........................................ 47
4 . ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى ........................................ 48
بەشىنچى تەدبىر توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش ........................................ 50
1 . پارقىراپ تۇرغان چىرايلىق كاسايا ........................................ 51
2 . گۇ جيەننىڭ ئىنتىقام ئېلىشى ........................................ 53
3 . قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇش ........................................ 54
4 . غالىبلار شاھ بولۇر، مەھكۇملار ئوغرى ........................................ 55
5 . بۆلۈۋېلىنغان زېمىن ........................................ 55
6 . كورىيىلىك ساۋاتسىز ئادەم ........................................ 56
ئالتىنچى تەدبىر ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش ........................................ 59
1 . ھاشار ئاپىتى ........................................ 60
2 . يالغاندىن ئىتتىپاق تۈزۈش ........................................ 61
3 . دەريادىن ئۆتۈش ھەرىكىتى ........................................ 62
4 . ئالدانغان «سېرىق ياغلىقلىقلار قوشۇنى» ........................................ 63
5 . قىلىنى قىرىق يارىدىغان جۇ يافۇ ........................................ 64
6 . ناپالېئوننىڭ يالغان ھۇجۇمى ........................................ 64
7 . جۇ دېنىڭ غەلىبىسى ........................................ 65
8 . ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇناسىۋەتلىك بايانلىرى ........................................ 65
9 . جۇڭگو ئەمەس، بەلكى كامبودژا ........................................ 67
10 . بىردە ئۇياقتىن، بىردە بۇياقتىن تېگىش ........................................ 67
11 . سېھىرگەرلىك ئويۇنى ........................................ 70
يەتتىنچى تەدبىر يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىش ........................................ 71
1 . قارانچۇق لەشكەر ........................................ 73

2 . چاۋشيەن ئۇرۇشى ...... 74
3 . ھانىبالنىڭ كالا قوشۇنى ...... 75
4 . سېھىرنىڭ كۈچى ...... 78
5 . ۋېيتناملىقلارنىڭ «تەشۋىق ۋەرىقى» ...... 78
6 . «جىن بەگلىكىگە بارىمەن» ...... 79
7 . خوتۇننى ئالداش ھىيلىسى ...... 81
8 . ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان شېئىر ...... 86
9 . يالىڭاياغ دوختۇرلار ۋە لاتا كەش ...... 89
10 . يۈ فېينىڭ ئۇۋاللىقتا ئۆچرىشى ...... 90
11 . ئۈچ ئادەم ۋە يولۋاس ...... 93
12 . پىتنە ــ پاساتنىڭ تۆت باسقۇچى ...... 95
**سەككىزىنچى تەدبىر قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە سېتىش** ...... 97
1 . ئاسما يولنى كۆيدۈرۈش ...... 98
2 . لۈي مېڭنىڭ كېسەل بولۇۋېلىشى ...... 101
3 . دى چىڭنىڭ لەشكەرلەرنى ئارام ئالدۇرۇشى ...... 102
4 . نورماندىيە ۋە كېيىلېر ...... 102
5 . شىسەنمېينىڭ تونۇشتۇرغۇچى بولۇشى ...... 104
**توققۇزىنچى تەدبىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈش** ...... 108
1 . غالىب كۆزەتكۈچىلەر ...... 109
2 . ئۆلۈم گىردابىغا كىرىش ...... 110
3 . چاڭچۈننىڭ ئازاد قىلىنىشى ...... 111
4 . يولۋاس تاماشىسى كۆرۈش ...... 112
**ئونىنچى تەدبىر A : كۈلكە ئىچىگە پىچاق يوشۇرۇش B : تىلى شېكەر، ئىچى زەھەرلىك** ...... 114
1 . لى يىفۇ ۋە لى لىنپۇ ...... 115
2 . خەتەرلىك قۇدا بولۇش ...... 117
3 . پادىشاھنىڭ ئات باقار بولۇشى ...... 118
4 . چوشقا قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، يولۋاسنى يەپ تاشلاش ... 120
5 . يالغاندىن تەسلىم بولۇش ...... 121

6 . يەھۇدانىڭ ئەيسانى سېتىۋېتىشى ...... 123
**ئون بىرىنچى تەدبىر  قۇربانلىق قوي** ...... 124
1 . سالاھىيىتىنى ئالماشتۇرۇش ...... 125
2 . شاھلىق تونىنى ئالماشتۇرۇش ...... 126
3 . يالغان گرافنىڭ جازا مەيدانىغا بېرىشى ...... 127
4 . گېنېرال جاڭ شۆلياڭ ...... 128
5 . چاڭشا شەھىرىدىكى ئۇلۇغ ئوت ...... 130
6 . بىر پاي كەشتىلىك كەش ...... 133
7 . ئەزمە پادىشاھ ...... 137
8 . تيەن جىنىڭ ئات بەيگىسىگە قاتنىشىشى ...... 140
9 . سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ دېنېپر دەرياسى بويىدىكى چوڭ غەلىبىسى ...... 141
10 . ئاجىزلارنىڭ ئەڭگۈشتىرى ...... 142
11 . كاپىتالىستىك ۋە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ھاكىمىيىتىنىڭ كېلىشىمى ...... 143
12 . ماۋ زېدۇڭ ۋە مودېل ...... 145
**ئون ئىككىنچى تەدبىر  پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىش** ...... 146
1 . شياڭ يۈ ۋە تيەن رۇڭ ...... 147
2 . جاۋ بەگلىكىنىڭ ياردەم تەلەپ قىلىشى ...... 147
3 . نەپسانىيەتچى پادىشاھ ...... 149
4 . پادىشاھنىڭ قېچىشى ...... 150
5 . جىڭ خېنىڭ دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىشى ...... 151
6 . ئارغامچا ۋە كالا ...... 154
**ئون ئۈچىنچى تەدبىر  توخۇنى بوغۇزلاپ، مايمۇننى چۆچۈتۈش** ...... 156
1 . بىرنى جازالاپ كۆپكە ئىبرەت قىلىش ...... 157
2 . توخۇنى بوغۇزلاپ، مايمۇننى چۆچۈتۈش ...... 158
3 . توي قىلىش ئارقىلىق چىقىش يولى تېپىش ...... 160
4 . يەنشەن تېغىدىكى بۆكتۈرمە ...... 163
5 . ئېھتىياتچان سىما يى ...... 164

6 . يالغان پاراشۇتچىلارنى ئېتىش ...................................... 167
7 . ھەر خىل گۈللەر چۈشى ...................................... 167
8 . جۇباجىيىنىڭ مايمۇن پادىشاھنى جىلە قىلىشى ...................... 168
9 . مىس قۇشقاچ پەشتىقى ...................................... 171
10 . توشقاننىڭ ھىيلە ئۆگىنىشى ...................................... 177
11 . «جىلە قىلىش تەدبىرى » نىڭ سۆھبەتلەردە قوللىنىشى ... 183
12 . بىھۆرمەت ساھىبخان ...................................... 185
13 . گىراسنىڭ ئىبرەتلىك نەسىھەتلىرىدىن ...................................... 186
**ئون تۆتىنچى تەدبىر  بىرىنى قۇربان قىلىپ ، بىرىنى ئىرىلدۇرۇش ......... 187**
1 . پادىچى بالىنىڭ پادىشاھ بولۇشى ...................................... 188
2 . ۋاڭ ماگىنىڭ قەدىمكىنى ئىرىلدۇرۇشى ...................................... 191
3 . ۋېيتنامىلىقلارنىڭ ئىرىلدۇرۇش ماھارىتى ...................................... 193
4 . يېڭى دېموكراتىزم ...................................... 194
5 . جۇگې لياڭنىڭ ئۆلۈمى ...................................... 196
6 . ۋېي سۇلالىسىدىن جىن سۇلالىسىگىچە ...................................... 199
7 . نوستىر داماسىنىڭ ئىرىلدۇرۇلۇشى ...................................... 200
8 . كۇگزى ئىبادەتخانىسىغا بېرىش ...................................... 200
9 . جۇڭگودىكى ئايال پادىشاھ ...................................... 202
10 . ليۇ بېينىڭ شۇ بەگلىكىگە بېرىشى ...................................... 204
11 . ئېگىزلىكتىكى تۇمان ...................................... 205
**ئون بەشىنچى تەدبىر  يولۋاسنى تاغدىن چۈشۈرۈش (قىلتاققا چۈشۈرۈش)... 207**
1 . ئىككى ئوغۇل ...................................... 209
2 . يۇنىڭ سەپىرى ...................................... 213
3 . ئالداش توغرىسىدا ...................................... 214
4 . سۇن سىيىنىڭ مەدەت تىلىشى ...................................... 215
5 . چېنىباڭ قورشاۋى ...................................... 219
6 . دادىيەنزى كەنتىدىكى يەر ئىسلاھاتى ...................................... 220
7 . ھامىلە چۈشۈرۈش بۇلىقى ...................................... 222
8 . فەن زېگنىڭ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قېلىشى ...................................... 224

9 . باياۋاندىكى راھىب ........................................ 225
10 . تۇشمۇ تۇشتە قىلىنغان جەڭلەر ............................ 227
ئون ئالتىنچى تەدبىر  ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىش .................. 229
1 . ئادالەت ئارقىلىق غەلىبە قىلىش ............................ 230
2 . يەتتە قېتىم تۇتۇۋېلىپ ، يەتتە قېتىم قويۇۋېتىش ............ 235
3 . ماۋ زېدۇڭ ۋە ئۇرۇش ئەسىرلىرى ............................ 250
4 . ئالاھىدە بوشلۇق ........................................ 252
5 . ئامېرىكىنىڭ سوۋغىتى ...................................... 253
6 . شياڭ ياڭنىڭ ئەپچىل تەدبىرى ................................ 255
7 . جازا ۋە ئىنئام ........................................ 257
8 . ماختاپ ئۇرۇپ يوقىتىش .................................... 259
9 . كەپىگە ئۈچ قېتىم بېرىش ................................... 261
ئون يەتتىنچى تەدبىر  يەمچۈك تاشلاش ............................ 267
1 . پادىشاھنىڭ ئامراق خوتۇنى ................................ 268
2 . بېلىقچىنىڭ پادىشاھنى قارماققا ئىلىندۇرۇشى ................ 271
3 . قاغا ، تۈلكە ۋە پىشلاق .................................. 272
4 . بەش شەھەرنى سوۋغا قىلىش ................................ 273
5 . ستالىننىڭ ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى .................. 278
6 . خەن گاۋزۇنىڭ قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىشى ........................ 280
7 . قۇدىلىشىش ............................................ 281
8 . شەرقىي غۇزلارنىڭ سوۋغات سورىشى ............................ 283
ئون سەككىزىنچى تەدبىر  ئوغرىنىڭ چوڭىنى تۇتۇش .................. 287
1 . دەرەخ يىقىلسا مايمۇن توزۇپتۇ ............................ 288
2 . تاياقنى ئۇق قىلىپ ئېتىش .................................. 290
3 . شوخلا توغراشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى .......................... 291
4 . دۈشمەننىڭ بوغوزىنى بوغۇۋېلىش .............................. 291
قوشۇمچە : 36 تەدبىرنىڭ تىزىملىكى ................................ 293
تەرجىماننىڭ سۆزى .............................................. 297
ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن ..................................308

## بىرىنچى تەدبىر

# كۆز بوياش

**يادرولۇق مەزمۇنى :** كىشىلەرگە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ساختىنا ھادىسە ئارقىلىق مەقسەتنى يوشۇرۇش . شەپە بىرىپ قويۇش ھىيلىسىنى ئەپچىللىك بىلەن ئىشلىتىش . مەخپىي ھەرىكەتنى باشقىلار قىلچە گۇمان قىلمايدىغان ئاشكارا ھەرىكەت بىلەن نىقابلاش . ئاشكارىلىق ھىيلىسى مۇسبەت ، مەنفىيلىك ھىيلىسى .

## 1 . ئۆيدە ئولتۇرۇپ دېڭىزدىن ئۆتۈش

بۇ تەدبىر باياننىڭ رەسمىي قەيت قىلىنىش تارىخى يىراق تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلىنىدۇ . بۇ تەدبىرنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە ئىككى ھېكايە بار ، تۆۋەندىكىسى بىر قەدەر كەڭ تارقالغان بىر خىل ھېكايە.

تاڭ تەيزۇڭ كورىيىنى ئىشغال قىلىش تەمەسى بىلەن 300 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ . ماڭا ـ ماڭا دېڭىز بويىغا يېتىپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا كەڭ دېڭىزنىڭ پايانى كۆرۈنمەپتۇ . دېڭىز قىرغىقىدىن كورىيىگە بارغۇچە نەچچە مىڭ چاقىرىملىق دېڭىزدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىكەن . 300 مىڭ لەشكەر بۇنچە كەڭ دېڭىزدىن قانداق ئۆتۈشى كېرەك ؟ تاڭ تەيزۇڭ ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى ئاقىللىرىنىڭ بۇ ئۇرۇشنى قوزغىماسلىق ھەققىدە قىلغان پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىغانلىقىغا پۇشايمان يېگىلى تۇرۇپتۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەرقايسى تارماقلارنىڭ سەردارلىرىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپ ، دېڭىزدىن ئۆتۈش تەدبىرى توغرىسىدا مەسلىھەت باشلاپتۇ . تاڭ تەيزۇڭ جاڭ شىگۇيدىن مەسلىھەت سوراپتىكەن ، جاڭ شىگۇي ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، ئوبدانراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇۋاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر ـ ۋۇزرالار تارقىلىپ كېتىپتۇ .

جاڭ شىگۇي ئۆز بارگاھىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن مۇلازىمىنى ئەۋەتىپ بۇ ئىش ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ بېقىش ئۈچۈن شۆ رېنگۇينى چاقىرتىپ كېلىپتۇ . شۆ رېنگۇي بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن : «ئالىيلىرىنىڭ ئەندىشە قىلىدىغىنى بىپايان دېڭىز بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان كورىيىگە يېتىپ بارالماسلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس . ئەمما پېقىر بىرلا ھىيلە بىلەن بۇ كەڭ دېڭىزنى ئىز ـ دېرەكسىز غايىب قىلىۋېتەلەيمەن ، ئۇ چاغدا تەيزۇڭ ئالىيلىرى ۋە جىمىكى لەشكەرلىرىمىز بۇ كەڭ دېڭىزدىن

بەئەينى قۇرۇقلۇقتىكى يولدا ماڭغاندەك بىمالال مېڭىپ ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپتۇ. جاڭ شىڭگۇي بۇ گەپنى ھەم ھەيران قاپتۇ، ھەم خۇشال بوپتۇ. شۆ رېنگۇيمۇ ھېيلىگە لايىق ھازىرلىق كۆرۈش ئۈچۈن قايتىپ كېتىپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى جاڭ شىڭگۇي ھەرقايسى سەپنىڭ سەردارلىرىنى باشلاپ تاڭ تەيزۇڭنىڭ ئالدىغا تەزىمغە كېلىپتۇ ۋە بىر باي مويسىپىتنىڭ دېڭىز ئۈستىدە تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ پادىشاھنىڭ بىپايان دېڭىزدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن يېمەك - ئىچمەك بىلەن تەمىنلەشنى ئىلتىماس قىلىپ تاشقىرىدا ساقلاۋاتقىنىنى مەلۇم قىپتۇ. تەيزۇڭ بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ ھېلىقى مويسىپىتنى چاقىرىپ كىرىشكە بۇيرۇق قىپتۇ. ئارقىدىنلا بۇ مويسىپىت پادىشاھنىڭ ئالدىدا ھازىر بوپتۇ - دە، پادىشاھنى ۋە ئۇنىڭ قەلەمدار - ئەلەمدارلىرىنى دېڭىز بويىغا بېرىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۇلار دېڭىز بويىغا كېلىپ قاراپلا كەڭرى دېڭىزنىڭ راستىنلا ئىز - دېرەكسىز غايىب بولغانلىقىنى، كۆز ئالدىدا كەڭ پەردە بىلەن قورشالغان ئون نەچچە مىڭ ئۆي - ئىمارەتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشۈپتۇ.

ھېلىقى مويسىپىت تاڭ تەيزۇڭغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولۇپ، ئۇنى كۈنچىقىش تەرەپتىكى بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. ئۆينىڭ تۆت تېمىغا ھەشەمەتلىك تام كەشتىلىرى ئېسىلغان، تەكتىگە بولسا ئوتقاشتەك گىلەملەر سېلىنغانىكەن. تەيزۇڭ ۋە ئۇنىڭ سەردارلىرى گىلەم ئۈستىدە چازا قويۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ ۋە شېرىن مەيلەرنى ئوتلاپ، بەھۇزۇر تاماشا قىلىشقا باشلاپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن تەيزۇڭ توساتتىن تاملارغا تارتىلغان كەشتىلەرنىڭ شامال ئۇرغاندەك لەپىلدەۋاتقىنىنى، شىرە ئۈستىدىكى چىراغنىڭ قىيسىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، تەنلىرى شۈركۈنۈپ، قورقۇپ كېتىپتۇ. ئۇ پەردىنى قايرىپ شۇنداق قارىپتىكەن، كۆز يەتكۈسىز دېڭىزنىڭ توختىماي دولقۇنلاۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. تەيزۇڭ چۆچۈگەن ھالدا: «مەن ھازىر زادى قەيەردە؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇنىڭ

سوئالىغا جاڭ شگوي جاۋاب بېرىپ : « ئالىيلىرى ۋە 300 مىڭ لەشكەر كېمە بىلەن دېڭىزدىن ئۆتۈۋاتىدىلا ۋە كورىيىگە قاراپ كېتىۋاتىدىلا » دەپتۇ . ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ، تاڭ تەيزۇڭ كەينىگە يانالماپتۇ ۋە كورىيىنى ئىشغال قىلىش ئىرادىسىگە كېلىپتۇ . تاڭ تەيزۇڭ شۇنداق قىلىپ ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئامان - ئېسەن ھالدا دېڭىزدىن ئۆتكەنىكەن .

## 2. دېڭىزدىكى ياغاچ شەھەر

بۇ بىرىنچى تەدبىرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى توغرىسىدىكى ھېكايىنىڭ بىر خىلى :

تەيزۇڭنىڭ لەشكەر تارتىپ ، دېڭىزدىن ئۆتۈپ ، كورىيىنى ئىشغال قىلىش ئىستىكى تۇغۇلۇپتۇ . 100 مىڭ لاۋۇ - لەشكەر ۋە ئات - ئۇلاغ ، 1300 كېمە بىلەن دېڭىزغا چىقىپتۇ . تەيزۇڭ پېلەن ۋەزىر - ۋۇزرالار بىر كېمىگە ئولتۇرۇپتۇ . كېمىنىڭ ئەتراپىدا ئەجدىھا سۈرەتلىك تۇغ - ئەلەملەر جەۋلان قىلىپ ، بەك ھەيۋەت بىر مەنزىرە پەيدا قىلىپتۇ .

ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ، دېڭىزدا توساتتىن بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ . ئاسمان - پەلەك مەۋج ئۇرۇۋاتقان دولقۇننى كۆرگەن تەيزۇڭنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ ، چىرايى تاتىرىپ كېتىپتۇ . لەشكەرلەر ۋە ئات - ئۇلاغلار كېمىدە ئۆرە تۇرالماي ئارقا - ئارقىدىن يىقىلغىلى تۇرۇپتۇ . تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۆرە بولالىغانلىرىمۇ قوپۇپلا يەنە يىقىلىپتۇ . تەڭرىنىڭ ئەركىنىسى ئاتالمىش پادىشاھمۇ بىرقانچە قېتىم موللاق ئېتىپتۇ . قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلارمۇ دومىلاپ - ئۆمىلەپ يۈرۈپ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ . بەزىگە كتەك تىترەۋاتقان تەيزۇڭ ئەتراپىدىكىلەرگە : « سۆيۈملۈك ۋەزىرلىرىم ، مېنىڭ ئەمدى مېڭىۋەرگۈم يوق » دەپتۇ .

بەزى ۋەزىرلەر : « ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىۋېرەيلى ، بولمىسا كورىيىلىكلەر بۇيۇك تاڭ دۆلىتىمىزگە باستۇرۇپ كېلىدۇ » دېيىشىپتۇ . ئەمما ، تەيزۇڭ بۇ گەپكە كۆنمەپتۇ ۋە كېمىلەرنى قايتۇرۇپ كېتەيلى دەپ تۇرۇۋاپتۇ . قايتىپ يەنە ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن ، كېمىلەر دېڭىزغا

(بۈگۈنكى سەندۇڭ تەۋەسىدە ) دا قىرغاققا يېغىلىشىپتۇ . تەيزۇڭمۇ ۋەزىر
ۋە سەردارلىرى بىلەن بىللە شەھەردە تۇرۇپ قاپتۇ . بۇ چاغدا ئۇنىڭ
مۇشاۋۇرى شۈي ماۋگۇڭ تەيزۇڭدىن سوراپتۇ :

— كورىيىگە جازا يۈرۈشى قىلىش دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشىدۇر ، ئا-
لىيلىرىنىڭ لەشكەر چېكىندۈرۈشىنىڭ ۋەجى نېمىكىن ؟

تەيزۇڭ جاۋابەن دەپتۇ :

— دېڭىزدىكى بوران بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن ، چاڭئەنگە
قايتىسام قايتىمەنكى ، دېڭىزدىن ئۆتۈپ ، كورىيىگە بېرىشقا زادىلا رايىم
يوق .

شۈي ماۋگۇڭ نەسىھەت قىپتۇ :

— ئالىيلىرى ، خاۋاتىرلەنمىسىلە ، بۇ بوران نەچچە كۈندىلا ئۆتۈپ
كېتىدۇ . دېڭىز يەنە تىنچلىنىپ قالىدۇ . ئەنە شۇ چاغدا دېڭىزدىن ئۆتۈپ
كورىيىگە بېرىشقا ئالىيلىرى قارشى چىقمايدىغاندىلا ؟

تەيزۇڭ دەپتۇ :

— شۇنداق بولسىغۇ بولاتتى ، قېنى ، بىرقانچە كۈن ساقلاپ باق-
ساق باقايلى !

شۇ كۈنى ئاخشىمى شۈي ماۋگۇڭ بارگاھقا كېلىپتۇ ، سانغۇن ۋېي
چىگۇڭ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— شۇنچە كەچ بولۇپ قالغىنىغا قارىماي بۇ يەرگە كېلىپ قاپتىلا ،
قانداق خىزمەتلىرى باركىن ؟

شۈي ماۋگۇڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ :

— قارىغۇدەك بولسام ، پادىشاھ ئالىيلىرى چىدۇغا بېرىپ ئۇرۇش
قىلىشتىن يالتىيىپ قالغاندەك تۇرىدۇ ، ھىيلە ئىشلىتىپ پادىشاھنى
ئالدىساقلا كورىيىگە قايتىدىن ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز ! كۆز
بوياش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ كۆرسەك ، سىلىنىڭچە قانداق بولار؟

— سىلى جاڭ خۇەنىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئېيتسىلا ، ئۇ بىزەر ھىيلە
ئويلاپ پادىشاھنى ئالداپ دېڭىزدىن خاتىرجەم ئۆتكۈزسۇن .

ۋېي چېگۇڭ جاڭ خۇەنني ئىزدەپ تېپىپ ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— ئالىيلىرى بوران ۋە دولقۇندىن قورقۇپ دېڭىزدىن ئۆتكىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. ئۆزلىرى بىرەر ھىيلە ئويلاپ چىقىپ ئالىيلىرى ۋە بىزنى ئالداپ دېڭىزدىن ئۆتكۈزسىلە، بۇ ھىيلە بىلەن ئۇ دېڭىز دولقۇنىدىن قورقمايدىغان ۋە دېڭىزدىن بىخەتەر ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيمايدىغان بولسۇن.

ۋېي چېگۇڭ يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— پېقىر باشقىلارغا بۇيرۇتۇپ، بىر كاتەك كولاتتىم، مۇبادا سىلەر ئەتە تاڭ ئاتقۇچە بىرەر ھىيلە ئويلاپ چىقالمىسىلا كاتەكنى يەنە بىر ئادەم بويىچىلىك چوڭقۇرلىتىمەن. ئەگەر ئەتە چۈشكىچە بىرەر ھىيلە ئويلاپ تاپالمىسىلا كاتەكنى يەنە بىر ئادەم بويىچىلىك چوڭقۇرلىتىمەن. ئەتە كەچكىچىلىك ھىيلە ئويلاپ چىقالمىسىلا كاتەكنى يەنە بىر ئادەم بويىچىلىك كولاتقۇزىمەن. ئەگەر يەنىلا بىرەر ھىيلە تاپالمايدىغان بولسىلا سىلىنى ئاشۇ كاتەككە تىرىك پېتى كۆمۈپ تاشلايمەن.

ۋېي چېگۇڭ ئۆلۈم بىلەن تەھدىتكە سالغاچقا، جاڭ خۇەن قاتتىق باش قاتۇرۇپتۇ ۋە ئاخىرى بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپتۇ، يەنى ناھايىتى كۆپ مىقداردا ياغاچ سېتىۋېلىپ، ياغاچچىلارغا بىر شەھەر ياساتماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ پىلانىچە، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچى ۋە تېشىغا يەنە بىرقانچە ئۆي سېلىنىدىكەن، ئۆي ئەتراپىغا قېلىن قۇم يېيىتىلىپ، دەرەخ ۋە ئوت — چۆپ تېرىلىدىكەن، كوچا — كويلار ياسىلىدىكەن، لەشكەرلەر شەھەر ئاھالىسى قىياپىتىدە ياساندۇرۇلىدىكەن. شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئۈچ قەۋەتلىك بىر راۋاق سېلىنىدىكەن — دە، پادىشاھ مۇشۇ يەردە ئارام ئالدۇرۇلىدىكەن. بۇ راۋاققا «شامالسىز شىپاڭ» دەپ نام بېرىلىدىكەن، بىرقانچە راھىب مۇشۇ راۋاقتا دۇئا — تىلاۋەت قىلىدىكەن. ئالدى بىلەن بۇ ياغاچ شەھەر دېڭىزغا ھەيدەپ بېرىلىدىكەن. ئەگەر دېڭىزدا يەنە بوران كۆتۈرۈلگۈدەك بولسا، پادىشاھ بۇ « شەھەر » گە كىرىۋېلىپ، بوران ۋە دولقۇندىن پاناھلىنىدىكەن. ئۇ «شامالسىز شىپاڭ» دا ئولتۇرىدىغانلا بولسا

خۇشاللىقىدا دېڭىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىكەن، بوران چىقىپ قالغۇدەك بولسا پادىشاھ يەنە كېمىگە باشلاپ چىقىلىدىكەن.

جاڭ خۇەنىڭ بۇ ھىيلىسى ھەممەيلەنگە خوپ كېلىپتۇ ۋە بۇ ھىيلە بويىچە ئىش قىلماقچى بولۇشۇپتۇ.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپتۇ، ياغاچ شەھەر ياسىلىپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلۇپتۇ. بۇ شەھەر قىرغاقتىن ئاستا ـ ئاستا ئۇزاقلىشىپ، دېڭىزغا كېلىپتۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن شۈي ماۋگۇڭ پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ:

ــــ قۇللىرى پال ئېچىپ، قۇر كۆردى، پالدا شۇ نەرسە ئايان بولدىكى، يېقىنقى كۈنلەردە بوران يۆنىلىشى ئۆزگىرىپ، دېڭىز تىنچلانغۇدەك، دېڭىز سەپىرىنى داۋام ئەتسەك بولارمىكىن، ــــ دەپتۇ.

ــــ شۇنداق بولىدىغانلا بولسا سەپەرنى باشلاشقا قوشۇلىمەن، ــــ دەپتۇ تەيزۇڭ پەرمان چۈشۈرۈپ.

سەپەر باشلىنىپ ئۈچىنچى كۈنى دېڭىزدا يەنە بوران كۆتۈرۈلۈپتۇ. تەيزۇڭ يەنە قورققىنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە:

ــــ بۇ بوران ـ چاپقۇننىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى، بوران كۆتۈرۈلگىچە چاپسان قايتىپ كەتمىسەك بولمىغۇدەك! ــــ دەپتۇ.

شۈي ماۋگۇڭ مۇنداق دەپتۇ:

ــــ ئالىيلىرى، غەم قىلمىسىلا، ئالدىمىزدا بىر پارچە قۇرۇقلۇق بار، سىلەر ئەنە شۇ يەرگە لەڭگەر تاشلاپ بوراندىن پاناھلانسىلا بولۇۋېرىدۇ.

ۋېي چىڭگۇڭ تەقەززالىق بىلەن يىراقلارغا كۆز تىكىپتۇ ۋە تۇساتتىن ۋارقىراپ تاشلاپتۇ:

ــــ ئالىيلىرى، ئەنە قارىسىلا، ئۇياقتا بىر شەھەر بار ئىكەن، ئالىيلىرىنىڭ پاناھلىنىشىغا مۇۋاپىق كەلگۈدەكقۇ!

تەيزۇڭ سوراپتۇ:

ــــ قانداق شەھەر ئىكەن ئۇ، ماڭا قاراشلىقمىكەن ـ ئەمەسمىكەن؟

شۇي ماۋگوڭ جاۋاب بېرىپتۇ :
— ئالىيلىرى ، كەمىنىلىرى خەرىتىلەرنى كۆرۈپ چىقتىم ، بۇ بوران ـ چاپقۇندىن پاناھلىنىدىغان بىر شەھەر ئىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلۇغ تاڭ دۆلىتىمىزگە قارايدىكەن ، ئالىيلىرىنىڭ بوران ـ چاپقۇندىن پاناھلىنىشىغا مۇۋاپىق ئىكەن .
تەيزۇڭ بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپتۇ . ئەجدىھا سۈرەتلىك كېمە ۋە باشقا كېمىلەر ئۇ شەھەرگە ، يەنى ھېلىقى ياغاچ شەھەرگە يېغىلىشىپتۇ . تەيزۇڭ ۋە ئەلەمدار ، قەلەمدارلار قىرغاققا چىقىشىپتۇ . پۇقرالار پادىشاھنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپلا ، پادىشاھنى تىزلىنىپ تۇرۇپ قارشى ئاپتۇ . تەيزۇڭ سوراپتۇ :
— مەن ۋە ۋەزىرلىرىم قەيەردە ياخشىراق ئارام ئالالايمىز ؟
بۇ گەپنى ئاڭلىغان « ئاھالە » لەر پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنى ئۇدۇل شامالسىز شىپاڭغا باشلاپ كېلىپتۇ . تەيزۇڭ شامالسىز شىپاڭغا كېلىپلا بۇ يەرنىڭ بەكمۇ كۆركەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ . بىرقانچە قەدەم شېرىن مەي ئوتلىۋالغاندىن كېيىن دېڭىز ۋە بوران ـ چاپقۇن دېگەنلەرنى پاك ـ پاكىز ئۇنتۇپ كېتىپتۇ .
ئەمەلىيەتتە پادىشاھ « كۆز بوياش ھىيلىسى » بىلەن ئالدانغانىكەن .

## 3 . تويىنى بىكار قىلىۋېتىش

جوگې لياڭ ( 181 — 234 ) « شەھەرنى قۇرۇق قالدۇرۇش تەدبىرى » دە سېپىل راۋىقىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ساز چېلىپ ، ۋېي بەگلىكىنىڭ 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى قاچۇرۇۋەتكەن .
ئەمما ، جوگې لياڭ 26 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ يەنىلا بويتاق يۈرەتتى . بۇ ياشنى ئۆز زامانىسىدا توي قىلىش يېشىدىن ئېشىپ كەتكەن ياش دەپ ھېسابلىشاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك ، يەڭگىسى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ قېيىنى ئىنىسىغا ئوبدانراق بىر خوتۇن ئېلىپ

بىرىش كويىدا يۈرەتتى . يەڭگىسى قاتراپ يۈرۈپ بىرقانچە قىزنى سايە قىلغان بولسىمۇ ، جۇگىپ لياڭغا بۇلارنىڭ بىرىمۇ ياقمىدى . شۇ سەۋەبلىك ، يەڭگىسى قېيىن ئىنىسىغا بەزىدە ئاچچىق قىلىپمۇ قوياتتى .
جۇگىپ لياڭ يەڭگىسگە تەسەللى بېرىشكە تىرىشىپ :
— ئىنىڭىز باشقىلارنىڭ ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولالماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىدۇ ، — دەيتتى ، يەڭگىسىمۇ بوش كەلمەي :
— نىكاھ دېگەن تەڭرىنىڭ ئىلكىدىكى ئىش ، سىز ئات - ئېشەك سېپىتىۋالغاندەك تاللاپ - ئىلغاپ يۈرۈۋەرمەڭ ، — دەيتتى قېيىن ئىنىسىغا .
جۇگىپ لياڭ يەڭگىسىنىڭ ئۆزىنى پاتراق ئۆي - ئوچاقلىق قىلىپ قويۇشنى ، ئۇرۇق - ئەۋلادىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىنى ئويلاپلا شۇنداق قىلىۋاتقىنىنى بىلەتتى . شۇڭا ئۇ نائىلاج ئېيتتى يەڭگىسىگە :
— يەڭگە ، ماڭا يەنە بىرەر قىز تېپىپ بېرىڭ ، بىراق ھۆسن - جامالىنىڭ جايىدا بولۇشىنىلا مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋالماڭ — دېدى .
يەڭگىسىمۇ :
— كونىلاردا « يىگىت ھەممەتتىن ، قىز سالاپەتتىن » دېگەن گەپ بار ، سىز ئەنتايىن ئەقىللىق يىگىت ، جەزمەن چىرايلىق بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىشىڭىز لازىم ، بەتبەشىرە سەت خوتۇن ئېلىش سىزگە پەرزمىدىيا ؟ — دېدى جۇگىپ لياڭغا .
جۇگىپ لياڭ يەنە مۇنداق دېدى :
— بەتبەشىرە خوتۇن دېسىڭىز ، بىرەيلەننى ئويلاپ قالدىما؟
يەڭگىسى ئۇنىڭ كىمنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ سوراپ بېقىۋىدى ، جۇگىپ لياڭ جاۋاب بېرىپ :
— ئۇستازىم خۇاڭ چېڭيەننىڭ خۇاڭ جېڭيىڭ دەيدىغان بىر قىزى بار . ئۇنى ناھايىتى بىلىملىك ، سالاپەتلىك دەپ ئاڭلىدىم ... ، — دېيىۋىدى ، يەڭگىسى ئۇنىڭ سۆزىنى چورتلا ئۈزۈۋەتتى :
— خۇاڭ جېڭيىڭ ؟ ئۇنىڭ بەتبەشىرە دېگەن لەقىمى بار ئەمەسمۇ ، ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا سەتلىكتە نام چىقارغانىكەن .

تېرىسى خۇددى كۆمۈردەك قارا ئىكەن!

جۇگې لياڭ يەڭگىسىنىڭ سۆزىنى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئاڭلىدى ۋە ئۆز ــ ئۆزىگە دېدى:

ـــ قىزلار بالاغەتكە يەتكۈچە 18 مەرتە ئۆزگىرەرمىش، بەلكى... مەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ باققان، راستىنى ئېيتسام، ئىزدەپ يۈرگەن قىز بەلكى شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە! يەڭگە، ئۇنى بىر كۆرۈپ كەلسىڭىز كەن دەيمەن.

ئەمەلدە، خۇاڭ جېڭيىڭنىڭ چىراي تۇرقىدىن گۈزەللىكىنىڭ بىرەر بەلگىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ ئەقىللىق، تىرىشچان قىز ئىدى، ھەر كۈنى يىگىنە ئىشىدىن ئۆزگە كىتاب بىلەنلا ھەپىلىشەتتى. 24 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ قۇدا چۈشكۈچىلەر تېخى يوسۇغىدىن ئاتلاپ باقمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، دادىسى قاتمۇ قات ئەندىشە ئىچىدە قالغانىدى. قىزى بولسا بۇلاردىن ئەسلا بىخەۋەر ئىدى.

شۇ كۈنى جۇگې لياڭنىڭ يەڭگىسى تۇيۇقسىز خۇاڭ ئائىلىسىگە يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىنتايىن سەممىي قىياپەتتە خۇاڭ ئائىلىسىنىڭ گۈللۈكىدە ئېچىلغان ئەڭ چىرايلىق بىر گۈلنى تاماشا قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. خۇاڭ لاۋبو ئۇنى گۈللۈككە باشلاپ كىردى. بۇ چاغدا خۇاڭ جېڭيىڭ دېدىكى بىلەن گۈللۈكتە ئايلىنىپ يۈرەتتى. دېدەكنىڭ چىراي شەكلى خېلى يامان ئەمەس ئىدى. جۇگې لياڭنىڭ يەڭگىسى خۇاڭ جېڭيىڭ بىلەن ھېلىقى دېدەككە يىراقتىن كۆز تاشلىدى ۋە ئۇ دېدەكنى خۇاڭ جېڭيىڭ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى خۇاڭ لاۋبوغا ئوچۇقلا ئېيتتى. خۇاڭ جېڭيىڭ بولسا بۇككىدە ئۆسۈپ كەتكەن دەرەخلىكنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ گەپ ــ سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىۋالدى ۋە ئۈنلۈك قىلىپ:

ـــ قېيىن ئىنىڭىزنىڭ مېنى خوتۇنلۇققا ئېلىش نىيىتى بولسا، ئۇ بۇ يەرگە ئۆزى كەلسە بولىدۇ، ــ دەۋەتتى.

جۇگې لياڭنىڭ يەڭگىسى قايتىپ بېرىپلا قېيىن ئىنىسى بىلەن

جىدەللەشتى ۋە ئۇنى ئېلىپ لوگجوگدىن سەپەرگە ئاتلاندى. يولدا جوگى لياڭنىڭ بىر يېقىن دوستى ئۇچراپ قالدى. دوستى مېڭ گوگۋېي ئېشىنىڭ باش ـ ئاخىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئالدىراپ:

ــ بۇ قىز جىمىكى سەتلەرنىڭ سىپتى، ــ دېدى ۋە جوگى لياڭغا چىرايلىقراق بىر قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىشنى تەۋسىيە قىلدى.

ــ ئۇنداقتا، خۇاڭ جېگىينىڭنىڭ بىلىمى قانداقراق؟ ــ سورىدى جوگى لياڭ.

جوگى لياڭنىڭ ھېلىقى دوستى خۇاڭ جېگىينىڭ كەشتە تىكىش، رەسسىم سىزىش ماھارىتىنى ۋە مىجەز ـ خۇلقىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

ئۇلار خۇاڭ ئائىلىسىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويۇشىغىلا خۇاڭ جېگىباڭ چالغان سازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. جوگى لياڭ: «پاھ، پاھ، نېمىدېگەن موگلۇق مۇزىكا» دەۋەتكىنىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايلا قالدى ۋە خۇاڭ جېگىيىنگىنى كۆرۈش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. ئىمدۇ بىرى خۇاڭ جېگىينىگنى چاقىردى، ئەمما ئۇ خېلى ئۇزاقتىچە ئۆزىنى كۆرسەتمىدى. بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى دېدەك خۇاڭ جېگىيىنىڭ بىر شېئىرىنى ئاچىقىپ جوگى لياڭغا تاپشۇرۇپ بەردى.

جوگى لياڭ شېئىرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

كۆردۈم غوجامنى پەردە كەينىدىن،
قەلبى قانداق، ئۆزۈم بىخەۋەر.
پاناھ تاپساق خىلۋەتتىن ئەگەر،
شاھىت بولغاي بىزگە تۆت گۆھەر.

جوگى لياڭ بۇ شېئىرنىڭ مەنىسىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ قىزنىڭ كىتابخانىسىغا چاقىرتىلغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، ئۇ يەرگە باردى. دېمىسىمۇ، خۇاڭ جېگىيىڭ بىلەن دېدەك ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. خۇاڭ

جېڭيىڭ جۇگې لياڭدىن سورىدى:

— ئەقىل - پاراسەتتە ھەممىنى بېسىپ چۈشكۈدەك دانا يىگىت ئىكەنسىز، ئەمما، مۇشۇنچىلىك ياشقا كېلىپ قاپسىز، نېمىشقا ئۆي - ئوچاقلىق بولمىدىڭىز؟

جۇگې لياڭ قىزنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ:

— جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۆي - ئوچاقلىق بولماق ئاسان ئەمەس. پېقىر بەگلىكنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە غەم قىلىۋاتىمەن، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشنى ئويلاپ كۆرۈشكىمۇ چولام تەگمىدى، — دېدى ئىنتايىن مۇلايىم قىياپەتتە.

خۇاڭ جېڭيىڭ:

— گېپىڭىزنىڭ ئورانىدىن چوڭ مەقسەت ئۈچۈن بەل باغلىغان كىشى ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، — دېۋىدى، جۇگې لياڭ بۇ سۆزدىن تولىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلدى. ئۇ «ئۆزى مۇستەقىل ھالدا مۇنداق قىياسنى ئوتتۇرىغا قويالىغىنىغا قارىغاندا، خۇاڭ ئائىلىسىنىڭ قىزى جەزمەن مۇشۇ قىز بولۇشى مۇمكىن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ۋە ئۇلارغا قاراپ دېدى:

— ليۇ بېيىنىڭ پېقىرنى ئۆزىگە خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىشى مېنى ھالاكەتكە يۈزلەنگەن خەن جەمەتىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ياردەملەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

خۇاڭ جېڭيىڭ:

— قابىلىيىتىڭىز ئادەتتىن تاشقىرى يۇقىرى ئىكەن، داڭقىڭىزمۇ خېلى چوڭ، بىلىسىزكى، كىشىلەرنىڭ مايىللىقى — خەن بەگلىكىنى قايتا گۈللەندۈرمەكتۇر. ليۇ بېي قابىلىيەتلىكلەرنى بىلىدىكەن، كەپىڭىزگە ئاللىقاچان ئىككى قېتىم قەدەم تەشرىپ قىپتۇ، مېنىڭچە، ئۇ ئۈچىنچى قېتىم يەنە كېلىدۇ، — دېدى.

قىزنىڭ تەھلىلى جۇگې لياڭنىڭ ئويلىغانلىرى بىلەن بىر يەردىن چىقىپ قالدى. خۇاڭ جېڭيىڭ ئۇلاپلا مۇنداق دېدى:

— سىز ئەلنى ۋە پۇقرانى قۇتقۇلدۇرالايدىغان ئۇلۇغ ئىرادە ۋە يۈكسەك نىيەتنى ھازىرلاپ بولدىڭىز ، غەربىي جۇ سۇلالىسىدىكى جياڭ تەيگۇڭدىن ئۆرنەك ئېلىشىڭىز كېرەك ، يالتىراپ تۇرغان مەرۋايىت قارا تۇپراق ئاستىدا ئۇزۇن مۇددەت كۆمۈلۈپ ياتسا بولمايدۇ ئەمەسمۇ ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جۇگې لياڭ خۇاڭ جېڭيىڭغا رام بولۇپلا قالدى . ئۇ تاغدىن چۈشۈشكە ۋە خۇاڭ جېڭيىڭ بىلەن توي قىلىشقا نىيەت باغلىدى .

ئۇلار لۇڭجۇڭغا قايتىپ كەلدى ، جۇگې لياڭنىڭ يەڭگىسى ھېلىقى سەت قىزنىڭ خۇاڭ جېڭيىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپلا جۇگې لياڭنى «پىلانىڭنى ئۆزگەرت » دەپ قىستىغىلى تۇردى ۋە ئاخىرقى ئۇلتىماتۇمنى تاپشۇرۇپ :

— بۇ توي ئىشىنى بىكار قىلىۋەتمەيدىغان بولسىڭىز بىز يەنە يەڭگە - ئىنى دېيىشىپ يۈرمەيمىز ، توي ئىشىڭىز بىلەن ئەمدى قەتئىي كارىم يوق ! — دەۋەتتى .

جۇگې لياڭنىڭ نىكاھ توختامىنى ئۆزگەرتكۈسى كەلمىدى ، يەڭگىسىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋېرىشكىمۇ كۆڭلى ئۇنىمىدى ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىدا دەرھال بىر ھىيلە پەيدا بولدى ۋە قەلەم تەۋرىتىپ بىر پارچە خەت يېزىپ ، ئۆيىدە مېھمان بولۇۋاتقان مېڭ گوڭۋېيغا بېرىپ ئۇنىڭدىن بۇ خەتنى خۇاڭ جېڭيىڭغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈندى . مېڭ گوڭۋېي خەتنى ئېلىپ ئۇنىڭدا پەقەت بىر كۇپلېت شېئىرلا يېزىلغانلىقىنى كۆردى :

مەن ئۇچۇن رۇخسارىڭىز كەلمەيدۇ خوپ ،
كەپتىمەن دۇنياغا شور پېشانە بولۇپ ،
كەچۈرۈڭ ، ئەپۇ سورارمەن پىر كۈنى ،
ئەھدىمىزنىڭ گۈللىرى كەتسۇن توزۇپ .

جۇگې لياڭنىڭ يەڭگىسى بۇ خەتنى كۆردى - دە ، كۆڭلىنى

تىندۇردى.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى جۇگې لياڭ يەڭگىسىگە يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن توي بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

توي كۈنى، ئۇ گۈللۈك تەختىراۋان بىلەن يېڭى كېلىننى كۆچۈرۈپ كەلدى، كېلىننىڭ بېشىغا چۈمكەلگەن چوڭ قىزىل ياغلىق ئاخىرى ئېلىۋېتىلدى، كىشىلەر يېڭى كېلىننىڭ باشقا بىرى ئەمەس، خۇاڭ جېڭيىڭنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرۈشتى. بۇ ھالدىن گاڭگىراپ قالغان يەڭگىسى:

— نىكاھ ئەھدىنامىسىنى ئۆزگەرتكەنلىك توغرىسىدا خەت ئەۋەتىلگەن ئەمەسمىدى؟ — دەپ سوراپ قالدى. بۇ چاغدا جۇگې لياڭ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— توينى بىكار قىلىش خېتىگە يېزىلغان ھېلىقى شېئىر يادىڭىزدىمۇ؟ — دەپ سورىۋىدى، ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان مېڭ گۇڭۋېي دەرھال ۋارقىرىۋەتتى:

— دۇرۇس، بۇ شېئىر ھەر بىر مىسرانىڭ ئەڭ كەينىدىكى بىر خەتنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەنە چىقىرىلىدىغان تەتۈر مۇۋەششە ئەكەن ئەمەسمۇ، تۆت مىسرانىڭ ئاخىرقى خەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇساق «ئىرادەمدىن قايتمايمەن» دېگەن مەنە چىقامدۇ (خەنزۇچەسىدا شۇنداق — تەرجىماندىن).

جۇگې لياڭ ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە مۇھەببىتى ئاخىرى ئۇنىڭ يەڭگىسىنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى.

ئۇنداقتا، جۇگې لياڭ كىشىلەر ئادەتتىكىچە چۈشىنىپ كەلگەن تەدبىرنى بۇ يەردە قانداق قوللانغان؟ ئۇ باشقىلارنىڭ كۆزىچىلا بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ بۇ شېئىر ئارقىلىق بىر - بىرىگە تامامەن قارشى بولغان ئىككى خىل ئۇچۇر تارقاتقان. توي ئەھدىنامىسىنى

ئۆزگەرتىۋەتكەن، شۇنداقلا توي ئەھدىنامىسىدە چەك تۇرغان. پەقەت خۇاڭ جېڭگىڭلا ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ بۇ ئىككى خىل مەنىنى تولۇق چۈشەنگەن. ئۇلار سىرتلارغا چىقىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇچرىشىپ تۇرغان، باشقىلارنىڭ توسقۇنلۇقىدىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلۇپ، توي ئەھدىنامىسىنى بۇرۇنراق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرگەن. جۇگې لياڭنىڭ يەڭگىسى ۋە دوستلىرى ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىدى دەپ خۇشال بولۇپ يۈرۈۋەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، جۇگې لياڭ ۋە خۇاڭ جېڭگىڭنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن چەكلەنگەن توي ئىشى باشقىلارنىڭ كۆزىچىلا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

## 4. ئوقيا مەشق قىلىش

بۇ ھېكايە ئۈچ دۆلەت دەۋرىدە يۈز بەرگەن.

ئۆز ۋاقتىدا كۇڭ رۇڭ ( 153 — 208 ) ساقلاپ تۇرغان شەھەر دۈشمەنلەرنىڭ مۇھاسىرىسىدە قاپتۇ. كۇڭ رۇڭ قانداق قىلىپ ئادەم چىقىرىپ خەۋەر يەتكۈزۈپ ياردەمگە قوشۇن باشلاپ كېلىش توغرۇلۇق كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا تەي شىسى دېيدىغان بىر ئادەم بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپتۇ. ئەتىسى تەي شىسى ئات مىنگەن يېتى ئۈچ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ سىپىل دەرۋازىسىدىن چىقىپتۇ. دەرۋازىدىن ئوق يېتىم يىراقلىقتا چېدىر ـ بارگاھ قۇرۇپ ياتقان دۈشمەن بۇ ئەھۋالدىن سەل غەيرىيلىك ھېس قىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى نازارەت ئاستىغا ئاپتۇ. تەي شىسى ئاتتىن چۈشۈپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بىر نىشان قاداپتۇ، ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىللە ئوق ئېتىپ مەشق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئوقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېتىپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇلار يەنە شەھەرگە قايتىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ئۇلار ئوق ئېتىپ مەشق قىلىشنى ئوخشاشلا داۋاملاشتۇرۇپتۇ. دۈشمەن بارگاھىدىكى بەزى لەشكەرلەر ئولتۇرۇۋېلىپ ئۇلارنىڭ مەشقىنى تاماشا قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بەزىلىرى يېنى ياتقانچە ئۆز ئارامى بىلەن مەشغۇل بولۇشۇپتۇ ۋە ئۇلارغا كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ

قويمايدىغان بوپتۇ. ئۇچىنچى كۈنى ئىشلار يەنە ئۆز پولى بىلەن داۋاملىشىۋېرىپتۇ. دۈشمەن لەشكەرلىرىمۇ بۇنداق مەشقنىڭ ھېچقانداق گۇمانلىنىدىغان يېرى يوقلۇقىنى ھېس قىلىشىپتۇ. تۆتىنچى كۈنى تەي شىسى ئوقيا مەشق قىلىۋېتىپ كۈتۈلمىگەندە ئۇزەنگىگە ئاياغ قويۇپتۇ ـ دە، يادىن ئايرىلغان ساداقتەك ئۇچۇپ بېرىپ دۈشمەن بارگاھىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپتۇ ۋە لەشكەر يۆتكەپ كەلگىلى راۋان بوپتۇ، دۈشمەنلەر ئېسىگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا تەي شىسى تاغلار ئارىسىدا غايىب بولۇۋاتقانىكەن.

## 5. خې رۇبىنىڭ لەشكەر يۆتكىشى

مىلادى 589 ـ يىلى، سۈي سۇلالىسى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى چېن بەگلىكىگە چوڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغاشقا ھازىرلىق كۆرۈپتۇ. جەڭدىن بۇرۇن، سۈي سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى خې رۇبى دەريا بويىدىكى لەشكەرلىرىنى ئۈچ قېتىم يىغىپ، ئۈچ قېتىم يۆتكەپتۇ. چېن بەگلىكىنىڭ سەردارلىرى قارشى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى تۇنجى قېتىم ئۇيان ـ بۇيان يۆتكىلىپ يۈرگەندە، ئۇلار راستىن ھۇجۇم باشلايدىغان ئوخشايدۇ دەپ قىياس قىلىشىپتۇ ۋە ئۆز قوشۇنىنى يۈكسەك ئۇرۇش ھالىتىگە كەلتۈرۈپتۇ. ئۈچىنچى قېتىمغا بارغاندا چېن بەگلىكىنىڭ ھوشيارلىقى تامامەن يوقىلىپتۇ. بۇ ھال سۈي سۇلالىسى لەشكەرلىرىگە دۈشمەن ھېچقانداق تەييارلىقسىز تۇرغان پەيتتە چېن بەگلىكىگە شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغاپ، ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قازىنىشقا ئىمكان يارىتىپ بېرىپتۇ.

## 6. بۇ تەدبىرنىڭ ھالقىلىق يېرى

« ئۆيدە ئولتۇرۇپ، دېڭىزدىن ئۆتۈش » دېگەن ھېكايىدە پادىشاھ ئالدانغان، ئۇ ئۆزىنى ئۆيگە كىرىپ كەلدىم دەپ ھېسابلىغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۆيگە ئەمەس، بەلكى بىر چوڭ كېمىگە چىققان. « سېپىل

دەرۋازىسى ئالدىدا ئوقيا ئۈگىنىش » دېگەن ھېكايىدە دۈشمەن لەشكەر-لىرى كۆرۈنۈشتە ھېچقانداق « يامان نىيىتى » بولمىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئالدانغان . ئەمەلدە سېپىل دەرۋازىسى ئالدىدا ئوقيا ئۈگىنىشتىن مەقسەت ، پۇرسەت تېپىپ قېچىپ چىقىپ ياردەم تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى .

ئەگەر بىرىنچى تەدبىرنىڭ رېڭگىچارەڭ تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن كىيىمنى سالدۇرۇپ تاشلايدىغان بولساق ، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ھەقىقىي مە-نىسى ناھايىتى ئايدىڭلىشىدۇ : يەنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى ، يوللىرىنى ۋە يۆنىلىشىنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت .

جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا دۆلەت ئىچى ۋە تېشىدىكى سىياسىي ۋەقەلەرنى بۇ تەدبىرنىڭ نۇقتىئىنەزەرى بىلەن كۆزەتكەنلىك ۋە مۇئامىلە قىلغانلىق مىساللىرى ئاز ئەمەس .

## ئىككىنچى تەدبىر

# ۋېيى بەگلىكىنى قورشىۋېلىپ ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش

يادرولۇق مەزمۇنى : دۈشمەننىڭ مۇداپىئە ھازىرلىقى بولمىغان ئاجىز يېرىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننى ۋاستىلىك ھالدا تارتىپ كېلىش ، ئاخىرىدا ئەڭ ئاخىرقى مەقسەتكە يېتىش . بۇ تەدبىرنىڭ يەنە بىر نامى : مۇستەھكەم يېرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، ئاجىز يېرىگە ھۇجۇم قىلىش ھىيلىسى ، ئاجىز تەرىپىگە ھۇجۇم قىلىش ھىيلىسى .

## 1. ئاجىز يېرىنى بۇسۇپ تاشلاش

ئىككىنچى تەدبىرنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇ ھېكايە تارىختىكى بىر قېتىملىق جەڭ بىلەن ئالاقىدار. ئۇ جۇڭگونىڭ مەشھۇر تارىخشۇناسى سىما چيەننىڭ «تارىخنامە» سىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ جۇڭگونىڭ 24 تارىخى ئىچىدىكى بىرىنچى تارىخ كىتابى.

بۇ ھېكايە بىزنى جۇڭگونىڭ ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا جۇڭگو نۇرغۇن ئۇششاق بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئۆزئارا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تالىشاتتى، تىغمۇ تىغ تۇرۇپ ئۇرۇش قىلاتتى. جەڭگى ـ جېدەللەر ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇراتتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 354 ـ يىلى، ۋېي بەگلىكى جاۋ بەگلىكىگە قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، جاۋ بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولغان خەندەن (بۈگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ خەندەن شەھىرى) نى قورشىۋالغان. جاۋ بەگلىكى چى بەگلىكى (بۈگۈنكى سەندۇڭ ئۆلكىسىدە) دىن ياردەم تەلەپ قىلغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 353 ـ يىلى چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى 80 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەشكىل قىلىپ، تيەن جىنى باش سەردارلىققا، سۈن بىڭنى سەردارلىققا تەيىنلەپ جاۋ بەگلىكىنى قۇتقۇزۇشقا بۇيرۇغان. ئەمما، قوشۇن قايسى تەرەپكە ھۇجۇم قوزغىشى كېرەك؟ تيەن جى قوشۇن باشلاپ ئۇدۇل جاۋ بەگلىكىگە بېرىپ، ۋېي بەگلىكىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىش نىيىتىگە كەلگەن. بۇ تەدبىر سۈن بىڭنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئاغامچىنىڭ تۈگۈنىنى يەشمەكچى بولساق، ئۇنىڭغا زورلۇق كۈچى ئىشلەتكەن بىلەن بولمايدۇ. تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئارىلىشىپ قېلىشقا بولمايدۇ. قاتمۇ قات مۇھاسىرىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دۈشمەننىڭ توپلىشىپ تۇرغان يېرىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، ئۇنىڭ

مۇداپىئەسى ئاجىز بولغان يېرىگە ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك ، ۋېي بەگلە-كىنىڭ ئەڭ خىللانغان لەشكەرلىرى جاۋ بەگلىكىنى قورشاشقا كەتتى . بەگلىك ئىچىدىكى مۇداپىئەچى قوشۇنىڭ تايىنى يوق . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ۋېي بەگلىكىنىڭ پايتەختى داليالڭ ( بۇگۈنكى خېنەننىڭ كەيفېڭ شەھىرى ) شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشىمىز كېرەك . بۇنداقتا ، ۋېي قوشۇن-لىرى خەندەنگە بولغان مۇھاسىرىنى بوشىتىپ ، ئۆز دۆلىتىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دەرھال قايتىپ كېلىدۇ .»

تيەن جى سۇن بىڭنىڭ تەكلىپىگە بويسۇنغان . شۇنىڭ بىلەن چى بەگلىكى قوشۇنىنىڭ ۋېي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرى شۇ ھامان تارقىلىپ كەتكەن . ۋېي قوشۇنى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كې-يىن جاۋ بەگلىكىدىكى قوشۇننى ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە چېكىندۈرۈپ ۋېي بەگلىكىگە قايتىپ كەتكەن . چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنىمۇ ۋېي بەگلە-كىدىن چېكىنىپ چىقىپ ، ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ ئۆتىدىغان يېرى بولغان گۇيلىڭ ( بۈگۈنكى سەندۇڭدىكى خېزى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ) ئەتراپلىرىدا بۆكتۈرمە قۇرۇپ ، ئۇرۇش ھازىرلىقىنى قىلىپ كۈتۈپ ياتقان ۋە ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ۋېي قوشۇنىغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان .

بۇ تارىخىي ۋەقە بۇنىڭدىن 2000 يىل بۇرۇن خاتىرىگە ئېلىنغان . « ۋېي بەگلىكىنى قورشۇۋېلىپ ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇ-رۇش » دېگەن بۇ تەدبىرنامىنى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لو گۇەنجۇڭ يازغان « ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە » دېگەن كىتابتا ئۇچراي-دۇ . بۇ تەدبىرنى ئويلاپ تاپقان سۇن بىڭ سۇن ۋۇنىڭ ئەۋلادىدۇر . سۇن ۋۇ بولسا كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن «سۇن زىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار مىزانى » نىڭ ئاپتورى .

## 2 . « زو چيۇمىڭ تەپسىرى » دىكى ئىككى ھېكايە

« زو چيۇمىڭ تەپسىرى » ـــ جۇڭگونىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخىي

١ ئاند

كىتابى. مىلادىدىن بۇرۇنقى كۆكزىچىلىق دەۋرىد
ئىككىنچى تەدبىر قوللىنىلغانلىق توغرىسىدا خاتىرە ف

مىلادىدىن بۇرۇنقى 623 ـ يىلى چۇ بەگلىكىنىڭ قوش
بەگلىكى (بۇگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىدە) نى قورشىۋالغان. جىن بەگ
جياڭ بەگلىكىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتىپ چۇ بەگلىكىگە
ھۇجۇم قىلغان ۋە جياڭ بەگلىكى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىنغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 632 ـ يىلى، چۇ قوشۇنلىرى سۇڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن سۇڭ بەگلىكى جىن بەگلىكىدىن ياردەم سورىغان. جىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى 19 يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرگەندە چۇ پادىشاھىنىڭ شەپقىتىگە ئېرىشكەنىدى. شۇڭا ئۇ چۇ قوشۇنلىرى بىلەن بىۋاسىتە قارشىلىشالمايتتى. بۇ چاغدا جىن پادىشاھىنىڭ مۇشاۋىرى جىن قوشۇنلىرىنىڭ ساۋ بەگلىكى ۋە ۋېي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلسا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر ھىيلە ئويلاپ تاپقان. چۈنكى، ئۇلار ئاللىقاچان چۇ بەگلىكى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جىن پادىشاھى سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن كۈنلەردە ئۇنىڭغا دوستانە مۇئامىلە قىلمىغانىدى. بۇنداق بولغاندا، چۇ بەگلىكى سۇڭ بەگلىكىدىن قوشۇن چېكىندۇرۇپ، ساۋ بەگلىكى بىلەن ۋېي بەگلىكىگە ياردەم بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئاخىرىدا جىن پادىشاھى مۇشاۋىرىنىڭ ئويلاپ تاپقان ھىيلىسى بويىچە ئىش كۆرگەن ۋە نەتىجە مۆلچەردىكىدەك بولۇپ چىققان.

## 3. تەيپىڭ تيەنگونىڭ ۋە لىيۇ بوچېڭ، دېڭ شياۋپىڭ ئارمىيىسىنىڭ دابيېشەن تېغىغا كىرىشى

جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدا ئىككىنچى تەدبىرنىڭ قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا ئەمەلىي مىساللار خېلى كۆپ. 1860 ـ يىلى تەيپىڭ تيەنگو ئارمىيىسى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ نەنجىڭدىكى مۇھاسىرىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇزۇش ئۈچۈن خاڭجۇ شەھىرىگە ھۇجۇم

قىلىنغانىدى .

1947 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ، جياڭ جيېشى كومپارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي تايانچ بازىسىغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغىدى . ئەمما ، ليۇ بوچېڭ ، دېڭ شياۋپىڭ قوشۇننى باشلاپ ناھايىتى تېزلىكتە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ، تايانچ بازىدىن 1000 چاقىرىم يىراقلىقتىكى يېتىپ بازدى ۋە جياڭ جيېشى ھۆكۈمرانلىقىدىكى مەركىزىي رايوننىڭ چېتىگە جايلاشقان دابيېشەن تاغلىق رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىردى . شۇنداق قىلىپ گومىنداڭنىڭ ئارقا سېپى ليۇ بوچېڭ ، دېڭ شياۋپىڭ ئارمىيىسىنىڭ بىۋاسىتە تەھلىكىسىگە ئۇچرىدى . جياڭ جيېشىنىڭ قىزىل ئارمىيىنىڭ ئېھتىمال بولغان ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈشىگە توغرا كەلدى . ئاقىۋەتتە ، ئىنقىلابىي تايانچ بازىلارغا ھۇجۇم قوزغاش ئىشى بىر چەتكە تاشلىنىپ قالدى . شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولدى .

### 4 . بۈگۈنكى تەيۋەنلىك ئەرباپلارنىڭ تەھلىلى

1986 ـ يىلى تەيبېي شەھىرىدە نەشر قىلىنغان « 36 تەدبىرنىڭ مەخپىي نۇسخىسىنىڭ شەرھى » دېگەن كىتابتا ئىككىنچى تەدبىر ئۈستىدە توختالغاندا بۇ تەدبىرنىڭ ھازىرقى زاماندىكى قوللىنىلىشى ھەققىدە مىسال كەلتۈرۈلگەن .

جۇڭگونىڭ 1979 ـ يىلى ۋيېتنامغا قارىتا ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىشتىن مەقسەت « ۋيېي پەگلىكىنى قورشاۋغا ئېلىپ ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتقۇزۇش » دىن ئىبارەت بولۇپ، يەنى ۋيېتنامغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ۋيېتنام ئارمىيىسىنى كامبودژادىن چېكىندۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئارقا سېپىنى قوغداشقا مەجبۇر قىلىش مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت ئىدى . ئەمما ، جۇڭگونىڭ ۋيېتنامغا بولغان تەھلىكىسى بەك كىچىك بولۇپ قالغانلىقتىن ، بۇ مەقسەت ئىشقا ئاشماي قالدى . ئەسلىدە جۇڭگو ئارمىيىسى خانوي

شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋېلىشى كېرەك ئىدى . شۇنداق بولغاندىلا ئان-
دىن ئىككىنچى تەدبىر ئۆز رولىنى كۆرسىتەلەيتتى .

ئىككىنچى تەدبىرنىڭ قوللىنىلىش دائىرىسى زادى قانچىلىك ؟
تەيىبپىدە نەشر قىلىنغان بۇ ھىيلە كىتابى جاۋاب تەرىقىسىدە مۇنداق ئۈچ
مىسالنى كۆرسەتكەن . ئاپتورنىڭ قارىشىچە ، بۇ تىنچ دۇنياغا كونسايىن
تېررورلۇق ئەكېلىۋاتقان ئايروپىلان بۇلاش ۋەقەلىرى ، ئىرانىنىڭ شۇ
يەردە خىزمەت قىلىۋاتقان ئامېرىكىلىقلارنى تېھراندا گۆرۈ ئورنىدا تۇتۇپ
قېلىشى ۋە بۇ ئارقىلىق دۇنياۋى كۈچلۈك دۆلەت بولغان ئامېرىكىنى ئەخ-
مەق قىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بۇ ھىيلىنىڭ رولىنىڭ جارى
قىلدۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن . سوۋېت ئارمىيىسى ئافغانىستانغا
ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئاشلىق
يۆتكەشنى مەنئى قىلىشىمۇ بۇ ھىيلىنىڭ يەنە بىر خىل قوللىنىلىشى
ئىكەن .

ئورىيانىڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن قايغۇردى، ئېرى ئۈچۈن قارىلىق تۇتتى، ئۇ ئازابتىن قۇتۇلۇپ تۇرۇشىغىلا داۋۇت ئادەم بۇيرۇپ، ئۇنى ئوردىغا ئەكىردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ داۋۇتنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالدى، كېيىنچە ئۇنىڭغا يەنە بىر ئوغۇلمۇ تۇغۇپ بەردى.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، «ئىنجىل» نىڭ بۇ بابىدا ئاللا داۋۇتنىڭ بۇ ھىيلىنى قوللانغانلىقىغا قارشى تۇرغان: «ئاللا تولىمۇ خاپا بولغان». ئۇ بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ داۋۇتنى ئەيىبلىگەن ۋە: «نېمىدەپ بۇ نەپرەتلىك ئىشنى قىلىسەن، سەن يامانلىقلارنىڭ قولىدىن پايدىلىنىپ ئورىيانى ئۆلتۈردۈڭ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋالدىڭ» دېگەن. ئارقىدىنلا پەيغەمبەر داۋۇتقا ئاللانىڭ ئۇنى جازالىشىنىڭ سەۋەبىنى ۋە ئۇسۇلىنى ئېيتىپ بەرگەن: «... سېنىڭ بۇ قىلمىقىڭ تۈپەيلى ئاللانىڭ دۈشمەنلىرى ئاللاغا بىھۆرمەتلىك قىلىشنىڭ سەۋەبىگە ئىگە بولۇۋالدى. شۇڭا باشىبا ساڭا تۇغۇپ بەرگەن بۇ ئوغۇل ئۆلۈپ كەتمەي قالمايدۇ!» كېيىنكى كۈنلەردە بۇ گەپ راستىنلا ئىسپاتلاندى.

ئاللا بۇ يەردە ئەيىبكار ھىيلە ئىشلەتكۈچىنى جازالىغان. بۇ ئىدىيە جۇڭگودىكى ئەدەبىيات ساھەسىگە ناتونۇش بولسا كېرەك. ئەمما جۇڭگونىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدە ھېلىقىدەك ھىيلە ئىشلەتكۈچى يامان ئادەملەر ھامان ئېچىنىشلىق يامان ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ. كېيىنكىلەرمۇ شۇنداق ئادەملەرگە قارىتا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. بۇ بىر نۇقتا نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋە پەدىئىي ئەسەرلەردە ئىسپاتلىنىدۇ.

## 2. ئىككى شاپتۇل بىلەن ئۈچ باتۇرنى ئۆلتۈرۈش

ئەمىنلىك دەۋرىدە، چى جىڭگۇڭنىڭ قول ئاستىدا گۇڭ سۈنجيې، تيەن كەيجياڭ، گۇ يېزى دەيدىغان ئۈچ باتۇرى بار ئىكەن. باتۇرلۇقتا ئۇلارغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىكەن، كۈچتۈڭگۈرلۈكتە ئۇلار تەڭداشسىز

ئىكەن، ھەتتا ئۇلار ۋەھشىي يولۋاسنى قۇرۇق قول بىلەنلا بويسۇندۇرالايدىكەن.

بىر كۈنى، چى بەگلىكىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بۇ ئۈچ باتۇر بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ، بىراق باتۇرلارنىڭ ھېچبىرى ئولتۇرغان ئورنىدىن قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرمەپتۇ. بۇ ھۆرمەتسىزلىك ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چى جىڭگۇڭنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ دۆلەتكە زىيانلىق بولغان بۇنداق قىلمىشنى ئۇنىڭغا دوكلات قىپتۇ ۋە:

— بۇ ئۈچ ئادەم باتۇر بولسىمۇ ئەمما ئەدەپنى ئۇقمايدىكەن، ھېچكىمنىمۇ كۆزگە ئىلمايدىكەن، دۆلەت ئۇلارغا موھتاج بولۇپ قالغاندا ئۇلارنىڭ ئىچكى جەھەتتە توپىلاڭنى تىنچىتىش، تاشقى جەھەتتە دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ جەڭ قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولامدۇ؟ شۇڭا ئۇلارنى بۇرۇنراق كۆزدىن يوقاتقىنىمىز ياخشى! — دەپتۇ

چى جىڭگۇڭ بىر ئۇھ تارتىپتۇ ۋە چىرايى ئۆزگەرگەن ھالدا:

— ئۇ ئۈچەيلەن بولسا ئۇرۇش قەھرىمانلىرىدۇر. ئۇلارنى بويسۇندۇرۇش ياكى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئانچە ئاسان ئەمەس. سىزنىڭچە بۇنى قانداق قىلساق بولار؟ — دەپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مۇنداق بولسۇن، بىز بۇ ئۈچەيلەنگە ئىككى دانە شاپتۇل بېرەيلى ۋە بۇ شاپتۇلنى تۆھپىسىگە قاراپ تەقسىم قىلىش شەرتىنى قويايلى، كىمنىڭ ھۈنىرى چوڭ بولسا شۇ بىر شاپتۇلنى يېسۇن، — دەپ ئەقىل كۆرسىتىپتۇ.

چى جىڭگۇڭ بۇ ھىيلىگە قوشۇلۇپتۇ ـ دە، شۇ بويىچە ئىش كۆرۈپتۇ. ئەھۋال خۇددى ئويلىغاندەك بولۇپ چىقىپتۇ. ئۈچ باتۇرنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز تۆھپىسىنى ماختىشىپ، ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتكىلى تۇرۇپتۇ. گۇڭ سۇنجيې ئالدى بىلەن سۆز ئېلىپ:

— بىر قېتىم مەن بىر ياۋا توڭگۇزنى قۇرۇق قولۇم بىلەنلا

بويسۇندۇردۇم؛ يەنە بىر قېتىم مەن بىگسىمغا تايىنىپ بىر يولۋاسنى تۇتۇۋالدىم، شۇڭا شاپتۇلنىڭ بىرىنى مەن يېيىشىم كېرەك، — دەپتۇ، بىر شاپتۇلنى كاپلا قىلىپ ئېلىۋاپتۇ. ئاندىن كېيىن تيەن كەيجياڭ سۆز باشلاپتۇ:

— مەن ئىككى قېتىم ئۇزۇن نەيزەمنى كۆتۈرۈۋېلىپ بىر تالاي دۈشمەننى سۈرۈپ-توقاي قىلىۋەتكەنىدىم، ئۇ چاغدا تامامەن ئۆز بىگسىمغا تايانغان، شۇڭا شاپتۇلنىڭ بىرى جەزمەن مېنىڭ بولۇشى كېرەك، — دەپ بىر شاپتۇلنى ئېلىۋاپتۇ. ئۆزگە شاپتۇل قالمىغانلىقىنى كۆرگەن گۇ يېزى غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ:

— بىر قېتىم مەن غوجامغا ئەگىشىپ خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمدا يوغان بىر تاشپاقا هارۋامغا قېتىلغان يان ئېتىمنى سۆرىگەن پېتى دەريا قايىنىمىغا ئەكىرىپ كەتتى. مەن سۇغا شۇڭغۇدۇم-دە، دەريا تەكتىدە ئېقىمغا قارشى 100 قەدەم، ئېقىن بويلاپ توققۇز چاقىرىم يەرگىچە ئۈزۈپ بېرىپ هېلىقى يوغان تاشپاقىنى تېپىۋالدىم، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ئېتىمنى قۇتۇلدۇردۇم. چەپ قولۇم بىلەن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولۇم بىلەن تاشپاقىنىڭ بويىنىنى بوغۇپ سۇ يۈزىگە سەكرەپ چىقىپ كەلگىنىمدە كىشىلەر مېنى دەريا ئىلاهى ئىكەن دەپ قېلىشتى. بۇنداق بىگسىم بولغانلىقى ئۈچۈن شاپتۇلنىڭ بىرى نېمىلا دېگەنبىلەن ماڭا تەئەللۇق، سىلەرنىڭ بىزەرىڭلار شاپتۇلۇڭلارنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بەرمەسلىكىڭلار مۇمكىنمۇ؟ — دەپتۇ-دە، خەنجىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

ئۆز هەمراهىنىڭ غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن گۇڭ سۇنجيې بىلەن تيەن كەيجياڭ ئىزادىن ئۆلەي دەپ قاپتۇ ۋە:

— بىزنىڭ باتۇرلۇقىمىز سېنىڭكىگە تەڭ كېلەلمەيدىكەن، بىگسىمىزمۇ سېنىڭ بىگسىڭغا تەڭلەشتۈرگىلى بولمايدىكەن. شاپتۇللارنىڭ هەممىسىنى ئېلىۋالغانلىقىمىز ئاچكۆز-نەپسانىيەتچى ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇپتۇ. بىز بۇگۈن ئۆلۈم ئارقىلىق ئاچكۆزلۈكىمىز

سەۋەبلىك قىلغان پۇشايمىنىمىزنى بىلدۈرمىسەك ، بىز توخۇ يۈرەك بولۇپ قالىمىز ، — دەپتۇ ۋەشەمشەرلىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ ئۆز - ئۆزىنى هالاك قىپتۇ .

يەردە ياتقان ئىككى جەسەتنى كۆرگەن گۈيتېزنىڭ ۋىجدانى قاتتىق ئازابلىنىپتۇ . ئۇ ئۆز - ئۆزىگە : « ئىككى ھەمراھىم ئۆلۈپ كەتتى . ئەمدى يەقەت مېنىڭلا ھايات قېلىشىم رەھىم - شەپقەت جۇملىسىدىن ئەمەس ، باشقىلارنى گەپ - سۆز بىلەن ئىزا تارتقۇزۇپ ، ئۆز - ئۆزىنى ماختاپ ئۇچۇرۇش ئادالەت سانالمايدۇ ، ئۆز قىلمىشىمدىن يىرگىنىپ تۇرۇپمۇ ئۆلۈۋالماسلىق باتۇرلۇق ھېسابلانمايدۇ . ئەگەر ئۇلار بىر شاپتۇلنى تەڭ بۆلۈپ يېگەن بولسا ئۆز بىگىسىغا لايىق نېسىۋە ئالغان بولار ئىدى . مەنمۇ ماڭا تېگىشلىك بولغان بىر شاپتۇلغا ئېرىشەر ئىدىم » دەپتۇ .

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا شاپتۇلنى چۆرۈۋېتىپتۇ ۋە ئۆزىنى ھالاك قىپتۇ . ئەلچى چى جىڭگۇڭغا : « ئۇلار ئۆلۈپ تۈگىدى » دەپ مەلۇمات بېرىپتۇ .

كېيىنكىلەر مۇنداق دەپ نەزمە توقۇغان :

گەر چىقار بولساڭ ئاشۇ چى بارگاھىدىن ،
كۆزىتىپ ئۆتسەڭ خىيابان باغرىنى :
تۇرىدۇ ئۇندا بىرىگە ئوخشىشىپ ،
كۆرىسەن ئۈچلا گۆرىستان - قەبرىنى .
سورىساڭ كىملەر بۇ دەپ ياتقان تىنچ ،
شەرىپى - نامى تيەنجياڭ ، يېزىدۇ ر .
ئەقلىدىن ھەيرانەدۇر ئاسمان - زېمىن ،
كۈچ دېسە تاغنى دېڭىزغا ئىرغىتۇر .
بولدى يەم مەردلەر مالامەت ئوقىغا ،
ئىككى شاپتۇل ئالدى ئۈچ جاننى ئەسىر .

قايسىدۇر بۇنداق مىكىرنى ئويلىغان ،
كىم دېسەڭ قاتىل ئىرۇر ئوڭ قول ۋەزىر .

بۇ شېئىرنى ئاتاقلىق تەدبىر ، ھىيلە ـ مىكىر ئۇستازى بولمىش جوگى لياڭ يازغان . ئۇ ئۈچ باتۇرنى مەدھىيىلەپلا قالماي ، باشقىلارنىڭ قولى بىلەن باشقىلارنى بابلىغان ۋەزىرنىمۇ قاغىغان . ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ گەرچە ئۈچ باتۇرنى بىۋاسىتە ئۆلتۈرەلىگۈدەك جاسارىتى بولمىسىمۇ ، ئۇ قەھرىمان شەخسلەرنىڭ ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان ، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىنى قوغداشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان ، شان ـ شەرىپىنى ۋە غۇرۇرىنى قوغدايدىغان ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۈچ ـ ئاداۋەتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان . ئاخىرىدا باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن .

## 3 . ئۇرماندىكى گىگانت ئادەملەر

... كىچىك تىككۈچى توختىماي مېڭىۋېرىپتۇ ، مېڭىۋېرىپتۇ ، ئاخىرى بىر كاتتا قەسىرگە كېلىپ قاپتۇ . بۇ چاغدا كىچىك تىككۈچى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىكەن . ئۇ بىر چىملىققا كېلىپ ئوگدىسىغا ياتقان پېتى ئۇخلاپ كېتىپتۇ .

ئۇ ئۇخلاۋاتقاندا بىرقانچە كىشى بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ ۋە ئۇنى ئۇيان ـ بۇيان كۆزىتىۋېتىپ ، بەلبېغىدىكى « مەن بىراقلا يەتتىنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم » دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ قاپتۇ . لېكىن ئۇلار كىچىك تىككۈچى ئۆلتۈرگەن يەتتە جانىنىڭ ئادەم ئەمەس بەلكى يەتتە چىۋىن ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن ؟ ئەسلىدە كىچىك تىككۈچى بولكا ئۈستىگە قونۇۋالغان يەتتە چىۋىننى بىر پالاق بىلەنلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانىكەن . ئۇلار بۇ خەتنى كۆرۈپلا چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ :

ـــ پاھ ، بۇ تەگداشسىز ئۇرۇش قەھرىمانى بۇ يەردە ئۇخلاۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ ، ئۇ چوقۇم قالتىس ئادەم بولسا كېرەك !

ئۇلار پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىپتۇ ۋە

ئۇرۇش پارتلاپلا قالسا ئۇ جەزمەن مۇھىم، قالتىس رول ئوينايدىغان شەخس ئىكەن، ئۇنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن بۇ يەردە ئېلىپ قېلىشىمىز كېرەك، دېيىشىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرۈپتۇ، كەچىك تىككۈچىنى دۆلەتكە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ قاپتۇ.

لەشكەرلەرمۇ كىچىك تىككۈچىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قاپتۇ. ئەمما، ئۇلار كىچىك تىككۈچىنى پەقەت ياخشى كۆرۈشمەيدىكەن، ئۇنى يىراق - يىراقلارغا قوغلىۋەتكۈسى كېلىدىكەن. بىراق بۇ ئىشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك؟ ئۇلار مۇلاھىزە قىلىشىپ:

— ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن تاكاللىشىپ قالغۇدەك بولساق، قولىنى بىرلا مىدىرلاتسا يەتتىمىزنى بىراقلا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئۇ چاغدا بىزگە ياخشى كۈن يوق، — دېيىشىپتۇ، تالىشا - تالىشا، ئاخىرىدا مەسلىھەتنى پىششۇرۇپتۇ - دە، پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، « بىز ئىشلىيەلمەيمىز، بىراقلا يەتتە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بىر كىشى بىلەن قانداقمۇ بىللە ئىشلىگىلى بولسۇن » دېيىشىپ، كوللېكتىپ ھالدا ئىستىپا سوراپتۇ.

پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئازابلىنىپتۇ، ئۇنىڭ بىرلا ئادەمنى دەپ بىر مۇنچە سادىق ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغۇسى كەلمەپتۇ. كەچىك تىككۈچىدىنمۇ جاق تويۇپتۇ. ئەمما پادىشاھنىڭ ئۇنى ھېچ سەۋەبسىزلا ھەيدىۋېتىشكە كۆزى يەتمەپتۇ، ئۇ كىچىك تىككۈچىنىڭ ئۆزىنى ۋە ئۆز ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇۋېلىشىدىن قورقىدىكەن. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى بىر چارە ئويلاپ تېپىپتۇ - دە، ئادەم ئەۋەتىپ كىچىك تىككۈچىگە دەپتۇ:

— سىز بەكلا قالتىس قەھرىمان بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن مۇنداق بىر تەكلىپ بەرمەكچىمەن، بۇ ئەلنىڭ ئورمانلىقىدا ئىككى بەرزو ئادەم ياشايدۇ، ئۇلار كۆرگەنلا يەرگە ئوت قويىدۇ، ئادەم ئۆلتۈردى، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، بار ئەسكىلىكلەرنىڭ ھەممىنى قىلدى. ھېچكىممۇ ئۇلارنى توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئۇلار بىزگە تېخىمۇ چوڭ خەتەرلەرنى ئەكەلمەي قالمايدۇ، مۇبادا سىز ئاشۇ ئىككى بەرزو ئادەمنى بويسۇندۇرۇپ

ئۆلتۈرۈۋېتەلىسىڭىز ، پادىشاھ يالغۇز قىزىنى سىزگە نىكاھ قىلدۇرۇپ قويىدۇ . ئەل زېمىنىنىڭ نەق يېرىمىنى سىزگە بۆلۈپ بېرىدۇ . سىز يەنە 100 ئاتلىق لەشكەرنى ئۆزىڭىزگە ياردەمچى قىلىپ ئېلىپ بارالايسىز .

بىر ئەركەك ئۈچۈن خوتۇن ۋە زېمىن بولىدىغان بولسا يەنە نېمىنى ئارزۇ قىلغۇلۇق ؟

— بولىدۇ ، — دەپتۇ ئۇ جاۋابەن ، — ئىككى بەرزونى بويسۇندۇرۇشنى مەن بۇرۇنلا كۆڭلۈمگە پۈككەن . 100 نەچچە ئاتلىق لەشكەرنىمۇ ئېلىپ يۈرمەيمەن ، بىراقلا يەتتە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەم ئۈچۈن ئىككى ئادەم نېمىگە ئەرزىيتتى ؟!

كىنچىك تىككۈچى يولغا چىقىپتۇ . 100 نەچچە ئاتلىق لەشكەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپتۇ . ئورمانلىقنىڭ چېتىگە بارغاندا ئۇ بۇ كىشىلەرگە :

— سىلەر مۇشۇ يەردىلا تۇرۇپ تۇرۇڭلار ، مېنىڭ خېلى بۇرۇنلا بەرزو ئادەملەر بىلەن كۈچ سىنىشىپ باققۇم بار ئىدى ، — دەپتۇ — دە ، ئورمانلىققا كىرىپ ئۇياق — بۇياققا قارىغىلى تۇرۇپتۇ . ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھېلىقى ئىككى بەرزو ئادەمنىڭ بىر دەرەخ ئاستىدا بەخىرامان ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ، كۆكسىنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ ، بىر پەسىيىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ . كىنچىك تىككۈچى ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي ، ئىككى خالتىغا لىققىدە تاش تولدۇرۇپتۇ ۋە خالتىنى ئېلىپ دەرەخكە چىقىپتۇ ، دەرەخنىڭ بىر تال ئاچىمىقىغا مىنىۋېلىپ ، ئۇخلاۋاتقان بەرزولارنىڭ باش ئۈستىگىلا توغرىلىنىپتۇ — دە ، ئۇنىڭ كۆكرىكىنى نىشانلاپ بىر تالدىن — بىر تالدىن تاش تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ . بەرزو ئادەملەر بىر ھازادىن كېيىن ئاندىن ئويغىنىپتۇ ، ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى تۈرتۈپ قويۇپ :

— نېمىدەپ مېنى ئۇرىسەن ، چۈشەكۈۋاتامسەنيا ، — دەپتۇ . يەنە بىرى بولسا :

— مەن سېنى ئۇرمىدىم ، — دەپ قويۇپلا ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ . كىچىك تىككۈچى يەنە بىرەيلەننىڭ بېشىغا بىر تاش تاشلاپتۇ . ئۇ ئادەم

ۋارقىراپ كېتىپتۇ ۋە:

— نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىڭنى بىلمەيۋاتامسەن، نېمىدەپ بېشىمغا تاش بىلەن ئۇرىسەن؟ — دەپتۇ.

بىرھازا تالاشقاندىن كېيىن، ئۇلارغا ھارغىنلىق يېتىپتۇ، تالىشا-تالىشا، ئاخىرى ئەپ بولۇپ قاپتۇ ۋە يەنە ئۇخلىغىلى تۇرۇپتۇ. كىچىك تىككۈچى بايامقى ھۈنىرىنى يەنە تەكرارلاپتۇ. ئۇ ئەڭ يوغان بىر تاشنى ئېلىپ بىرىنچى ئادەمنىڭ كۆكرىكىنى نىشانلاپ تۇرۇپ كۈچ بىلەن تاشلاپتۇ. بۇ ئادەم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپتۇ-دە: «نېمىدەپ مېنى بوزەك قىلىۋېرىسەن» دەپلا ھەمراھىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ دەرەخكە ئۆستۈرگىلى تۇرۇپتۇ، دەرەخمۇ لىڭشىپ كېتىپتۇ. يەنە بىر ئادەممۇ بوش كەلمەي قايتۇرما زەربىگە ئۆتۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككى ئادەم دەرغەزەپ بولۇپ، دەرەخلەرنى يۇلۇۋاپتۇ، بىر-بىرىنىڭ باش-كۆزىگە ئۇرۇپ، ئېلىشقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئېلىشا-ئېلىشا، ئاخىرى ھالىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ-دە، جان ئۈزۈپتۇ.

گىرىم چۆچەكلىرىدىكى بۇ ھېكايىدە پادىشاھ كىچىك تىككۈچىنى باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق جايلىۋەتمەكچى بولغان. ئۇ كىچىك تىككۈچىنى ھەيدىۋەتمەكچى بولغانۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بىۋاسىتە ئېيتىشقا پېتىنالمىغان. شۇڭا ئۇ ئۈمىدىنى بەزى ئادەملەرگە باغلىغان، بەزى ئادەملەرنىڭ قولى ئارقىلىق ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولغان.

كىچىك تىككۈچىمۇ «باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق باشقىلارنى بابلاش» ھىيلىسىنى قوللانغان. ئۇ تاش تاشلاش ئارقىلىق ئىككى بەزى ئادەم ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى ئويغاتقان، ئۇلارنى ۋەسۋەسىگە سالغان، ئاخىرىدا ئۇلار تۇتۇشا-تۇتۇشا ھالىدىن كېتىپ، ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇ بەزى ئادەملەرنىڭ ئۆز قولى ئارقىلىق بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكەن.

## 4 . جىڭ خېڭگۇخنىڭ ئىسمىلىكنى يوشۇرۇپ قويۇشى

ئەمىنلىك دەۋرىدە ، جىڭ خېڭگۇڭ كۇەي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىماقچى بوپتۇ . لەشكەر چىقىرىشتىن بۇرۇن ئۇ كۇەي بەگلىكىدە كىملەرنىڭ قابىلىيەتلىك قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلار ئىكەنلىكىنى ئاستىرتىن تىڭلاپ چىقىپتۇ ۋە بىر ئىسمىلىك تۈزۈپتۇ . كۇەي بەگلىكىنى قولغا كەلتۈرەلىسە كىملەرگە قانداق ئەمەل ـ مەرتىۋە بېرىلىدىغانلىقى شۇنداقلا كىملەرگە قانچىلىك يەر ـ زېمىن ئىنئام قىلىنىدىغانلىقىنىمۇ بۇ تىزىملىككە قوشۇپ قويۇپتۇ . ئۇ يەنە شەھەرنىڭ تېشىدىكى بىر جايغا بىر پەشتاق ياساپ چىقىپ ھېلىقى تىزىملىكنى پەشتاقنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپتۇ . پەشتاق يېنىدا ھەيۋەتلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بۇ ئەھدىدىن مەڭگۈ يېنىۋالمايدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم ئىچىپتۇ . بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان كۇەي بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ئۆز ۋەزىرلىرىنى دۆلەتكە ئاسىيلىق قىپتۇ دەپ ئۆلتۈرۈپتۇ ـ دە ئاچچىقىغا پايلىماي ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قەتلى قىپتۇ . جىڭ خېڭگۇڭ بۇ بىر كاۋاكتىن پايدىلىنىپ ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا كۇەي بەگلىكىنى بېسىۋاپتۇ .

بۇ ھېكايە « خەن فېيزى » دېگەن كىتابتا ئۇچرايدۇ . ئەمدى مەن « زو چيۇمىڭ تەپسىرى » دىكى بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي . بۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 514 ـ يىلى بولغان ۋەقە .

## 5. شى ۋەننىڭ دۇبۇلغا ، ساۋۇتى ۋە قورال ـ ياراغلىرى

شى ۋەن چۇ بەگلىكىنىڭ چوڭ سانغۇنى بولۇپ ، ئۇ تۈز ۋە مۇلايىم كىشى ئىكەن . ئەمما ، سەپدىشى فېي ۋۇجى بىلەن ئوڭ قول سەردارى ئۇنىڭ تۆھپىلىرىگە ھەسەت قىلىپ ، كۆڭلىدە ئۆچ ـ ئاداۋەت ساقلاپ يۈرۈشىدىكەن . لېكىن يىن بولسا داۋاملىق ئۆزى بىلەن ئېپى كېلىشىدىغان كىشىلەر بىلەنلا بېرىش ـ كېلىش قىلىشىدىكەن ، باشقىلارغا تۆھمەت ـ يالا چاپلايدىغان ھېلىقىدەك كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە

ئانچە پىسەنت قىلمايدىكەن. فىيې ۋۇجى شى ۋەننى ئۇچۇقتۇرۇۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولغاچقا، لىلڭ يىنغا شى ۋەننىڭ ئۈنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىش ئويىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئاندىن كېيىن يەنە شى ۋەننىڭ ئالدىغا بېرىپ لىلڭ يىننىڭ ئۇنىڭغا زىياپەت تەييارلاتقۇزۇپ ئۆزىنى تەكلىپ قىلدۇرۇش خىيالىنىڭ بارلىقىنى دەپ بېرىپتۇ. شى ۋەن ئورۇن – مەرتىۋىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى، لىلڭ يىننى كۈتۈۋېلىشقا مۇناسىپ كەلمەيدىغانلىقىنى، مۇبادا لىلڭ يىن غېرىبانە كەپىگە قەدەم تەشرىپ قىلىدىغانلا بولسا ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېسابلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

— ۋاقتى كەلگەندە لىلڭ يىنغا قانداق سوۋغا تەقدىم قىلماقچى بولۇۋاتىسىلا، — دەپتۇ فىيې ۋۇجى شى ۋەنگە كۆيۈنگەن ئاھاڭدا، — لىلڭ يىن دۇبولغا، ساۋۇت ۋە قورال – ياراغنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ، سىلىدە بار بولغان قورال – ياراغلارنى ئالدى بىلەن بىر كۆرۈپ باقاي. ئاندىن لىلڭ يىنغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى تاللىشىپ بېرەي.

ئۇ بەش دۇبۇلغا، ساۋۇت، بەش دانە قورال – ياراغ تاللاپ چىقىپتۇ ۋە شى ۋەنگە:

— مانا بۇ سوۋغاتلارنى ئىشىك يېنىغا تىزىپ قويغايلا، لىلڭ يىن ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋېتىپ بۇ نەرسىلەرنى كۆرگەن ھامان تەقدىم قىلىۋەتكەيلا، — دەپ مەسلىھەت كۆرسىتىپتۇ.

زىياپەت كۈنىمۇ يېتىپ كېلىپتۇ. شى ۋەن ئادەم سېلىپ ئىشىك تۈۋىگە بىر لاپاس ياساتقۇزۇپتۇ – دە، ھېلىقى قورال – ياراغلارنى لاپاس ئۈستىگە تىزىپ قويۇپتۇ. بۇ چاغدا ئەگرى نىيەت فىيې ۋۇجى لىلڭ يىننىڭ ئالدىغا پايپاسلاپ يېتىپ كېلىپتۇ ۋە شى ۋەننىڭ ئىشىك يېنىغا قورال – ياراغلارنى جايلاشتۇرۇپ، يامان نىيەتنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىنى دەپ بېرىپتۇ. ئۇ يەنە ئۆتكەن نۆۋەت ۋۇ بەگلىكى بىلەن جەڭ قىلغاندا شى ۋەننىڭ پارا يېگەنلىكى، شۇ سەۋەبلىك ۋۇ بەگلىكىنى يوقىتىۋېتىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتماي، قوشۇن – سەردارلىرىنى باشلاپ قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە يالغان گەپ قىپتۇ. ھەتتا شى ۋەن لىلڭ يىن بىلەن

قەستەن قارشىلىشىۋاتىدۇ دېگەنلەرنىمۇ توقۇپ چىقىرىپتۇ. لىلىڭ يىن شى ۋەنىنىڭ ئۆيىنى كۆزىتىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەۋەتىلگەن پايلاقچى شى ۋەنىنىڭ ئىشىكىگە يىراقتىن كۆز تاشلاپلا ئۇ يەردە بىرمۇنچە قورال - ياراغلارنىڭ تىزىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. لىلىڭ يىن دەرھال سەردارلارنى چاقىرتىپ كېلىپ ئەھۋالنى ئۇلارغا ئېيتىپتۇ، بۇ سەردارلار فېي ۋۇجى تارقاتقان گەپ - سۆزلەرنى ئاللىقاچان ئاڭلاپ ئۈلگۈرگەنىكەن. شۇڭا، لىلىڭ يىن شى ۋەنىنىڭ تۇرالغۇسىنى قورشاش ئۈچۈن شۇ ھامان پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ناھەق ئۇۋال قىلىنغان شى ۋەن دەرغەزەپ بولۇپ، ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. فېي ۋۇجى بىلەن ئۇلۇڭ قول سەردار باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق باشقىلارنى بابلاش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ ئۆز رەقىبىنى يوقىتىپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۇڭزىمۇ ئۈچىنچى تەدبىرنىڭ پايدىسىنى كۆرگەنىكەن. ئەمىنلىك دەۋرىنىڭ مەلۇم بىر يىلى، قۇدرەتلىك چى بەگلىكى كۇڭزىنىڭ يۇرتى بولغان لۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ. لۇ بەگلىكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، كۇڭزى گەپدان شاگىرتى زىگوڭنى سەييارە نۇتۇق سۆزلەش ئۈچۈن ھەرقايسى بەگلىكلەرگە ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن چى بەگلىكىنىڭ قوماندانى ئالدىغا بېرىپ، لۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماي، ۋۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ۋەز ئېيتىپتۇ. ئاندىن كېيىن ۋۇ بەگلىكىگە بېرىپ، ۋۇ پادىشاھىنىڭ چى بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، لۇ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ھەققىدە ۋەز خانلىق قىلىپتۇ، چى بەگلىكى بىلەن ۋۇ بەگلىكى تۇتۇشۇشقا باشلىغاندىن كېيىن زىگوڭ يەنە جىن بەگلىكىگە بېرىپ، جىن بەگلىكىنى ۋۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا قۇترىتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، جىن بەگلىكى بىلەن ۋۇ بەگلىكى تۇتۇشۇپ قاپتۇ. كۇڭزى مانا مۇشۇ چارىنى ئىشقا سېلىپ ئۆز يۇرتى بولغان لۇ بەگلىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قوغداپ قالغانىكەن.

## 6 . چىبى ئۇرۇشى

بۇ مىسال يۇقىرىقى ھېكايە بىلەن بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مىلادى 208 - يىلى 27 ياشلىق جۇگې لياڭ ليۇ بېي قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى سۈپىتى بىلەن شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە بېرىپ ئۆز زامانىسىدا ساۋ ساۋنىڭ ئەڭ ئەشەددىي رەقىبى بولغان سۇن چۈەنگە ليۇ بېي بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ساۋ ساۋغا ئورتاق قارشى تۇرۇش توغرىسىدا نەسىھەت قىپتۇ. چىبى ئۇرۇشىدا ساۋ ساۋنى قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچراتقانلىقىنىڭ تۆھپىسى ئەلۋەتتە سۇن چۈەن قوشۇنىنىڭ باتۇرلارچە ئۇرۇش قىلغانلىقىغا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. ئەمما بۇ يەنە جۇگې لياڭنىڭ باشقىلارنىڭ قولى بىلەن باشقىلارنى بابلاش تەدبىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىشى بىلەنمۇ باغلىق. ليۇ بېي بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا جۇگې لياڭنىڭ پەم - پاراسىتىگە تايىنىپ سۇن چۈەن ئېرىشكەن مەنپەئەتتىن كۆپرەك مەنپەئەتكە ئىگە بولغان.

## 7. ستالىن بىلەن گېرمانىيىلىكلەرنىڭ باشقىلارنىڭ قولى بىلەن باشقىلارنى بابلىشى

1989 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان 36 تەدبىر توغرىسىدىكى بىر كىتابتا، گېرمانىيىلىكلەر باشقىلارنىڭ قولى بىلەن باشقىلارنى بابلاشنىڭ ئۇستىلىرى دېيىلگەن. بۇ كىتابتا ئېيتىلىشىچە، 1936 - يىلى، گېرمانىيە ئاخبارات ئورگانلىرى ساختا ماتېرىيال (خەت - چەك، پارا ئېلىش ئىسپاتلىرى قاتارلىقلار) ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ئورگانلىرىنى ئالداپ، گېرمانىيە ئارمىيىسى ئەڭ قورقىدىغان سوۋېت مارشالى تۇخاچېۋىسكىيگە زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇنى ستالىننىڭ نەزەرىدىكى ۋەتەن خائىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

غەربتە، ناتسىست ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ساختا ماتېرىيال ئويدۇرۇپ چىقىپ تۇخاچېۋىسكىينى يوقىتىش ئىشىغا قاتناشقانلىقى توغ-

رىسىدا تېخىچە ئېنىق بىر يەكۈن يوق. بۇ ۋاقىت توغرىسىدىكى ھەق ـ ناھەق تېخى ئايرىلمىدى. بىراق، غەرب ئاپتورلىرى، مەسىلەن، ۋىكتور ئالېكساندىروف يازغان «توخا چېۋىسكىي مەسىلىسى» دېگەن كىتابىنىكى كۆزقاراشلار جۇڭگونىڭ مۇناسىۋەتلىك ئوبزورلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار بىلەن ئوخشاشلىققا ئىگە. گۇستاۋ ئادولىف بورنىيامۇ گېرمانىيىلىكلەر بىلەن توخا چېۋىسكىينىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىشنىڭ بارلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمايدۇ. بۇ خىل قاراش ئۇنىڭ «سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىش» ناملىق كىتابىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

بۇنىڭدىن ئۆزگە، شياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان 36 تەدبىرگە ئائىت بىر كىتاب ئاپتورىنىڭ قارىشىچە، ئۇچىنچى تەدبىرنى قوللىنىش جەھەتتە ستالىنغا تەڭ كېلىدىغان ئادەم يوق ئىكەن. ئۇ چاغلار 1944 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرى بولۇپ، ئەينى چاغدا 40 مىڭ جەڭچىسى بار پولشا يەر ئاستى قىسىملىرى گېرمانىيە ئارمىيىسى ستالىنگراد بوسۇغىسىدا يېڭىلگەن، ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىققان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ۋارشاۋادىكى قېيىن ئەھۋالدا قالغان گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. بۇنداق بولغاندا، ۋارشاۋانى سوۋېت ئارمىيىسى بىلەن گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ بىر ئالدىدىن يۈرەر تانكا قىسمى ۋارشاۋانىڭ تاشقى مۇھاسىرە چەمبىرىكى رايونىغا يېتىپ بارغان. پولەكلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ۋارشاۋادا تۇرۇۋاتقان گېرمانىيە ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ پايدىلىق پۇرسىتى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پولشا يەر ئاستى ئارمىيىسى ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاش ۋاقتىنى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قىلىپ بېكىتكەن. ۋارشاۋا خەلقى قولىغا قورال ئېلىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇش قوزغاش ئالدىدا تۇرغاندا سوۋېتلىكلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى توختىتىپ، پۈتۈن سەپ بويىچە چېكىنگەن. گېرمانىيىلىكلەر سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ

ئەمدى ئۆزلىرىگە ھېچقانداق خەۋپ يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھەمدە پۈتۈن ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ۋارشاۋادىكى پولشا يەر ئاستى تەشكىلاتى بىلەن قارشىلاشقان. روزۋېلت بىلەن چېرچىل ستالىنغا ئارقىمۇ ئارقا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭ داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشىنى، پولشاغا ياردەم بېرىشىنى ئۆتۈنگەن. ئەمما، ستالىن بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالمىغان. تېخىمۇ يامىنى شۇ بولغانكى، ئۇ ئەنگلىيە - ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ۋارشاۋاغا قىلغان ھاۋا ياردىمىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھاۋا تەۋەسىگە ھۇجۇم قىلغانلىق دەۋالغان.

ۋارشاۋادىكى ئۇرۇش 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە ئالتە ھەپتە داۋام قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن سوۋېت ئارمىيىسى يەنە بىر قېتىم ھەربىي ھەرىكەت قوللانغان، پولشا يەر ئاستى ئارمىيىسى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ۋارشاۋا شەھەر رايونىغا ھۇجۇم قىلغان. ئەمما، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سوۋېت ئارمىيىسى ھۇجۇمنى يەنە بىر قېتىم توختاتقان. شۇنىڭ بىلەن، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ ئوت كۈچى يەنە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا پولشا يەر ئاستى ئارمىيىسىگە قارىتىلغان، ۋارشاۋا ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئۆلۈك شەھەرگە ئايلانغان. پولشا يەر ئاستى ئارمىيىسىنىڭ جەڭچىلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆلۈپ تۈگىگەن. سوۋېت ئارمىيىسى بۇ بىر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئاجىز ھالقىغا ھۇجۇم قىلىپ ۋارشاۋانى بىراقلا ئۆزىگە قاراتقان.

شياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان 36 تەدبىرگە ئائىت كىتابتا يېزىلىشىچە، بۇ ستالىن ئوينىغان باشقىلارنىڭ قولى بىلەن باشقىلارنى بابلاش تەدبىرىدىن ئىبارەت ئويۇن ئىكەن، ئۇ پولشا يەر ئاستى ئارمىيىسىنى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ھوقۇق ئىگىلىشىدىكى بىر توسالغۇ دەپ قارىغان ۋە گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ قولى ئارقىلىق بۇ دۈشمىنىنى يوقاتقان.

## 8. رۇڭ گوتۇەننىڭ غەلىبىسى

رۇڭ گوتۇەن (1937 — 1968) 1957 - يىلى شياڭگاڭدىن چوڭ قورۇقلۇققا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. 1959 - يىلى ئۇ دۇنيا تىنكتاڭ توپ

لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىگە قاتناشقان تۇنجى جۇڭگولۇق بولۇپ قالغان، شۇنداقلا ئەرلەرنىڭ يەككە ئويۇنىشى بويىچە چېمپىيونلۇققا ئېرىشكەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا تەنقىدكە ئۇچراپ، زىيانكەشلىك قىلىنغان. 1968 - يىلى، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولغان. 1978 - يىلى ئۇنىڭ ئۇۋال ئەنزىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ئاقلانغان.

1980 - يىلى شىنجىياڭدا نەشر قىلىنغان رۇڭ گوتۇەن توغرىسىدىكى بىر رەسىملىك كىتابچىدا ئۇنىڭ بىر قېتىملىق تەنتەربىيە مۇسابىقىسىدە ئۈچىنچى تەدبىرنى قوللانغانلىقى ھېكايە قىلىنغان. رۇڭ گوتۇەن شياڭگاڭدا بىر كەمبەغەل ئائىلىدە تۇغۇلغان يالغۇز ئوغۇل ئىدى. ئۇ 13 ياشقا كىرگەندە ئوقۇشنى تاشلاپ پۇل تېپىپ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشقا باشلىغان. ئۇنىڭ دادىسى مەلۇم ۋەتەن سۆيەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، رۇڭ گوتۇەن مانا ئۇ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇلۇبىدا تىكتاك توپ ئويناشنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ يەنە شۇ يەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. 1954 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، يەنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بايرىمىنىڭ بەش يىللىق خاتىرە كۈنى رۇڭ گوتۇەن ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان تىكتاك توپ مۇسابىقىسىگە قاتناشقان. ئۇ مانا مۇشۇ مۇسابىقىگە قاتناشقانلىق سەۋەبىدىن خوجايىنىنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان. بەختىگە يارىشا، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇنىڭغا يەنە بىر يېڭى خىزمەت تېپىپ بەرگەن. بۇ خىزمەت ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆپلەپ مەشق قىلىشىنىڭ شارائىتىنى يارىتىپ بەرگەن.

1956 - يىلى، ياپونىيە دۆلەتلىك كوماندىسى 23 - نۆۋەتلىك دۇنيا تىكتاك توپ مۇسابىقىسىگە قاتنىشىپ بولغاندىن كېيىن شياڭگاڭدا زىيارەتتە بولغان ۋە ئۇ يەردە بىر مەيدان دوستلۇق مۇسابىقىسىگە قاتناشقان. مۇسابىقىدە، رۇڭ گوتۇەن تېخى يېقىندىلا دۇنيا چېمپىيونلۇقىغا ئېرىشكەن ياپونىيە ماھىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىشكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. دۇنيا چېمپىيونى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈشنى ۋەتەن سۆيەر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىلەن قارشىلىشىدىغان بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئايدىڭ ئىدى. بۇنداق قىلىش شەكسىزكى،

باشقىلارنىڭ قولى بىلەن باشقىلارنى بابلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر بۇنىداق مەقسەت ئىشقا ئېشىپ قالسا، ئەمدىلا بالقىپ چىققان بۇ چولپان خىرەلىشەتتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭمۇ يۈزى تۆكۈلەتتى. بىراق، ئۇ ئەڭ ئاخىرغىچە جان تىكىپ ئېلىشتى. رۇڭ گوتۇەن غەلىبە قىلدى، رادىئو ئىستانسىلىرى ۋە گېزىتلەر كىشىنىڭ قەلبىنى يايرىتىۋېتىدىغان بۇ خەۋەرنى پۈتۈن دۇنياغا تارقاتتى. تەشكىلىي كومىتېت تەركىبىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ياپونلارنىڭ قولى بىلەن رۇڭ گوتۇەننى بابلاش ئارقىلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يۈزىنى تۆكۈشتىن ئىبارەت پىلانى يوققا چىقتى.

## 9. « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » دەۋرىدە

1974 - يىلى، ماۋ زېدۇڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە شيۇ جېڭجۇيىنى پىپەن قىلىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. پۇقرالارنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشى تەلەپ قىلىندى. ماۋ زېدۇڭ شيۇ جېڭجۇيىنى ئىككى نۇقتىغا، يەنى ئەمەلىيەتنى ئويلىماي، ماركسىزمنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىدىغان دوگماتىزمغا ۋە ئۆتمۈشتىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا توپلىغان تەجرىبىلەرگىلا تايىنىپ ئىش قىلىپ، نەزەرىيىنىڭ يېتەكچى رولىغا سەل قارايدىغان تەجرىبىچىلىككە يىغىنچاقلىدى. « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » بولسا، ھەرىكەتنى پەقەت تەجرىبىچىلىكنى پىپەن قىلىش تەرەپكىلا بۇراپ، پېشقەدەم كادىرلارغا زەربە بېرىش ئارقىلىق جۇ ئېنلەيگە ئېتىلماقچى بولدى. ئۇلار كەڭ ئاممىنى ئالداپ، پېشقەدەم كادىرلار بۇرۇن توپلىغان تەجرىبىلەردىن ۋاز كېچىشكە كۆزى قىيمىدى، ئۇلار يېڭى كۈچلەرگە ئورۇن بوشاتماي قالمايدۇ، دېيىشتى. « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشى تەنقىدكە ئۇچرىدى. 1976 - يىل 11 - ئاينىڭ مەلۇم كۈنىدىكى « خەلق گېزىتى »دە، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ بۇ خىل قىلمىشى «باش-

قىلارنىڭ قولى بىلەن باشقىلارنى بابلاش » ، تەجرىبىچىلىكنى تەنقىد
قىلىش ئارقىلىق پىشقەدەم كادىرلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىش ، دېيىلدى .
جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى باجىن 1977 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ
18 ـ كۈنىدىكى بىر پارچە خېتىدە « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نى ئەيىبلەپ
كېلىپ : « ئۆتمۈشتە ، مەن بەزى ئىشلارغا ئىشەنمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن ،
لېكىن هازىر مېنىڭ دوستلىرىم ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ ئاغزىنى تۇۋاقلاش ،
باشقىلارنىڭ قولى بىلەن باشقىلارنى بايلاش » دەك ئىشلارغا يولۇقتى ،
دېگەن .

## 10 . شەرقىي خەن دەۋرىدىكى دۇمباقچى

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ، مى خېڭ دەيدى-
غان بىر ئادەم بولۇپ ، قەلەمدە ۋە قابىلىيەتتە پاساهەتلىك ئىكەن .
شەۋىيىلىك شېئىر ـ نەزمىلەرنى يېزىپلا قالماي ، نەغمە ـ ناۋا قىلىشقىمۇ
ماهىر ئىكەن . دۇمباق چېلىشقا كەلگەندە ، هېچكىم ئۇنىڭ بىلەن
بەسلىشەلمەيدىكەن . بىراق ، ئۇ باشقىلارغا توگلۇق ۋە هاكاۋۇرلۇق قىلى-
دىكەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ساۋساۋ ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇۋالماقچى بوپتۇ .
لېكىن مى خېڭنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچراپتۇ . بۇ ئىشتىن غەزەپلەنگەن
ساۋساۋ مى خېڭنى لەشكەرلىككە تۇتۇپتۇ ۋە هەربىي دۇمباقچىلىققا بەلگى-
لەپ قويۇپتۇ . بىر قېتىم ساۋساۋ كاتتا بىر زىياپەت ئۆتكۈزۈپتۇ . ئارىلىقتا ،
ساۋساۋ مى خېڭنى كۆپچىلىكنىڭ كۆزىچىلا بىر ئوسال قىلىۋالماقچى
بوپتۇ . ئەمما ، ساۋساۋ مى خېڭ تەرىپىدىن ئوسال بولۇپ قاپتۇ ، مى خېڭ
بىر كۇپلېت شېئىر يېزىپ ساۋساۋ قاتارلىقلارنى نەق مەيداندىلا مەسخىرە
قىپتۇ . كېيىنچە ، ساۋساۋ كۇڭ رۇڭغا : « مى خېڭ دېگەن بۇ ئەبلەخ مېنى
بۇ دەرىجىدە تىللاشقا پېتىنالىدى ، بىراق ، بۇ كىشىنىڭ ئانچە ـ مۇنچە
نامى بار ، بىلىدىغانلارمۇ كۆپ ، ئەگەر مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم كىشىلەر
مېنى ئىچى تار ئادەم ئىكەن دېيىشىدۇ ، جىڭجۇدىكى لىيۇبياۋنىڭ مىجەزى

چۇس ، مەن مى خېگنى جىڭجۇغا ئەۋەتمەن ـ دە ، ليۇبياۋ ئۇنى ئەسلا سىغدۇرالمايدۇ ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنى جەزمەن ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ » دەپتۇ ۋە مى خېگنى جىڭجۇغا بېرىشقا تەيىنلەپتۇ . مى خېك راست دېگەندەكلا ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا ليۇبياۋنىڭ سانغۇنى خۇاڭ زۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ .

« 36 تەدبىرنىڭ يېڭى نۇسخىسى » دېگەن بۇ كىتابتا ئۈچىنچى تەدبىر ھەققىدە مۇنداق دېيىلگەن : « بۇ تەدبىر ئەسلىدە چىرىكلەشكەن فېئودال بيۇروكراتلار ئارىسىدىلا قوللىنىشقا تېگىشلىك ئىدى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي ھوقۇقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلاتتى . ھەربىي ئىشلاردا قوللىنىلغاندا بولسا ، دۈشمەن لاگېرىدا زىددىيەت پەيدا قىلىش ، پەيدا بولغان زىددىيەتتىن پايدىلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈچىنچى كۈچتىن پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش تەكىتلەندى . قەدىمكى ھەربىي ئىشلار كىتابلىرىدىكى «باشقىلارنىڭ قولى بىلەن» دېگەن گەپ كۆپ تەرەپلىمە مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . بۇ مەزمۇنلار دۈشمەنلەرنى ئالداپ ھۇجۇم قىلىش ، دۈشمەننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىش ، دۈشمەننى بىخۇدلاشتۇرۇش ، دۈشمەن بىلەن ئۆزگىلەر ئارىسىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىش ، بىر ـ بىرىنى قىرغۇزۇش ، دۈشمەننىڭ ماددىي ئەسلىھەلىرىدىن پايدىلىنىش ، دۈشمەن سەردارلىرىنىڭ ئارىسىنى بۇزۇش ، دۈشمەننىڭ سەردارلىرىدىن پايدىلىنىش ، ھىيلىگە ھىيلە بىلەن قارشى تۇرۇش ، دۈشمەن جاسۇسلىرىدىن پايدىلىنىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت .

«ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ كۈچى چەكلىك بولسا ، دۈشمەننىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تولۇقلاش كېرەك ، ئەگەر دۈشمەنگە تالاپەت يەتكۈزۈشكە كۈچىمىز يەتمىسە ، دۈشمەن كۈچىدىن پايدىلىنىپ مەقسەتكە يېتىشىمىز لازىم . ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ سەركەردىسى بولمىسا ، دۈشمەن سەركەردىلىرىدىن پايدىلىنىشىمىز لازىم . مۇشۇنداق قىلساق ، ئۆزىمىز مىدىرلىماي تۇرۇپلا دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىگە تاقابىل تۇرالايمىز ، ئۆزىمىز ئورۇندىيالمىغان ئىشنى دۈشمەننىڭ قولى بىلەن ئورۇندىيالايمىز . »

## تۆتىنچى تەدبىر

# ئارام ئېلىۋېلىپ كۈچ توپلاش

يادرولۇق مەزمۇنى : دۈشمەننى ھارغۇزۇش ھىيلىسى .

بۇ تەدبىرنىڭ نامى دەسلەپ «سۇن زىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار مىزانى» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان. سۇن زى مۇنداق دېگەن: «يېقىندا تۇرۇپ يىراقتىن كەلگۈچىلەرنى ساقلاش، ئارام ئېلىۋېلىپ كۈچ توپلاش، قورساقنى تويدۇرۇۋېلىپ ئاچلارنى بابلاش لازىم. بۇ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش دېمەكتۇر.» (سۇن زى. ئۇرۇش)

«جەڭ مەيدانىغا بۇرۇن كەلگۈچىلەر ئارام ئېلىۋالالايدۇ، ئۇرۇش مەيدانىغا كېيىن كەلگۈچىلەر ھېرىپ - چارچايدۇ. ئۇرۇشقا ماھىر كىشىلەر باشقىلارنى بويسۇندۇرىدۇ، باشقىلارغا بويسۇنمايدۇ.» (سۇن زى. ساختا ۋە راست)

بولۇپمۇ ئۇرۇش داۋامىدا شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ يېڭى - يېڭى ئەھۋاللار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا تاشقى دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەرگە پەقەت بىرلا تەدبىر بىلەن تاقابىل تۇرغىلى بولمايمۇ قالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، كىشىلەر شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن ئىككى ياكى ئۈچ تەدبىرنى ئارقىمۇ ئارقا قوللىنىشىمۇ مۇمكىن.

## 1. گۈيلىڭ ئۇرۇشى

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى IV ئەسىردە، سۇن بىڭ ۋېي بەگلىكىنى قورشاپ جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىپ، ۋېي بەگلىكىنىڭ قوشۇنىنى جاۋ بەگلىكىنىڭ پايتەختى خەندەندىن چېكىنىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغاندىن كېيىن ئۇلاپلا تۆتىنچى تەدبىرنى ئىشقا سالغان. ئۇ گۈيلىڭ دېگەن يەردە بۆكتۈرمە قۇرۇپ، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلگەن چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنىنى تولۇق دەم ئالدۇرغان ۋە ۋېي بەگلىكى قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتكەن.

بۇ «كۈتۈش» ھەرگىز پاسسىپ ھالەتتىكى كۈتۈش ئەمەس ئىدى. بەلكى تېخىمۇ ئاكتىپ ئەھمىيەتكە ئىگە كۈتۈش ھېسابلىناتتى. دۈشمەننى ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈرتۈپ، ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان

تەرەپكە يۈزلەندۈرۈش مەقسەت قىلىناتتى. يەنى دۈشمەننى ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈپ، پايدىلىق جەڭ پۇرسىتىنى تۇتۇۋېلىپ زەربە بەرمەكچى ئىدى. بۇ يەردىكى ئاچقۇچ، ئۆزى جىم يېتىۋېلىپ، دۈشمەننىڭ بۇرنىدىن يېتىلەپ مېڭىپ ئۇلارنى ھارغۇزۇشتىن ئىبارەت.

## 2. مالىڭ بۆكتۈرمە ئۇرۇشى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 342 ـ يىلى، يەنى ۋېي بەگلىكىنى قورشاۋغا ئېلىپ جاۋ بەگلىكىنى قۇتقۇلدۇرغاندىن كېيىنكى 12 ـ يىلى، ۋېي بەگلىكى خەن بەگلىكىگە قارشى ئۇرۇش قوزغىدى. خەن بەگلىكى چى بەگلىكىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. تيەن جى بىلەن سۈن بىڭ شۇ ھامان ئەسكەر تارتىپ بېرىپ ۋېي بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولغان دالياڭ شەھىرىگە ھۇجۇم باشلىدى. ۋېي بەگلىكىنىڭ سەركەردىسى پاڭ جۈەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خەن بەگلىكىدىن لەشكەر چېكىندۈردى ۋە ئۆز بەگلىكىگە قايتتى. سۈن بىڭ پاڭ جۈەننىڭ ئۆزىنى چوڭ بىلىپ چى بەگلىكىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تۆۋەن مۆلچەرلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ دۈشمەنگە ئۆزىنى ئاجىز كۆرسىتىش تەدبىرىنى قوللاندى ۋە چى بەگلىكىگە قايتىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى. تۇنجى كۈنى چى قوشۇنلىرى يول ئۈستىدە 100 مىڭ دانە ۋاقىتلىق ئوچاق قازدى، ئىككىنچى كۈنى ئوچاقنىڭ سانىنى 50 مىڭغا چۈشۈردى، 3 ـ كۈنى ئارانلا 30 مىڭ ئوچاق قازدى. چى قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىشقا ئالدىراپ كەتكەن پاڭ جۈەن بۇ ھالدىن چى قوشۇنىدىن ناھايىتى نۇرغۇن لەشكەرلەر قېچىپ كېتىپ جەڭگىۋارلىق كۈچى ئاجىزلاپتۇ، دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى ۋە پىيادە لەشكەرلەرنى تاشلاپ قويۇپ بىر بۆلۈك ئاتلىق لەشكەر بىلەنلا يولغا چىقتى، چى قوشۇنىنى كېچە ـ كۈندۈز قوغلاشقا باشلىدى. سۈن بىڭ پاڭ جۈەننىڭ كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاندىن مالىڭغا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى پەملىدى، شۇ يەرگىلا بۆكتۈرمە قويدى. ھەممە ئىش

سۈن بىڭنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك بولدى ، ۋېي بەگلىكىنىڭ قوشۇنى چىن قوشۇنىنىڭ قاقشاتقۇچى زەربىسىگە دۇچ كەلدى . پاڭ جۈەن جېنىنى ئەپقېچىشقا ئامالسىز قالدى ـ دە ، ئۆزىنى بوغۇزلاپ ئۆلۈۋالدى .

چىن شىخۇاڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلى جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى ھوقۇق مەركەزگە توپلانغان فېئوداللىق ھاكىمىيەتنى قۇرغان كىشى . مىلادىدىن بۇرۇنقى 223 ـ يىلى ئۇ تۆتىنچى تەدبىرنى قوللىنىپ ئۆز ۋاقتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىككى دۈشمىنىنىڭ بىرى بولغان چۇ بەگلىكىنى يوقىتىپ جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يول تازىلىغانىدى .

## 3. جياڭ جېيشىنىڭ مەغلۇبىيىتى

بېيجىڭ ، تەيبېي ۋە شياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان 36 تەدبىرگە ئائىت بەزى كىتابلاردا ، چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى يازغۇچىلار جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ « ئارام ئېلىۋېلىپ كۈچ توپلاش » تەدبىرىنى قانداق ئەپچىللىك بىلەن قوللانغانلىقىنى ئېپتىخارلانغان ھالدا ( چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ سىرتىدىكىلەر باشقا تەلەپپۇزدا ) ھېكايە قىلىشىدۇ .

1930 ـ يىلى يىل ئاخىرىدىن 1931 ـ يىلى يىل بېشىغىچە ، جياڭ جېيشى 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇننى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ ، جياڭشىنىڭ جەنۇبىدىكى قىزىل بازىلارغا قارىتا بىرىنچى قېتىملىق چوڭ «قورشاپ يوقىتىش » ئېلىپ بارغان . ماۋ زېدۇڭ بىلەن جۇ دې ئۆز ۋاقتىدا ساقلىنىپ قالغان 40 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى لۇڭگاڭ رايونىغا توپلىغان ۋە جاڭ خۇيزەن قوماندانلىق قىلىۋاتقان گومىنداڭ قوشۇنىنى بۇ رايونغا ئالداپ ئەكىرگەن . بۇنىڭ بىلەن بۇ چەكلىك ئۇرۇش مەيدانىدا قىزىل ئارمىيىنىڭ كۈچى ئەۋزەل ئورۇننى ئىگىلىگەن ھەمدە دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ 9000 ئەسكىرىنى يوقىتىپ ، جاڭ خۇيزەننى تىرىك قولغا

چۈشۈرگەن . جياڭ جيېشىنىڭ بۇ قېتىمقى « قورشاپ يوقىتىشى » ئەنە شۇنداق مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشقان . كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق «قورشاپ يوقىتىش » ئۇرۇشى داۋامىدا قىزىل ئارمىيىنىڭ قوماندانى شۈي شياڭچيەنمۇ تۆتىنچى تەدبىرنى قوللانغان ، شۇ ئارقىلىق 1932 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سۇجيافۇ دېگەن يەردە جياڭ جيېشى قوشۇنلىرىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان . 1982 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ، «خەلق گېزىتى » ماقالە ئېلان قىلىپ بۇ تارىخنى ئەسلىگەندە بۇنىڭ « ئارام ئېلىۋېلىپ كۈچ توپلاش » تەدبىرى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن .

## 4 . ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى

« 36 تەدبىرنىڭ يېڭى نۇسخىسى » دېگەن كىتابتا 4 ـ قېتىملىق ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشى باشلانغاندا مىسىر غەلىبىگە ئېرىشكەن بىر قېتىملىق جەڭنى ، يەنى پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن برونېۋىك قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭنى مىسالغا ئېلىپ ، بۇنى تۆتىنچى تەدبىرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇرۇشىدىكى قوللىنىلىشى دەپ كۆرسەتكەن . ئەينى چاغدا ، مىسىر ئارمىيىسى بارلىق مۇداپىئە سىزىقىنى بۆسۈپ ئۆتكەندىن كېيىن ئىسرائىلىيە ئارمىيىسى 190 ـ كوزىر لىۋىنى يۆتكەپ كېلىپ ، فىردان كۆۋرۈكىنى بۇزۇۋېتىش ئارقىلىق مىسىر قوشۇنلىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇۋېلىش قەستىدە بولغان . مىسىر ئارمىيىسى ئىسرائىلىيە قوشۇنىنىڭ ئۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگەن مەخپىي تېلېگراممىسىنى قوبۇل قىلىۋېلىپ ، پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ شىنىنى ئارقىلىق 190 ـ لىۋىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە قارشى مۇداپىئەدە تۇيۇش ، ئەسكەرلەرنى بۆكتۈرمە قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن . شۇنىڭدەك ، پىيادە ئەسكەرلەرنىڭ فىردان كۆۋرۈكىنىڭ ئەتراپىدا كۆۋرۈك ياساپ ، يەنە نۇرغۇن ئەسكەرلەرنىڭ دەريادىن ئۆتمەكچى بولۇۋاتقىنىدەك قىياپەت پەيدا قىلىپ دۈشمەننى قارماققا ئىلىندۇرۇشنى بۇيرۇغان . پىيادە ئەسكەرلەر 2 ـ شىنى 190 ـ لىۋىنىڭ تەنھا

ئىلگىرىلەش، ئۆزىنى باتۇر چاغلاپ دۈشمەننى ئاجىز چاغلاۋاتقانلىقىدەك ئاجىزلىقىغا ئاساسەن بىر بۆلۈك ئەسكەرلەر بىلەن دۈشمەننىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇپ، ئۇلارنى بۆكتۈرمە رايونىغا ئالداپ ئەكىرگەن ۋە بىر زەربە بىلەنلا يوق قىلىپ تاشلىغان. شۇنداق قىلىپ، پىيادە ئەسكەرلەر بىرونۋىك قىسىملىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىشتەك جەڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان.

ئارام ئېلىۋېلىپ كۈچ توپلاش تەدبىرىنى كىشىلىك تۇرمۇشتىمۇ قوللىنىش ھەم مۇمكىن. شياڭگاڭ ۋە تەيۋەندە نەشر قىلىنغان ھىيلە- تەدبىر كىتابلىرىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دېيىلگەن: كىشىلەر ھەر خىل ئۇسۇل- چارىلەرنى قوللىنىپ رەقىبىنى يۈگۈر- يېتىمگە دەۋەت قىلىپ، ئۇنىڭ كۈچ- قۇۋۋىتىنى تامامەن خورىتىپ، تۇرمۇش ئىرادىسىنى يوقىتىپ، تۇتۇۋېلىشقا بولىدىغان پايدىلىق پۇرسەتنى كۈتسە ۋە پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئۇنى بىر پەشۋا بىلەنلا ئۇرۇپ يىقىتسا بولىدۇ.

ئۇنداقتا، ۋۇ گو يازغان «36 تەدبىر» دېگەن كىتابتا قەدىمكى كىشىلەر نېمە دېگەن؟

ئۇلار بۇ ھەقتە: «ھېرىپ- چارچىغان دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇرۇش قىلىنسا كۈچلۈكلەرگە زىيان، ئاجىزلارغا پايدا كەلتۈرىدۇ.»

## بەشىنچى تەدبىر

# توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش

يادرولۇق مەزمۇنى : باشقىلار پالاكەتكە يولۇققان ، قىيىن ئەھۋالدا قالغان ، ئاپەتكە ئۇچرىغانىدا ئارىدىن نەپ ئېلىش ، پاتىپاراقچىلىققا چۈشكەن دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىش ، باشقىلارنىڭ پالاكىتىدىن پايدىلىنىش تەدبىرى .

بۇ تەدبىرنىڭ ئاساسلىق ئىدىيىسى « سۇن زىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار مىزانىي » دېگەن كىتابتا دەسلەپ بايان قىلىنغان. بۇ كىتابتا: «قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىش » «دۈشمەن ئارىسىدا پاتىپاراقچىلىق پەيدا بولغان هامان پايدا ئېلىش لازىم » دېيىلگەن. ئاخىرقى بىر جۈملە بولسا ئالدىنقى جۈملىنىڭ ئىزاهلىنىشىدۇر. بۇ « 11 ئەربابنىڭ سۇن زىنىڭ ھىيىلىسىگە ئىزاھاتى » دېگەن كىتابتا ئۇچرايدۇ. ئىزاھلىغۇچى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەدىب، شائىر، ھەربىي نەزەرىيىچى دۇمۇدۇر ( 803 - يىلىدىن تەخمىنەن 852 - يىلىغىچە ياشىغان ).

بۇ تەدبىرنىڭ نامى ئەڭ دەسلەپ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ۋۇ چېڭئېن يازغان رىۋايەت كىتابى « غەربكە ساياھەت » دا قەيت قىلىنغان.

## 1. پارقىراپ تۇرغان چىرايلىق كاسايا

گەپنى تاڭ راھىبى شۈەن جۇاڭنىڭ بۈيۈك تاڭ دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، بۇددا نومى ئالغىلى غەربكە ماڭغان يېرىدىن باشلايمىز.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن، تاڭ سېڭ ۋە ئۇنىڭ چوڭ شاگىرتى سۈن ۋۇكۇڭ بىر بۇتخانىغا يېتىپ كېلىپتۇ ۋە ئۇ يەردە قونۇپ قالماقچى بوپتۇ. بۇ بۇتخانىنىڭ ئاستى - ئۈستىدە 70 نەچچە ئېغىز ئۆي بولۇپ، بۇ يەردە تۇرىدىغان راھىبلارمۇ 200 دىن ئاشىدىكەن. بۇ بۇتخانىنىڭ باش راھىبى ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ ۋە سىنچاي تۇتۇپتۇ. باش راھىب پاراڭ ئارىلىقىدا تاڭ سېڭدىن ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئاچالايدىغان قانداق ئەڭگۈشتەرنىڭ بارلىقىنى سوراپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۈن ۋۇكۇڭ ئۆزلىرى ئەكەلگەن كاسايانى ئېلىپلا كۆز - كۆز قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بوپىنى يېشىۋاتقاندا تالا - تالا شوللار كاسايانى ئورىغان ئىككى قات قېلىن قەغەزدىن تېشىپ ئۆتۈپ كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك جۇلالاپ كېتىپتۇ؛ ئۇ كاسايانى شۇنداق سىلكىگەنىكەن، چاقناپ تۇرغان قىزىل نۇر بىلەن پۇ-

تىنىڭ ئۆي يورۇپ، رەڭمۇرەڭ شولا بىلەن تولۇپتۇ، دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان بۇ كاساپىنى كۆرگەن باش راھىبنىڭ كۆڭلىدە شۇ ھامان بىر يامان ئوي تۇغۇلۇپتۇ، ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا تاڭ سېگىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ كۆزى تورلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن كاساپىنى ئوبدانىراق كۆرەلمىگەنلىكىنى، ئۇنى بىر كېچىلىك ئارىيەت ئېلىپ ئۆز ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ ئوبدانىراق كۆرۈۋالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كاساپىنى ئالداپ قولغا كىرگۈزۈۋاپتۇ. ئۇ قول ئاستىدىكى راھىبلار بىلەن قانداق قىلغاندا بۇ كاساپىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كېچىلەپ مەسلىھەتلىشىپ چىقىپتۇ. گۇۋاگمۇ دەيدىغان بىر كىچىك راھىب تاڭ سېگىلار ياتقان ھۇجرىغا ئوت قويۇپ بېرىپ، ئۇستاز ـ شاگىرت ئىككىيلەننى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. باش راھىب بۇنىڭغا دەرھال ماقۇل كېلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بارلىق راھىبلار ھە ـ ھۇ دېيىشىپ ئوتۇن توشۇپ كېلىپتۇ ۋە ھۇجرا ئەتراپىغا دۆۋىلەپتۇ، سۇن ۋۇكۇڭ بۇ چاغدا تېخى ئۇيقىغا كەتمىگەنىكەن، ئۇ سىرتتىكى تىۋىشنى ئاڭلاپ بىر كىچىك ھەسەل ھەرىسىگە ئۆزگىرىپتۇ ـ دە، ھۇجرىدىن چىقىپتۇ، ئۇ ھۇجرىنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلەنگەن ئوتۇننىڭ كۆيۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسلى قىياپىتىگە كېلىپ بىرلا موللاق ئېتىپ جەنۇبىي قوۋۇققا ئۆرلەپ، كەڭ نەزەر شاھتىن يامغۇردىن ساقلىنىش قاپقىسى سوراۋېلىپ تاڭ سېگىنىڭ بىلەن ئاق ئاتنىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ دۇبوران چىقىپ ئوت تۆت ئەتراپقا كېڭەيگىلى تۇرۇپتۇ، پۈتكۈل بۇددىستخانىسىنىڭ ئىچى ئوت يالقۇنىغا غەرق بوپتۇ، تاڭ سېڭ تۇرغان ھۇجرىلا ئاپەتتىن خالاس قاپتۇ. راھىبلار بولسا ئوتتا كۆيۈپ، ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشۈپتۇ.

بۇ ئۇلۇغ ئوت تۆت ئەتراپتىكى تاغ ـ داۋانلاردا ياشايدىغان ياۋايى

ھايۋان ۋە جىن-شاياتۇنلارنى ئويغىتىۋېتىپتۇ. بۇدساتۋا بۇتخانىسىنىڭ جەنۇبىدىكى 20 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە قارا بوران تېغى دەيدىغان بىر تاغ بار ئىكەن. بۇ تاغدا قارا بوران غارى دەيدىغان بىر غار بار ئىكەن، بۇ غارنى ماكان تۇتقان بىر ئالۋاستىمۇ ئۇلۇغ ئوتنىڭ شولىسىدىن ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئالۋاستى باش راھىب بىلەن ئاغىنە ئىكەن. شۇڭا ئۇ بۇلۇتلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، راھىبلارنى قۇتۇلدۇرماقچى بوپتۇ ۋە بۇدساتۋا بۇتخانىسىغا بېرىپ بىر قاراپلا ھۇجرىلارنىڭ كۆيۈپ كۈل بولغانلىقىنى، ئىككى تەرەپتىكى ئاراشىنىڭ يەنىلا كۆيۈۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ، ئۇ باش راھىبنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ شۇنداق قاراپتىكەن، ئۇستەلدە تۇرغان بىر قېلىن بوپىدىن كۆز چاققۇدەك شولا چېچىلىۋاتقانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. ئالۋاستى بوپىنى ئېچىپتىكەن، ئۇنىڭدا بۇددىستلارنىڭ گۆھىرى بولغان بىر كاسايا پارقىراپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن ئالۋاستى ئوتنى ئۆچۈرۈپ راھىبنى قۇتۇلدۇرۇش نىيىتىدىن بىراقلا ۋاز كېچىپتۇ ۋە توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ، كاسايانى كۆتۈرگىنىچە بىرلا موللاق ئېتىپ ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

## 2. گۇجيەنىڭ ئىنتىقام ئېلىشى

ئەمىنلىك دەۋرىدە، جۇڭگو زېمىنىنى 170 نەچچە كىچىك بەگلىكلەرگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇ بەگلىكلەر توختىماي جەڭگى-جېدەل قىلىپ تۇرىدىكەن. ۋۇ بەگلىكى بىلەن يۆ بەگلىكى ئارىسىدىمۇ قاتتىق ئۇرۇش پارتلاپ، نەتىجىدە يۆ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى گۇجيەن يېڭىلگەنىكەن.

ئارىدىن بىرقانچە يىل ئۆتۈپتۇ. گۇجيەن ئىنتىقام ئېلىشقا بەل باغلاپ ئاستىرتىن ئۇرۇش ھازىرلىقىنى قىلىۋېرىپتۇ. كېيىنچە، ۋۇ بەگلىكىنىڭ داڭلىق سانغۇنى ۋۇ زىشۈي قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. بەگلىك ئىچىدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، قىسقۇچپاقا، شال قاتارلىقلارمۇ

قۇرۇپ كېتىپتۇ. ۋۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بۇ چاغدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەر بىلەن خۇاڭچى دېگەن يەردە كېڭەش ئۆتكۈزگىلى كەتكەچكە، دۆلەت پادىشاھسىز قالغانىكەن. يۆ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى گۇ جيەن توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ ۋۇ بەگلىكىگە كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلاپتۇ ۋە ۋۇ بەگلىكىنى ناھايىتى تېزلىكتە ئىشغالىيىتى ئاستىغا ئېلىپتۇ.

## 3 . قول قوشنۇرۇپ قاراپ تۇرۇش

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە جۇڭگو 20 نەچچە بەگلىككە بۆلۈنىدىكەن. بۇ بەگلىكلەر ئىچىدە چى، چۇ، يەن، خەن، جاۋ، ۋېي ۋە چىن بەگلىكلىرىلا بىرقەدەر چوڭ بەگلىكلەر ھېسابلىنىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چى بەگلىكى بىلەن خەن بەگلىكى ئىتتىپاق تۈزۈپ، يەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ. بىراق، جاۋ، چۇ بەگلىكلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدە مارىلاپ تۇرغاچقا، بۇ ئىككى بەگلىك لەشكەر تارتىشقا پېتىنالماپتۇ. بۇ چاغدا چىن بەگلىكى ۋېي بەگلىكى بىلەن بىرلىشىپ، خەن بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپتۇ. چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى تېزلىكتە لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئىتتىپاقدىشىغا ياردەم بەرمەكچى بولغانىكەن، ھىيلە ماھىرى تيەن چېنسى چى پادىشاھىغا قول قوشنۇرۇپ قاراپ تۇرۇش تەكلىپىنى بېرىپتۇ ۋە: «خەن بەگلىكىنىڭ پالاكەتكە ئۇچرىشى جاۋ ۋە چۇ بەگلىكلىرىنىڭ ئامانلىقىغا تەھدىت سالماي قويمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي خەن بەگلىكىگە ياردەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالماي قالمايدۇ» دەپتۇ.

شۇ گەپ بىلەن چى بەگلىكى لەشكەرلىرىنى تۇرغان جايىدىلا تۇرغۇزۇۋېرىپتۇ. ئەمما جاۋ ۋە چۇ بەگلىكلىرى خۇددى تيەن چېنسى ئېيتقاندەك تېزلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپتۇ. شۇنداق قىلىپ چىن، ۋېي، جاۋ، چۇ بەگلىكلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشقىلى تۇرۇپتۇ، ئۇرۇش ئوتى ئاسمانغا تاقاشقان مۇشۇنداق بىر پەيتتە، چى بەگلىكى توپىلاڭدىن

تـوغـاچ ئوغرىلاپ، قوشنىسى يەن بەگلىكىگە ھۇجۇم باشلاپتۇ ـ دە، مىلا-دىدىن بۇرۇنقى 270 ـ يىلى يەن بەگلىكىنى مۇنقەرز قىلىپتۇ.

## 4. غالىبلار شاھ بولۇر، مەھكۇملار ئوغرى

1985 ـ يـىـلـى تـەيـىـيـدە 19 قېتىم قايتا نەشر قىلىنغان بىر ھىيلە كـىـتـابـىـدا مۇنداق دېيىلگەن: «جۇ سۇلالىسىدىن تارتىپ، دۆلەت ئاتىسى ھېسابلـىـنـىـدىـغـان قـايـسى پادىشاھ توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ باش كـۆتـۈرمـىـگەن؟ توغاچنى جايىدا ئوغرىلىغانلار شاھىنشاھ بولدى، توغاچ ئوغـرىلاشـتـا گـالـۋاڭـلىق قىلغانلار باندىت، ئوغرى بولدى. غالىبلار شاھ بـولـۇر، مەھكۇملار ئوغرى دېگەننىڭ ئۆزى توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش-نىـڭ ئۇنـۇمـىـگە قـارىتىپ ئېيتىلغان». جۇڭگودىكـى ئەڭ ئـاخىرقـى سـۇلالـە ـــ مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئۇلار دېـھقانلار قوزغىلىڭى جۇڭگونىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە زور قالايمىقانچىلىق پـەيدا قىلغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپلا سەددىچىن سېپىلى ئىچىگە كىرىپ، ئۆز سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىۋالغان ئەمەسمۇ؟

## 5. بۆلۈۋېلىنغان زېمىن

جـۇڭـگـونـىـڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، چەت ئەل جاھانگىرلىرى جـۇڭـگـونـىـڭ كونسېرۋا تىپلىقى، قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان پۇرسىتىدىن پـايـدىـلـىـنىپ جۇڭگوغا قارىتا توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش ھىيلىسىنى قوللانغان.

1840 ـ يـىلىدىن 1842 ـ يىلىغىچە بولغان ئەپيۇن ئۇرۇشى مەغلۇبە-يـەتـكـە ئۇچـرىـغـانـدىـن كـېيىن، جۇڭگو بىر مەيدان بالايىئاپەتكە دۇچ كەلدى. ئەنگلىيە، ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جۇڭگو بىلەن تەڭسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاپ، «نەنجىڭ شەرتنامىسى»، «ۋاڭشيا شـەرتـنـامـىـسى» ئارقىلىق كۆپلىگەن ئىمتىياز ۋە مەنپەئەتلەرگە ئىگە بو-

لۇۋالدى . تۇپىلاڭدىن تۇغاچ ئۇغرىلاش ئۈچۈن ، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇرۇن جۇڭگو بىلەن كەمدىن كەم بېرىش - كېلىش قىلىدىغان فرانسىيە ھۆكۈمىتى 1844 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆز ئەلچىسى لاگىرىنى جۇڭگوغا ئەۋەتتى . قىسقىغىنە بىرقانچە ھەپتە ئىچىدە ئۇ ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن « خۇاڭپۇ شەرتنامىسى » نى ئىمزالاشقا مۇۋەپپەق بولدى .

1860 - يىلى ، ئەنگلىيە - فرانسىيە بىرلەشمە قوشۇنى بېيجىڭغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ ، يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنى بۇلاپ - تالاپ بولۇپ ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى . بۇ چاغدا چاررۇسىيە جاھانگىرلىكى تۇپىلاڭدىن تۇغاچ ئۇغرىلاپ ئاخىر جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى ئاپىي تاپقىلى تۇردى . ئۇنىڭ تەھلىكىسى ئاستىدا قالغان جۇڭگو ھۆكۈمىتى « جۇڭگو - رۇسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى » نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى . شەرتنامىگە ئاساسەن ، جۇڭگو ئۇسسۇرى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تەخمىنەن 400 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى چاررۇسىيىگە بۆلۈپ بەرگەن .

## 6 . كورېيىلىك ساۋاتسىز ئادەم

1930 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ، كورېيىدە مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەن :

دېھقان خې تەيشۇ ئىشچان ، ساددا كىشى بولۇپ ، ئانا - ئانىسىغا ۋاپادار ، يەڭگىسىگە كۆيۈمچان ئىكەن : ئاكا - ئىنى ، ئاچا - سىڭىللىرىغىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ، ھۆرمەت كۆرسىتىدىكەن . ئۇ يىلدىن بۇ يىلغىچە مانا مۇشۇنداق ھالەتتە جاپالىق ئەمگەك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن . ئەمما ، ئۇ يالغۇز قىزى فېڭخۇاڭنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرى تەرىپىدىن جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىغا تۇتۇپ ئەكېتىلگەن ئېرىنى ئىزدەشكە كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ تەشۋىشلىنىدىكەن . قىزى بىر كەتكەنچە بىرقانچە ئايغىچە قايتىپ كەلمەپتۇ ، ھەتتا بىرەر خەۋىرىنىمۇ ئاڭلىيالماي تىت - تىت بوپتۇ . بىر كۈنى كەنتمۇ كەنت يۈرۈپ چىراغ

يېغى ساتىدىغان بىر ئۇششاق تىجارەتچى ئۇنىڭ قىزىنىڭ بىر پارچە خېتىنى ئەكەپتۇيۇ، خې تەيشۇنى تاپالماپتۇ. ئۇ ئالدىراپ تۇرغاچقا، خەتنى خې تەيشۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى پەلەمپەيگە قويۇپ قويۇپلا كېتىپ قاپتۇ: خې تەيشۇ ساۋاتسىز بولغاچقا، بۇ خەتنى ھېلىقى چىراغ يېغى ساتقۇچى تاشلاپ كەتكەن بىكار قەغەز ئوخشايدۇ دەپ قاپتۇ. خەتنىڭ بىر بۇرجىكىنى يىرتىپ موخۇركا يۆگەپ چېكىپتۇ. قالغان قىسمى بىلەن دېرىزىسىنىڭ يىرتىلغان يېرىنى چاپلاپتۇ.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن قىزى كەتكەن جۇڭگو يېرىدە سۇ ئاپىتى بولغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كېلىپ قاپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خې تەيشۇ ئائىلىسى قورقۇنچ ئىچىدە قاپتۇ ۋە شۇ يەرلىك پومېشچىكتىن بىرئاز قەرز ئېلىپ، فېڭخۇاڭنىڭ ئانىسىنى سۇ ئاپىتى يۈز بەرگەن يەرگە بېرىپ قىزىنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتمەكچى بولۇپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. قىزىنىڭ ئانىسى يولغا چىقاي دەپ تۇرغان پەيتتە ھېلىقى چىراغ يېغى ساتقۇچى يەنە بۇ يەرگە كېلىپ قاپتۇ، خې تەيشۇدىن قىزىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالمىغانلىقى توغرىسىدا سوراپ كۆرۈپتۇ. بۇ چاغدا خې تەيشۇ دېرىزىنى يەملىگەن ھېلىقى قەغەزنى يادىغا كەلتۈرۈپتۇ، بۇ پارچە - پۇرات قەغەزنى سويۇۋېلىپ خەتنى ئوقۇيالايدىغان ئادەم ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپكە قاتراشقا باشلاپتۇ. ئەمما ئۇلار خەتنى ئوقۇيالىغۇدەك بىرەر ئادەم تاپالماپتۇ. ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزەي دەپ قالغاندا ئۇلارغا بىر ياش ئۇچراپ قاپتۇ. بۇ ياش خۇددى خەتنى ئوقۇيالايدىغاندەكلا خەتكە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بۇ خەتتە قىزىنىڭ شۇم خەۋىرى يېزىلغانلىقىغا كۆز يەتكۈزۈپتۇ ۋە پۈتۈن ئائىلە بويىچە يىغا - زار قىلغىلى تۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، خې تەيشۇ ئاخىرى خەت تونۇيدىغان بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ قاپتۇ. بۇ كىشى ئۇنىڭ جيەن قىزى ئىكەن. ئۇ ئۆز ئېرىنىمۇ باشلاپ كېلىپتۇ ۋە بۇ يېرىم ۋاراق خەتنى ئوقۇپتۇ. ئەسلىدە بۇ خەتتە قىزىنىڭ ئوبدان تۇرۇۋاتقانلىقى، يەنە تېخى بىر پەرزەنتلىك بولۇپ قالغانلىقى

يېزىلغانىكەن . خې تەيشۈنىڭ جاپچىلىقى خۇشاللىقتا ئالمىشىپتۇ . چىرايىدىنمۇ كۈلكە پەيدا بوپتۇ . ئەمما ئۇ بۇ ئىككىيلەندىن پومېشچىكتىن پۇل قەرز ئالغانلىق تىلخېتىدىكى مەزمۇنلار ھەققىدىكى گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان يېرىدىلا قېتىپ قاپتۇ ، چۈنكى ئۇ ئازغىنە 20 يۈەن ئۈچۈن جىيەن قىزىنى پومېشچىككە سېتىۋەتكەن ۋە تىلخەتكە ئۆز بارمىقىنى باسقانىكەن .

بۇ ۋەقەلىك شىمالىي چاۋشيەن دراما ئۆمىكى تەرىپىدىن 1987 ـ يىلى ئوينالغان « قىزىنىڭ خېتى » ناملىق درامىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . بېيجىڭدا چىقىدىغان « نۇر گېزىتى » ماقالە ئېلان قىلىپ ، بۇ دراما مەلۇم بىر دراما ئېپىزوتىدىن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن ، بۇ دراما ئېپىزوتى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە جۇڭگونىڭ جىلىن ئۆلكىسىدە كىم ئىرسىن تەرىپىدىن يېزىلغان . ئۇ چاغدا بۇ درامىنى ئورۇنداشقا شەخسەن ئۆزى قاتناشقان دېگەن . كىم ئىرسىن شىمالىي كورېيىنىڭ دۆلەت باشلىقى ، 1987 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئۇ يېڭىدىن ئۆزگەرتىلگەن بۇ درامىنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ دراما يۈكسەك باھا بەرگەن .

مېنىڭ تېخىمۇ كۆپ كۆڭۈل بۆلگىنىم بۇ درامىنىڭ كولمىناتسىيۇن نۇقتىسى بولدى . پومېشچىك ھېلىقى دېھقاننىڭ پۇلغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىدىن پايدىلىنىپ توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلىغان ، يەنى دېھقانغا ئازراق پۇل بېرىپ قويۇپلا ئۇنىڭ جىيەن قىزىغا ئىگە بولۇۋالماقچى بولغان . ئەمما بۇ دېھقان بۇنى ئەسلا سەزمىگەن .

## ئالتىنچى تەدبىر

# ئۇياقتىن شەپە بېرىپ ، بۇ ياقتىن زەربە بېرىش

يادرولۇق مەزمۇنى : ئۇياقتىن هۇجۇم شەپىسىنى بېرىپ قويۇپ ، بۇ ياقتىن رەسمىي هۇجۇم قىلىش ؛ ياكى ئۇ ياقتىن يالغان هۇجۇم قىلىپ ، بۇ ياقتىن رەسمىي هۇجۇم قىلىش ، هۇجۇم نىشانىسىنى ساختا قىياپەت بىلەن نىقابلاپ ، دۈشمەننىڭ بۆرىنىدىن يېتىلەش . يالغان هۇجۇم قىلىش هىيلىسى .

مەزكۇر تەدبىرنىڭ نامى دەسلەپ تارىخچى دۇيۇ ( مىلادى 735 ـ يىلىدىن 812 ـ يىلىغىچە ياشىغان ) نىڭ « ئۇياقتىن زەربە بېرىمىز دەپ داۋراڭ سېلىپ ، ئەمەلىيەتتە بۇياقتىن زەربە بېرىش » دېگەن سۆزىدە قەيت قىلىنغان . ئەمما ، بۇ تەدبىرنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى سۇن زى ئەسەرلىرىدىكى « مۇداپىئەسىز تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش » دېگەن سۆزدە ئەڭ دەسلەپ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان .

« 36 تەدبىرنىڭ يېڭى نۇسخىسى » دا ئالتىنچى تەدبىرنى مۇنداق شەرھلىگەن :

« بۇ تەدبىرنىڭ مەزمۇنى ، ساختا قىياپەت بىلەن دۈشمەندە ناتوغرا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ ھۇجۇم نىشانىسىنى نىقابلاشتىن ئىبارەتتۇر . ئادەتتە ، جانلىق ھەربىي ھەرىكەت ئارقىلىق بىردەم ئۇياقتىن ، بىردەم بۇياقتىن تېگىش ، بەزىدە ئۇرۇشۇش ، بەزىدە چېكىنىش لازىم . ھۇجۇم قىلماي تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىدىغان ھالەتكە كىرىۋېلىپ ، ھۇجۇم قىلماسلىق ، دۈشمەن ئەھۋالىنى چۈشىنىپ بولغۇچە ۋەزىيەتكە قاراپ ھىيلە ئىشلىتىش ، دۈشمەننىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك . »

## 1. ھاشار ئاپىتى

چىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى كاڭ گۇڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 620 ـ يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 609 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان ) پۇقرالارنى قاقشىتىپ ھاشارغا تۇتۇپ ، ئۇدا ئۈچ يىل سېپىل سوقتۇرۇپتۇ . بۇ چاغدا چىن بەگلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چۇ بەگلىكى بىر بۆلۈك قوشۇن توپلاپ چى بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا جار سېلىپتۇ ، رېن ۋاڭ كاڭ گۇڭغا: « بىر ئەلنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان بارلىق ئامىللار ، مەسىلەن ، ئاچارچىلىق ، ئاغرىق ـ سىلاق ، ھاشار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەننى باشلاپ كېلىشى مۇمكىن . ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۆزلىرى پۇقرالارنى ھاشارغا تۇتۇپ سېپىل ـ پوتەي يا-

ساش بىلەنلا بولۇپ كەتتىلا . ھالا بۇگۈنكى كۈنگە كەلگەندە چۇ بەگلىكى قـوشـۇن تـارتـىـپ چـى بـەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ . پېقىر ئۇلارنىـڭ چى بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىش شەپىسىنى بېرىپ قويۇپ ، چىن بـەگلىكىمىزگە ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن ، شۇڭا تاقابىل تۇرۇش ھازىرلىقىنى كۆرۈپ قويۇشلىرىنى سورايمەن » دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن چىن بـەگـلـىـكـى شـەرقىي چېگرىسىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپتۇ ، بۇ ھالنى كـۆرگـەن چـۇ بـەگـلـىـكـى قـوشـۇنـى ئۆزلـىرىنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىنى توختىتىشقا مەجبۇر بوپتۇ .

بـۇ ھېـكـايە قانۇنچىلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى خـەن فېيىنـىـڭ (مىلا- دىـدىـن بـۇرۇنـقـى 280 ـ يـىـلـىـدىـن مىلادىدىن بۇرۇنقى 233 ـ يىلىغىچە ياشىغان ) كىتابىدىن ئېلىنغان .

## 2. يالغاندىن ئىتتىپاق تۈزۈش

ئۇرۇشـقـاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ، چى بەگلىكى ، خەن بەگلىكى ۋە ۋېـي بـەگـلـىـكـى بىرلىشىپ يەن بەگلىكىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان . يەن بـەگـلـىـكـى چۇ بەگلىكىدىن ياردەم سورىغان ، چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى جـىـنـڭ يـاڭ باشچىلىق قىلغان بىر قوشۇننى يەن بەگلىكىنى قۇتقۇلدۇرۇشقا ئەۋەتـكـەن . جىڭ ياڭنىڭ قوشۇنى يەن بەگلىكىگە بارماي ، ھېچ ئويلىمـ- غـان يـەردىـن چىقىپ ۋېي بەگلىكىنىڭ مۇھىم شەھىرى بولغان يۇڭچيۇنى ئىـشـغـال قىلغان . چى ، خەن ۋە ۋېي بەگلىكلىرى يەن بەگلىكىدىكى مۇ- ھاسـىـرىسىنى بىكار قىلىپ لەشكەرلىرىنى ئۆز بەگلىكىگە قايتۇرغان . ئەمما بـۇ چـاغـدا ۋېـي بەگلىكىنىڭ لەشكەرلىرى غەربتە ، چى بەگلىكىنىڭ لەشـ- كـەرلـىرى شەرقتە بولغاچقا چۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنى يۇڭچيۇدا قورشىلىپ قـالـغـان . شـەھەرگە قامىلىپ قالغان چۇ بەگلىكى قوشۇنى ئۆز بەگلىكىگە قـايتىشقىمۇ ئامالسىز قالغان ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق ؟ جىڭ ياڭ ئاخىرى شـەھەرنـىـڭ غـەربـىـي دەرۋازىسىنى ئېچىشقا بۇيرۇق قىلغان ۋە ئادەم ئەۋە- تىپ ، كۈندۈزى هارۋا ھەيدەپ ، كېچىسى ئوتقاش كۆتۈرۈپ چۇ بەگلىكى

قوشۇنى ۋە ۋېي بەگلىكى قوشۇنى ئوتتۇرىسىدا توختىماي يۈگۈرەتكەن،
بۇنىڭ بىلەن چۇ بەگلىكى قوشۇنى بىلەن ۋېي بەگلىكى قوشۇنى ئوتتۇ-
رىسىدا قويۇق ئالاقە بولۇۋېتىپتۇ دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلغان. شۇنىڭ
بىلەن چى بەگلىكى قوشۇنىدا گۇمان تۇغۇلۇپ، چۇ بەگلىكى قوشۇنى
بىلەن ۋېي بەگلىكى قوشۇنى ئىتتىپاق تۈزۈپ بىزگە ھۇجۇم قىلسا كېرەك
دەپ ھېسابلىغان ۋە ئۆزلۈكىدىن چېكىنىپ كەتكەن. چى بەگلىكى قو-
شۇنى چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن يالغۇز قالغان ۋېي بەگلىكىنىڭ
قوشۇنى ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان چۇ بەگلىكى قوشۇنىنىڭ ھۇجۇم قى-
لىشىدىن قورقۇپ كەتكەچكە، قولنى سوزسا بارماقنى پەرق ئەتكىلى
بولمايدىغان بىر بوران - چاپقۇنلۇق كېچىدە ئۈن - تىنسىزلا چېكىن-
گەن. چۇ بەگلىكى قوشۇنىمۇ ھېچقانداق خەۋپكە ئۇچرىمايلا ئۆز
بەگلىكىگە قايتىپ كېلىۋالغان.

## 3. دەريادىن ئۆتۈش ھەرىكىتى

لىيۇ باڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلى جۇڭگو تارىخىدىكى ھو-
قۇق مەركەزگە توپلانغان تۇنجى ھاكىمىيەت — چىن سۇلالىسىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭگو تارىخىدا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى ئەڭ ئۇ-
زۇن بولغان خەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىققان، ئەمما ئۇ تا مىلادىدىن
بۇرۇنقى 202 - يىلىغىچىلىك چىن سۇلالىسى بىلەن بىللە ھالاكەتكە يۈز
تۇتۇپ يەنە قايتا باش كۆتۈرگەن يەرلىك كۈچلەرگە قارشى كۈرەش
يۈرگۈزۈپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ بىرى ۋېي ۋاڭباۋ بولغان. بىر قېتىم خەن
قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن، ۋېي ۋاڭباۋ قول
ئاستىدىكى سەركەردە بوجىغا بارلىق ۋېي قوشۇنلىرىنى باشلاپ بېرىپ،
خۇاڭخې دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى پۇبەن دېگەن يەر ئەتراپىدا
مۇداپىئەدە تۇرۇشقا بۇيرۇق بەرگەن. بوجى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كېچى-
كىنى توسۇپ تاشلاپ، ھەرقانداق كېمىنىڭمۇ يەردىن ئۆتۈشكە رۇخسەت
قىلمىغان، پۇقرالارنىڭ بارلىق كېمىلىرىنى مۇسادىرە قىلىۋالغان. يەنە بىر

بۆلۈك لەشكەر ئەۋەرتىپ دەريا بويلاپ يۇرۇپ كۆزەتچىلىك قىلغۇزغان. ئۇنىڭچە، يۇبەندىن ئۆزگە يەردىن خەن قوشۇنىنىڭ ئۆتەلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، يۇبەننى ساقلاپ قالالىسىلا بولاتتى.

خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى خەن شىن شۇنى چۈشىنەتتىكى، يۇبەنگە ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئىمكانىيىتى بەكمۇ ئاز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۇبەن كېچىكىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى قىرغاقتا چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىككەن، بارگاھ ئەتراپىغا تۇغ ـ ئەلەملەرنى قاداپ، بارلىق كېمىلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يەرگە توپلىغان. خەن لەشكەرلىرى كۈندۈزلىرى داقا ـ دۇمباق چېلىپ چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرگەن، كېچىلىرى گۈلخان ۋە ئوتقاشلارنى يېقىپ، ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈرۈشۈپ، ئالدىراش قىياپەتكە كىرىۋالغان. بۇ خىل ھالەت خەن سۇلالىسى قوشۇنى خۇددى ھازىرلا دەريادىن ئۆتىدىغاندەك بىر تۇيغۇ پەيدا قىلغان. ئالدام خالتىغا چۈشكەن بوجى مانا مۇشۇ سەۋەبلىك خۇاڭخې دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىنىڭ مۇداپىئەسىنى تامامەن يادىدىن چىقىرىۋەتكەن.

دەل شۇ چاغدا، خەن شىن ئاساسىي كۈچىنى خۇاڭخې دەرياسى-نىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا خۇپىيانە يۆتكەپ بولغان ۋە سەنشىنىڭ خەنچېڭ دېگەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىن ياغاچ قولۋاق بىلەن دەريادىن ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن ۋېي ۋاڭباۋ خەن شىننىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچرىغان.

## 4. ئالدانغان «سېرىق ياغلىقلىقلار قوشۇنى»

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا «سېرىق ياغلىقلىقلار» قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلگەن. شەرقىي خەن پادىشاھى ۋەزىرى جۇ بۇنى ئەۋەتىپ «سېرىق ياغلىقلىقلار قوشۇنى» نىڭ ۋەنچېڭ (بۈگۈنكى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نەنياڭ شەھىرى) شەھىرىنى ئىگىلەپ يات-قان بىر تارمىقىنى قورشاتقۇزغان. ۋەزىر جۇ بۇ دۈشمەن ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشى كۆزىتىشكە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن شەھەر سېپىلىنىڭ

سىرتىغا بىر توپا تاغ ياساتقۇزغان ۋە داقا ـ دۇمباق ، كاناي ـ سۇناي چالغۇزۇپ ، شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىگە يالغان ھۇجۇم باشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن . ئۇ توپا تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ « سېرىق ياغلىقلىقلار قوشۇنى »نىڭ شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىگە يۆتكىلىپ مۇداپىئەدە تۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆرگەن ، ئۆز قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىگە چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم باشلاشقا بۇيرۇغان . شۇنداق قىلىپ ۋەنچېڭ شەھىرىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئىشغال قىلغان .

## 5 . قىلنى قىرىق ياردىغان جۇ يافۇ

خەن پادىشاھ جىڭدى تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە ، ئايرىم ـ ئايرىم سۇيۇرغاللىقتا ئېرىشكەن يەتتە نەپەر بەگ بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرگەن ھەمدە پادىشاھنىڭ ئەڭ ئامراق سانغۇنى بولغان جۇ يافۇ ساقلاۋاتقان بىر شەھەرگە ھۇجۇم قىلغان .

ئاسىي قوشۇن بۇ شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە ھۇجۇم قىلغىلى تۇرغاندا جۇ يافۇ بۇنىڭ ئۇياقتىن شەپە بېرىپ ، بۇياقتىن ھۇجۇم قىلىش ھىيلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغان ، ئەسكەرلىرىنى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئەۋەتمەي ، شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن . دېگەندەك ، دۈشمەن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاساسىي كۈچىنى شەھەرنىڭ غەربىي شىمال بۇرجىكىگە يۆتكەپ كېلىپ شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەن . بىراق ، جۇ يافۇ بۇ تەرەپنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتكەچكە ، ئاسىي ئارمىيە ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىگەن .

## 6 . ناپالېئوننىڭ يالغان ھۇجۇمى

1798 ـ يىلى ، ناپالېئون ئۆزىنىڭ مىسىرغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈۋاتقان چاغدا ھەر خىل ساختا ۋەقەلەرنى پەيدا قىلغان . بۇنداق ساختا ۋەقەلەر ئەنگلىيىلىكلەردە فرانسىيە ھەربىي كېمە ئەۋەتىپ ئىرلاندىيىنى

ئىشغال قىلىشى مۇمكىن دېگەن خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلغان . شۇنىڭ بىلەن ، ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى نىلسۇن ئىرلاندىيە ئەتراپىدىكى دېڭىزدا قامال يۇرگۇزگەن . بۇنداق پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتقان ناپالېئون كېمە - پاراخوتلىرىنى دەرھال ھەرىكەتكە كەلتۇرۇپ ، مىسىر تامان يۇرۇپ كەتكەن .

## 7 . جۇ دېنىڭ غەلىبىسى

نەنچاڭ شەھىرىدىكى گارنىزون قىسىملىرى 1927 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۇنى قوزغىلاڭ كۆتۇرۇپ ، جياڭ جيېشىنىڭ 1927 - يىل 4 - ئاينىڭ 18 - كۇنى قۇرغان گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى چىقتى . بۇ قوزغىلاڭچى قوشۇن كېيىنكى كۇنلەردىكى قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسلىق قوشۇنى بولۇپ قالدى . گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ قاتمۇقات بېسىمى ئاستىدا ، بىر بۆلۇك قوزغىلاڭچى قوشۇن جۇڭگونىڭ جەنۇبىغا يېتىپ كەلدى . ئۇلار ئۇ يەردە جىڭگاڭشەن تېغىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان ئاساستا 1930 - يىلىغىچە 11 ئىنقىلابىي تايانچ بازا قۇرۇپ چىقتى . يۇڭشىنچېڭ بولسا ئاشۇ تايانچ بازىلارنىڭ بىرى ئىدى . گومىنداڭ قوشۇنى يۇڭشىنچېڭنى ئىشغال قىلىۋالغاندا ئەينى چاغدىكى 4 - ئىشچى - دېھقانلار ئىنقىلابىي ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان جۇ دې غەربىي جەنۇبتا گاۋلۇڭغا ھۇجۇم قىلىپ ، قىزىل ئارمىيە خۇنەننى ئىشغال قىلماقچى ئوخشايدۇ دېگەن قاراشنى پەيدا قىلدى . كېيىن ، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسىي كۇچى گاۋلۇڭدىن تۇيۇقسىز چېكىنىپ چىقتى ۋە كۇنىگە 130 چاقىرىم يول يۇرۇپ ساۋشىماۋدىكى دۇشمەننى يوقىتىپ ، يۇڭشىنچېڭنى ئىشغال قىلدى . 1982 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۇنى « خەلق گېزىتى » ماقالە ئېلان قىلىپ ، جۇ دېنىڭ بۇ ستراتېگىيىسىنى « ئۇياقتىن شەپە بېرىپ ، بۇياقتىن زەربە بېرىش » تەدبىرىنى ناھايىتى جايىدا قوللانغان دەپ مەدھىيىلىدى .

## 8 . ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇناسىۋەتلىك بايانلىرى

ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ 1 - ۋە 2 - توم تاللانما ئەسەرلىرىنىڭ

بىرقانچە يېرىدە ئالتىنچى تەدبىرنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. «ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان:

«〈ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش〉 دۈشمەندە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىشنىڭ بىر ئۇسۇلى، ئەۋزەل ئامىۋى شارائىت ھازىرلانغان، خەۋەرنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنى قامال قىلغىلى بولىدىغان پەيتتە دۈشمەننى ئالدايدىغان ھەر خىل چارىلەر ئارقىلىق دۈشمەننى ئۇنۇملۇك ھالدا خاتا ھۆكۈم چىقىرىدىغان ۋە خاتا ھەرىكەت قىلىدىغان قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە ئاكتىپلىقىنى يوقىتىش لازىم. ئۇرۇشنىڭ توققۇزى رەڭ، دېگەن دەل مۇشۇنىڭ ئۆزى.»

«ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيە مەسىلىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئۇ يەنە مۇنداق يازىدۇ:

«ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەش، ئادەتتە مەخپىي ۋە تېز ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىز دائىم ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇ ياقتىن زەربە بېرىش، بىردەم ئۇياقتىن، بىردەم بۇياقتىن تېگىش، بىردەم ئۇرۇش قىلىش، بىردەم چېكىنىش. كېچىدە ھەرىكەت قىلىشقا ئوخشاش ئەپچىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ دۈشمەننى ئالدىشىمىز، قارماققا ئىلىندۇرۇشىمىز، ئېسەنكىرىتىپ قويۇشىمىز كېرەك.»

ئەمدى ماۋ زېدۇڭنىڭ «جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيە مەسىلىسى» دېگەن ئەسىرىدىكى ئالتىنچى تەدبىرگە ئائىت بىر ئابزاسنى نەقىل ئېلىپ ئۆتىمىز:

«بىلىش كېرەككى، دۈشمەننىڭ ھەرقانداق ئاقىل قوماندانىمۇ خېلى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە بىرئازمۇ سەۋەنلىك سادىر قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. خۇددى بىزمۇ بەزىدە خاتا قىلىپ قويغىنىمىزغا، بەزىدە دۈشمەنگە يوچۇق قالدۇرغىنىمىزغا ئوخشاش، دۈشمەنمۇ خاتالىق ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن. ئەمما بىز دۈشمەننى سۈنئىي رەۋىشتە خاتالاشتۇرالايمىز. بۇ سۆز زى ئېيتقاندەك، ئۇياقتىن كۆرۈنۈپ قويۇپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش جۈملىسىگە كىرىدۇ.»

## 9. جۇڭگو ئەمەس، بەلكى كامبودژا

1978 - يىلى 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «خەلق گېزىتى» بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلغان. ماقالىنىڭ ماۋزۇسىغا ئالتىنچى تەدبىرنىڭ نامىنى ئىشلىتىپ، «ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش سۇيىقەستى» دەپ ماۋزۇ قويغان. ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: ۋيېتنام دائىرىلىرى جۇڭگو - ۋيېتنام چېگرىسىدا كۆپ قېتىم ۋەقە پەيدا قىلىپ، جۇڭگونى ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇرلىدى. ئەمەلىيەتتە، ۋيېتنامنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ۋيېتنام خەلقىنىڭ نەزىرىنى يۆتكىۋېتىش، ۋيېتنام خەلقىنىڭ قوشۇن كېڭەيتىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ئارقىسىدا پەيدا بولغان قىيىنچىلىققا قارىتا نارازىلىقىنى باستۇرۇشتىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت - نەزىرىنى جۇڭگو - ۋيېتنام چېگرىسىغا جەلپ قىلىپ، كامبودژا - ۋيېتنام چېگرىسىدىكى كامبودژاغا كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم قوزغايدىغان ھەربىي ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.»

## 10. بىردە ئۇياقتىن، بىردە بۇياقتىن تېگىش

داڭلىق رومان «سۇ بويىدا» يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، غەربلىكلەر بۇ رومانىنى «لياڭشەن كۆلى بويىدىكى باندىتلار»، «قىرغاق بويىدا» دەپ تەرجىمە قىلىشقان. بۇ رومانىنىڭ بىر بۆلىكىدە چىن مىڭنىڭ سەردار ۋە لەشكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ چىڭفېڭشەننى ئىشغال قىلغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. لياڭشەندىكى ئەزىمەتلەر بىردەم غەرب تەرەپتە چوقان - سۈرەن سېلىشىپ، بىردەم شەرقتە غوۋغا كۆتۈرۈشكەن. بۇنىڭدىن مەقسەت، دۈشمەننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى خورىتىش بولغان.

چىن مىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ قول ئاستىدىكىلەرگە داقا - دۇمباقنى بولۇشىغا چېلىشقا بۇيرۇغان ۋە «تاغقا قاراپ ئاتلىنىڭلار!» دېگەن.

قايناق ھاياتقا چۆمۈلگەن بۇ تاغ چوققىسى لياڭشەن ئەزىمەتلىرىنىڭ « پاراغەتگاھى » ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا داڭقى ئالەمگە تارقالغان بىر بۆلۈك كىشىلەرمۇ تاغقا چىقىپ ئۇلارغا قوشۇلغان. ئۇلار بولسا ئۆز ۋاقتىدا فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ زۇلمەتلىك ئاسارىتىدە باشقىلارنىڭ تۆھپىسىگە، بوزەك قىلىنىشىغا ئۇچراپ ماڭارغا يول تاپالمىغان، ئەمەلدارلارنىڭ تۇتۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ بۇ تاغنى ماكان تۇتقانلار ئىدى. مىجەزى بەكمۇ ئۇسال سەردار چېن مىڭنىڭ بۇ تاغقا لەشكەر تارتىپ كېلىشىدىن مەقسەتمۇ ئەنە ئاشۇ كىشىلەرنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.

سەردار ـ لەشكەرلەر چۇقان كۆتۈرگەن پېتى تاغ چوققىسىغا قاراپ شىددەت بىلەن ئېتىلغان. پىيادە لەشكەرلەر ئالدىدا، ئاتلىق لەشكەرلەر كەينىدە ماڭغان: ئۇلار چوڭقۇر جىلغىلارغا كىرگەندىن كېيىن يەنە تىك قىيالار ئۈستىگە چىققان. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى 50 ـــ 60 چە لەشكەر تاغ چوققىسىغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەرگە يېتىپ كەلگەن. ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ يۇقىرىغا قارىشىپ تۇرغاندا گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ يوغان تاشلار دومىلىغان پېتى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشكە باشلىغان. قايناپ تۇرغان ھاك سۈيى، بەتبۇي سۈيدۈك خۇددى سەلدەك ئېقىپ چۈشكىلى تۇرغان. بۇ لەشكەرلەر قېچىپ ئۇزاققا بارمايلا تاشلار ئاستىدا يانجىلىپ، جان تالاشقۇدەكمۇ ھالى قالمىغان. ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان سەردار ۋە لەشكەرلەرمۇ خۇددى توشقان مىسالى تاقلىتىپ، ئۇدۇل كەلگەنلا يەرلەرگە يوشۇرۇنۇۋالغان.

چېن مىڭ ئاچچىقىغا پايلىماي، بەختكە يارىشا ئامان قالغان لەشكەرلەرنى يەنە بىر يەرگە توپلاپ، تاغقا قايتا ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇغان. بۇ قېتىم ئۇلار تاغنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ باشقا بىر يول بىلەن ماڭغان. بۇ چاغدا غەربتىكى تاغ قاپتىلىدا داقا ـ دۇمباقلار ياڭراپ كەتكەن. قويۇق ئورمان ـ چاتقاللار ئارىسىدىن قىزىل تۇغ ـ ئەلەم كۆتۈرۈشكەن بىر توپ لەشكەرلەر تۇيۇقسىز ئېتىلىپ چىققان. چېن مىڭ ھايال بولمايلا قول ئاستىدىكى پىيادىلەر ۋە ئاتلىقلارنى باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن. ئۇ كۆزلە-

گەن يېرىگە يېتىپ بارغاندا داقا ـ دۇمباقنىڭ ئاۋازى ئۆچكەن، قىزىل
تۇغ ـ ئالەملەرمۇ غايىب بولغان. چىن مىڭ تۇغ ـ ئەلەم كۆتۈرگەن ھې-
لىقى لەشكەرلەر ئېتىلىپ چىققان يەرگە بارغاندىلا بۇ يولنىڭ رەسمىي يول
ئەمەسلىكىنى پەقەت ئوتتۇن كەسكۈچىلەر ئۆتۈپ پەيدا بولغان بىر چىغىر
يول ئىكەنلىكىنى بايقىغان. بۇ يولغا ياغاچ ۋە دەرەخ كۆتەكلىرى توشۇپ
كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلگىرىلەشكىمۇ ئامالسىز قالغان. سەردار ۋە
لەشكەرلەر يولنى تازىلاشقا تۇتۇش قىلىۋاتقان ئاشۇ پەيتتە، ئۇلار
ئەۋەتكەن تىڭ تىڭچىلار يۈگۈرۈپ كېلىپ شەرقىي تاغدىمۇ داقا ـ دۇم-
باق چېلىنىۋاتقانلىقىنى، قىزىل تۇغ ـ ئالەم كۆتۈرگەن لەشكەرنىڭ
بايقالغانلىقىنى خەۋەر قىلىشقان. چىن مىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەرقىي
تاغ تەرەپكە قاراپ ئاتاكىغا ئۆتكەن. لېكىن ئۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە
بولسا داقا ـ دۇمباق ئاۋازىمۇ ئۆچكەن، تۇغ ـ ئەلەملەرمۇ كۆرۈنمىگەن.
تاغقا تۇتىشىدىغان يول ئوخشاشلا شاخ ـ شۇمبا بىلەن توسۇلۇپ قالغان.

بۇ چاغدا ئايغاقچىلار شاپاشلاپ كېلىپ غەربىي تاغدىمۇ داقا ـ
دۇمباق ئاۋازىنىڭ ئاڭلىنىۋاتقانلىقى، تۇغ ـ ئەلەملەرنىڭ لەپىلدەۋاتقانلىقى
توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن. چىن مىڭ يەنە شۇ تەرەپكە قاراپ ھۇجۇمغا
ئۆتكەنۇ، يەنە قۇرۇق قول قالغان!

چىن مىڭ تاغلارنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتكۇدەك غەزەپكە كې-
لىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقان. لەشكەرلەر بولسا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ
ئۇياق ـ بۇياق چېپىپ يۈرۈپ ماغدۇر ـ ماجالىدىن كېتىپ قالغان. دەل
شۇ چاغدا شەرق تەرەپتىن يەنە دۇمباق ئاۋازى ئاڭلانغان. چىن مىڭ يەنە
شەرق تەرەپكە بۇرۇلۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن، نەتىجىدە يەنە ھېچنېمىگە ئې-
رىشەلمىگەن، ھېچنېمىمۇ كۆرەلمىگەن.

ئۇلار بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ، ھېرىپ ـ
چارچىغان، ئاخىرىدا مەغلۇپ بولۇش قىسمىتىدىن بەرىبىر قۇتۇلالمىغان.

## 11 . سېھىرگەرلىك ئويۇنى

ئۇستا سېھىرگەرلەر ئويۇن داۋامىدا دائىم «ئۇياقتىن شەپە بېرىپ، بۇياقتىن زەربە بېرىش» تەدبىرىنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇلار ئالدى بىلەن تاماشىبىنلارنىڭ دىققەت ـ نەزەرىنى باشقا تەرەپكە بۇرۇۋېتىدۇ ـ دە، تاماشىبىنلار دىققەت قىلمىغان يەردىن تېزلىك بىلەن ئۆز سېھىرگەرلىكىنى نامايىش قىلىشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ.

## يەتتىنچى تەدبىر

# يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىش

**يادرولۇق مەزمۇنى :**

ئا) كىشىنى قورقۇتقۇدەك بىر ساختا ھادىسە پەيدا قىلىش ۋە بۇنى دۈشمەنگە بىلدۈرۈش ، بۇ ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ھوشيارلىقىنى بوشىتىپ تاشلاش ، يېڭى بىر خەۋپ يېتىپ كەلگەندە دۈشمەننى بۇنىڭ يەنىلا ساختا ھادىسە ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈش . دۈشمەن مۇداپىئەسىز ھالەتتە تۇرغاندا پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىش .

ب) بىر خىل ساختا قىياپەت ئويدۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق نەپ ئېلىش ، يالغاننى راستنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ، ساختىلىقنى چىنلىق ئورنىغا دەسسىتىپ مەقسەتكە يېتىش .

س) يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىش ، پاشىنى پىل قىلىپ كۆرسىتىش ، كىچىكنى چوڭ دەپ بىلىش . ئويدۇرمىچىلىق ھېيلىسى . يېڭىنى پەيدا قىلىش ھېيلىسى .

مەزكۇر تەدبىرنىڭ نامى جۇڭگونىڭ قەدىمقى پەيلاسوپى لاۋزى-نىڭ «ئەخلاقنامە» دېگەن ئەسىرىنىڭ 40 ـ بابىدا ئۇچرايدۇ . بۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن :

« دۇنيادىكى جىمى مەۋجۇداتلار بارلىقتىن پەيدا بولىدۇ ، بارلىق يوقلۇقتىن پەيدا بولىدۇ . »

بۇ ، ھەرقانداق شەيئى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن مەۋجۇت بولمىغان دېگەنلىكتۇر . مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بارلىق مەۋجۇداتلار «يوق» لۇقتىن ئاپىرىدە بولغان دېيىشكە بولىدۇ .

بىراق ، بۇ يەردە بۇ بىر جۈملە سۆزنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شەرھلىمەكچى ئەمەسمىز ، تەرىقەتچىلەر پەلسەپىسىدىكى يۇكسەكلىك دەرىجىسىنى چوڭقۇرلاپ مۇزاكىرە قىلماقچىمۇ ئەمەسمىز . دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى ، غەربلىكلەر تەرىپىدىن چوڭقۇر پەلسەپىۋى تىل بىلەن شەرھلىنىدىغان « ئەخلاقنامە » بولسا جۇڭگودا تاكى تاڭ سۇلالى-سىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بەزىبىر كىشىلەر تەرىپىدىن ئىزچىل تۇردە ھەربىي پەم كىتابى سۈپىتىدە قارىلىپ كەلدى . سەۋەب ، جەمئىي 81 باب-تىن تەركىب تاپقان بۇ كىتابنىڭ تەخمىنەن 20 بابىدا يوشۇرۇن پەلسەپىۋى تىل بىلەن ھەربىي ئىشلار مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلگەنلىكىدە ۋە باشقا باب ، ئابزاسلىرىدىمۇ ھەربىر پەم ۋە ھەربىي ستراتېگىيە ئىدىيىسى بىلەن ئالاقىدار مۇھاكىمىلەرنىڭ بولغانلىقىدا . بۇ-نىڭغا ئاساسلانغاندا ، « ئەخلاقنامە » نى بىر ھەربىي ئىشلار ھەققىدىكى ئەسەر دېيىشنىڭ ئۆزى بىر خىل مۇۋاپىق قاراشتۇر . « لاۋزى ــ بىر ھەر-بىي كىتابدۇر » دېگەن ماقالىدە ئېيتىلىشىچە ، « ئەخلاقنامە » ــــ يىلنامە مەزگىلى ۋە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدىكى ئۇرۇش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىگەن ، قەدىمكى ھەربىي كىتابلارنىڭ مۇھىم يەرلىرىنى ئومۇملاشتۇرغان ، ئەسكەر ئىشلىتىش يولىنى سىياسىي كۆرەشنىڭ تاكتىكا ۋە ستراتېگىيە ئىدىيىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن بىر ئەسەر ئىكەن . شۇ سەۋەبلىك ، ئۇ « سۇن زىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار مىزانى » يۇقىرىراق

ئومۇمىيى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەن . ئەمما ، شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى ، جۇڭگودا بۇ خىل كۆز قاراشقا قوشۇلمايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس .

## 1 . قارانچۇق لەشكەر

مىلادى 756 ــ يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئۈچ باسقاق ھىراۋۇلى ئەن لۇشەن بوگۇنكى بېيجىڭ رايونىدا ئاسىيلىق قىلىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەن . تاڭ سۇلالىسىنىڭ سانغۇنى لىڭ خۇچاۋ ئەن لۇشەنگە تەسلىم بولغان ۋە ئەن لۇشەننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يۇڭچيۇ شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان . شەھەر ئىچىدە مۇداپىئەدە تۇرغان لەشكەرلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ ، قورال ــ ئەسلىھەلىرىمۇ كەمچىل بولغان . شەھەرنى ساقلاۋاتقان سانغۇن جاڭ شۈن ( مىلادى 709 ــ يىلىدىن مىلادى 757 ــ يىلىغىچە ياشىغان ) راست ئادەمگە ئوخشىشىدىغان بىرەر مىڭ قارانچۇق ياساپ ، بۇ قارانچۇقلارغا قارا كىيىم كىيدۈرۈپ كۆلا بىلەن باغلاپ چىقىشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن ۋە بۇ قارانچۇقلارنى تۈن كېچىدە سېپىلدىن سېپىل تېشىغا تاشلاتقان . شەھەرنى قورشىۋالغان ئاسىي قوشۇن بۇنى شەھەردىكى لەشكەرلەر سېپىلدىن چۈشۈپ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسا كېرەك دەپ قارىغان ۋە بۇ قارانچۇقلارنىڭ ئۈستىگە مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇرغان . جاڭ شۈن ئادەملىرىگە ھېلىقى قارانچۇقلارنى تارتىپ چىقارغۇزغان ، نەتىجىدە بىراقلا بىرقانچە ئون مىڭ دانە ئوقيا ئوقىغا ئىگە بولغان .

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ، جاڭ شۈن راست ئادەملەرنى سېپىلدىن ئارتىلدۇرۇپ سېپىل تېشىغا چۈشۈرگەن . لىڭ خۇچاۋ ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى بۇنى جاڭ شۈننىڭ قارانچۇق تاشلاپ ئوق يىغىۋېلىش ھىيلىسى دەپ چۈشىنىشكەن ، ئۇلار چۈشۈۋاتقان « قارانچۇقلار » غا قاراپ سوغۇق كۈلۈپ قويغان ، جەڭ تەييارلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان . شەھەر سېپىلىدىن ئارتىلىپ چۈشكەن 500 نەچچە پىدائىي لىڭ خۇچاۋنىڭ بارگاھىغا چاقماق سۈرئىتىدە ھۇجۇم باشلاپ ، چېدىر ــ بارگاھلىرىنى كۆيدۈرۈپ ، بىر بۆلۈك ئاسىي لەشكەرلەرنى ئۆلتۈرگەن . ئامان قالغان

بەزى لەشكەرلەر بولسا تۆت تەرەپكە پىتىراپ كېتىشكەن .

## 2 . چاۋشيەن ئۇرۇشى

ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى داۋامىدا 1952 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە شاڭگەنلىڭ جېڭى بولۇپ ئۆتكەن . ئامېرىكا ئارمىيىسى تەخمىنەن 3.7 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جەڭ مەيدانىغا 60 مىڭ ئەسكەر بىلەن ھۇجۇم قىلغان . مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان بومبا تاشلاپ ، شاڭگەنلىڭ چوققىسىنى ئىككى مېتىرچە پەسلىتىۋەتكەن . بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ، پەقەت تاغ ئۆڭكۈرىگىلا كىرىۋالالىغان . ئامېرىكا ئەسكەرلىرى ئۆڭكۈر ئىچىگە تۇتەك بومبىسى تاشلاپ جۇڭگو ئەسكەرلىرىنى ئىسلاپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان .

بىر كۈنى كەچقۇرۇن ، پىدائىيلار مەلۇم لىيەنى دۈشمەننىڭ ھېرىپ ـ چارچىغان پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ ، ئۆڭكۈر سىرتىدا بىر قېتىملىق ئاۋارە قىلىش جېڭى ئېلىپ بارغان . ئۇلار ئالدى بىلەن ھۇجۇم قىلماقچى بولغان تەرەپكە قۇرۇق كونسېرۋا قۇتىسى ۋە باشقا ئاۋاز چىقىرالايدىغان نەرسىلەرنى ئاتقان . باشتا ، دۈشمەنلەر ھەر بىر سادائا ناھايىتى تېزلىكتە ئىنكاس قايتۇرۇپ ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپنى شىددەتلىك توپ ئوققا تۇتقان . پىدائىي جەڭچىلەر ھېلىقىدەك ھەرىكەتنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان . ئۈچىنچى قېتىمغا بارغاندا ئامېرىكا ئەسكەرلىرى قايتا ئىنكاس قايتۇرمىغان . بۇ چاغدا ، پىدائىي قوشۇننىڭ بۇ زەربىدارلار كىچىك ئەترىتى لەخمىدىن سەكرەپ چىقىپ لەخمىگە ئاران 20 نەچچە مېتىر كېلىدىغان يەردىكى ئىككى دۈشمەن لەخمىسىنى پارتلىتىپ تاشلىغان . ئامېرىكا ئەسكەرلىرى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگەن چاغدا ، پىدائىي قوشۇننىڭ بۇ كىچىك زەربىدارلار ئەترىتى ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىمايلا ئۆز لەخمىلىرىگە قايتىپ بېرىپ بولغان .

## 3 . هاننىبانىڭ كالا قوشۇنى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 217 - يىلى، هاننىبا ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى رومالىق خابىئۇس تەرىپىدىن بۆكتۈرمە قويۇلغان چوڭقۇر بىر جىلغىغا ئالداپ ئەكىرىلگەن. هاننىبا ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلىش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرغان. شۇ كۈنى ئاخشىمى، هاننىبا 2000 تۇياق كالا تېپىپ كېلىپ، كالىلارنىڭ مۈڭگۈزىگە ئوتۇن ۋە ئوت - چۆپلەرنى باغلاپ قويغان ۋە ئوت ياققاندىن كېيىن بۇ كالىلارنى رومالىقلارنىڭ بارگاھىغا قاراپ ھەيدىگەن. هاننىبانىڭ قوشۇنى باستۇرۇپ كەلدى دەپ قارىغان رومالىقلار پاتىپاراقچىلىققا چۈشكەن. هاننىبا ۋە ئۇنىڭ جەڭچىلىرى بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ يولۋاس ئاغزىدىن قېچىپ قۇتۇلغان.

ئارىدىن 2000 نەچچە يىل ئۆتۈپ 2 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغان. بۇ مەزگىلدە گېرمانىيە قوراللىق ئارمىيە مارشالى لۇنمېر شىمالىي ئافرىقىدىكى ئۇرۇش مەيدانىدا « ئاۋام » ماركىلىق ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا برونېۋىكنىڭ مودېلىنى ئورناتقان ھەمدە پىرتىسىپ سۆرەتكەن بىرقانچە ماشىنىنى قۇملۇقتا ئويان - بۇيان ماڭدۇرۇپ ئاسمان - پەلەك توپا - چاڭ توزۇتقان. شۇنىڭ بىلەن خىل قوراللانغان قىسىم بېسىپ كېلىۋاتقاندەك يالغان كۆرۈنۈش پەيدا قىلىپ دۈشمەن ئارمىيىسىنى ئالدىغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەقىللىك ۋە چېچەن قوماندانى جاپايېۋ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن يەم ۋە تەدبىرلەرنى ئىشلەتكەن. بىر قېتىم جاپايېۋ بىر بۆلۈك ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ رازۋېتكا ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغىلى بارغان ۋە مەلۇم بىر كەنتنى ئاقلار ئارمىيىسى ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئۇقماقچى بولغان. ئەمەلىيەتتە بۇ كەنت دۈشمەن تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنمىغان، لېكىن ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ ئالدىن بارار قىسمى بۇ كەنتكە يېقىنلىشىپ قالغان. جاپايېۋنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى لېيەنى يول ئۈستىدە بىر تاغدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى، تاغ ئارقىسىدا بولسا ئۇلار رازۋېتكا قىلماقچى بولغان كەنت بار ئىدى.

قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاتلىق ئەسكەرلىرى تاغ چوققىسىدا پەيدا بولۇشى بىلەنلا ئۇلارنى ئاقلار قوشۇنى كۆرۈپ قالغان ۋە ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىغان. قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى پەسكە قاراپ ئېتىلىپ ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ رازۋېتكىچىلىرى ئۆزلىرىنى كۆرۈپ قالمىسۇن ئۈچۈن كەينىگە كىرىۋالغان. ئاقلار ئارمىيىسىنىڭ بۇ يەرنىڭ يەر شەكلىنى بىلمەيدىغانلىقى چاپايېۋقا ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاتلىق ئەسكەرلىرىگە تاغ باغرىدىن قايتا - قايتا ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئاندىن تاغ چوققىسىغا چىقىشقا بۇيرۇق قىلغان. ئاقلار قوشۇنى ئۇلارنى قىزىل ئارمىيىنىڭ باشقا بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر تارمىقى بولسا كېرەك دەپ ئويلاشقان. چاپايېۋ ئاتلىق ئەسكەرلىرىنى دۈشمەننىڭ كۆز ئالدىدىلا قايتا - قايتا ئۆتكۈزۈۋەرگەن. نەتىجىدە ئاقلار قوشۇنى پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئاتلىق ئەسكەرلەر دىۋىزىيىسىنى ئۆزلىرىگە قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى دەپ ھېسابلاپ ئوق چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان ۋە قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋەتكەن.

2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بىر قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسىنىڭ بىر قوماندانى باشلاپ يۈرگەن زەرىبىدارلار شۆبە ئەترىتى بىر جىددىي ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان، يەنى گېرمانىيىنىڭ كۈچلۈك بىر قوشۇنى ئۈچۈن تەمىنات توشۇيدىغان تاشيولغا مىنا كۆمۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. لېكىن بۇ زەرىبىدارلار كىچىك ئەترەتنىڭ كۆمگۈدەك مىناسى بولماي قالغان. ئەگەر مىنا بار يەردىن مىنا ئەكېلىشكە توغرا كەلسە، ۋەزىپىنى دېگەن مۇددەتتە ئورۇنداشقا كۆزى يەتمىگەن.

شۇنىڭ بىلەن، قوماندان قول ئاستىدىكىلەرگە نېمىسچە «ئېھتىيات قىلىڭ، بۇ يەردە مىنا بار» دېگەن خەتلەر يېزىلغان بىرمۇنچە تاختاي تەييارلاتقان. كەچقۇرۇن، سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ بۇ زەرىبىدارلار كىچىك ئەترىتى دۈشمەننىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىگە كىرىپ، بۇ تاختايلارنى تاشيول ئۈستىگە سانجىپ قويغان. تاڭ يورۇغاندىن كېيىن زەرىبىدار جەڭچىلەر كۆزىتىش ئورنىدا تۇرۇپ، گېرمانىيە ترانسپورت ماشىنىلىرىنىڭ تاشيولدا توختاپ قالغانلىقىنى، شوپۇرلار ھېلىقى تاختايلارغا ئېھتىيات بىلەن يېقىن-

لىشىپ ھېلىقى خەتلەرنى چۆچۈپ تۇرۇپ-ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن. ئېنىقكى، ئۇلار قورقۇپ كېتىشكەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھەر خىل ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەرنى باسقان ماشىنىلار تاشيولغا تىقىلىشىپ قالغان. قاتناش تامامەن ئۈزۈلگەن. قىزىل ئارمىيىنىڭ توپچى قىسىملىرى دەل مۇشۇ چاغدا ئاپتوموبىل توپىنى تۇيۇقسىز توپقا تۇتقان. بىردەملىك توپقا تۇتۇشتىن كېيىن، گېرمانىيە قىسىملىرى قاتتىق تالاپەتكە ئۇچرىغان.

يەنە بىر قېتىمدا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بىلەن گېرمانىيە قوشۇنلىرى قېلىن بىر پارچە ئورمانلىقنىڭ گىرۋىكىدە تىركىشىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. دۈشمەن ئەھۋالنى ئېنىق كۆزىتىش ئۈچۈن، قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى قارىغايلارنىڭ ئۇچىغا چىقىشقا ئۇرۇنغانۇ، لېكىن قارىغاي شاخلىرى ئىغاڭلاپ، تىنچ ئورمانلىقتا خەتەرلىك شەپە پەيدا قىلغان. دۈشمەنلەر سېزىپ قالسا ئوت چاچار بىلەن ئوت چېچىپ قارىغايزارلىقنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغانلىقىنىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزى يەتكەن. بۇ ئەھۋال ئاستىدا قوماندان رىبدوف يەم ئىشلىتىپ دۈشمەننى ئالداش قارارىغا كەلگەن. ئۇ جەڭچىلىرىگە ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى قارىغاينىڭ ئۇچىغا باغلىتىپ، يەنە بىر ئۇچىنى لەخمە ئىچىگە ئەكىرگۈزگەن، بۇ ئىش تۈن قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ يېرىدە ئورۇندالغان. ئەتىسى ئەتىگەندە، جەڭچىلەر ئارغامچىنى تارتىپ قارىغاي شاخلىرىنى ئىغاڭلاتقان. بۇنى كۆرگەن گېرمانىيە ئەسكەرلىرى ئوت چاچار بىلەن مىدىرلاۋاتقان قارىغايغا ئوت چاچقان، گېرمانىيە ئەسكەرلىرى ئوت چېچىشنى توختاتقان ھامان قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى قارىغاي شاخلىرىنى يەنە ئىغاڭلاتقان. دۈشمەن ئەسكەرلىرى يەنە ئوت چاچقان. بۇنداق ھەرىكەت تاكى چۈشتىن كېيىنگىچە داۋاملاشقان، ئوت چېچىپ ھېرىپ كەتكەن گېرمانىيە ئەسكەرلىرى ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ ئالدانغانلىقىنى تۇيغان ۋە ئوت چاچارنى بىر چەتكە تاشلاپ قويغان. ئۇنىڭ بىلەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى قارىغاي ئۈستىدە بەخىرامان ئولتۇرۇۋېلىپ، دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە مۇۋەپپەق بولغان.

## 4 . سېھىرنىڭ كۈچى

چېن شېڭ چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياشىغان دېھقانلار قوزغىلاڭچى ئارمىيىسىنىڭ داھىيسى ، دەسلەپتە ، ئۇ خۇراپىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئويغاتقان . ئۇ بىر بېلىقنىڭ قورسىقىغا « چېن شېڭ پادىشاھ بولىدۇ » دېگەن خەت يېزىلغان بىر تاۋار لېنتىنى تىقىپ قويغان . كىشىلەر يېۋاتقاندا بۇ تاۋار لېنتىنى تېپىۋالغان ، ئۇنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى دەپ بىلىشكەن . ئۇ يەنە بىر قېتىمدا ۋۇگۇاڭنى خۇپىيانە چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇنى بىر بۇتخانا خارابىسىگە بېرىپ ، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا تۇرۇپ تۈلكىنىڭ ئاۋازىنى دوراپ « چۇ بەگلىكى گۈللىنىدۇ ، چېن شېڭ پادىشاھ بولىدۇ » دەپ ۋارقىرىغىلى سالغان . شۇنداق قىلىپ ، خۇراپىيلىققا ئىشىنىدىغان بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىغا قوشۇلغان .

## 5 . ۋيېتناملىقلارنىڭ « تەشۋىق ۋەرىقى »

ۋيېتنامنىڭ بۈگۈنكى مىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشى ( 1418 ــــ 1428 ) لى لى رەھبەرلىك قىلغان لەنشەن دېھقانلار قوزغىلىڭى بىلەن باشلانغان . لى لى دەسلەپتە قول ـ ئىلكىدە بار بىر دېھقان بولۇپ ، ئالىم ، يازغۇچى ، تەدبىرشۇناس ۋە سىياسىئون يۈەن سۈن ئۇنىڭغا ئەڭ مۇھىم ھەربىي مۇشاۋۇر بولغان . ئۇ يازغان « ۋۇلارنى تىنچىتىش ئۇرۇشى » ( ۋۇ ــــ ۋيېتناملىقلارنىڭ جۇڭگولۇقلارنى كەمسىتىپ ئاتىشى ) دېگەن كىتابتا ئۇنىڭ قەدىمكى جۇڭگو تەدبىرشۇناسلىقى بىلەن ئالاھىدە تونۇشلۇقى بولغان مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان . ئۇ ۋيېتنام خەلقىنىڭ قەلبىنى ئۇتۇشنىڭ ئۆزى دۈشمەن ئىستىھكامىنى ئىشغال قىلغانلىق بىلەن باراۋەر دەپ قارىغان . شۇڭىمۇ ئۇ تەشۋىقات ـ تەرغىبات ئىشلىرىغا بەكمۇ ئېتىبار بەرگەن . تارىخىي

خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ئون يىللىق ئۇرۇش داۋامىدا ئۇ يەتتىنچى تەدبىرنى قوللانغان. ئۇ دەرەخ يوپۇرمىقىغا ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن «لى لى پادىشاھ بولىدۇ، يۇەن سۇن ۋەزىر بولىدۇ» دېگەن بېشارەتنى يازغان.

بۇ بېشارەتنى تارقىتىش ئۈچۈن، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ۋىيېتناملىقلار ئىشلىتىدىغان بىرقانچە خەنزۇچە خەتنى ئىشلەتكەن. بۇ بېشارەتنى دەرەخ يوپۇرمىقىغا يېزىشتا سىياھ ئەمەس، بەلكى چوشقا يېغى ئىشلەتكەن. خەت يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، چوشقا يېغى سۈركەلگەن يەرنى چۈمۈلىگە يېگۈزۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن دەرەخ يوپۇرمىقى ئۈستىدە ئىشلەپ كەتكەن بىرقانچە خەت پەيدا بولغان. ئۇ بۇ يوپۇرماقلارنى دەرياغا تاشلاپ، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ قويۇپ بەرگەن ۋىيېتناملىقلار سۇ بىلەن ئېقىپ كەلگەن بۇ يوپۇرماقلارنى سۈزۈۋېلىپ يوپۇرماق ئۈستىدىكى خەتلەرنى ئوقۇشقان ۋە بۇنى تەڭرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى بېشارىتى دەپ بىلىشكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تېخىمۇ ئۇستۇن بولغان جەڭگىۋارلىق بىلەن مىڭ سۇلالىسى تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۆرەشكە ئاتلانغان. ئاخىرى، 1428 ـ يىلى بۇ تاجاۋۇزچىلارنى ئۆز ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقارغان.

## 6. «جىن بەگلىكىگە بارىمەن»

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە، نۇرغۇن پىلەرمەن ناتىقلار بولغانىكەن. ئۇلار بۇ بەگلىكتىن يەنە بىر بەگلىككە بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى نامايان قىلىش، تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن تۇشمۇ تۇشتىن نۇتۇق سۆزلەيدىكەن. شۇنداقلا كەتمىنىنى چاپالمايدىغان بىرەر ھۆكۈمدارنى ئىزدەيدىكەن. ۋېي بەگلىكلىك جاڭ يى ؟ — مىلادىدىن بۇرۇن 310) ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرى بولۇپ، تارىختا چىن خۇيۋاڭ نامى بىلەن ئاتالغانىكەن. دەسلەپكى ۋايىزلىق ھاياتىدا، ئۇ چۇ بەگلىكىگە بېرىپتۇ، ئەمما ئەتىۋارلاشقا ئېرىشەلمەي، تۇرمۇشمۇ غۇربەتچىلىك ئىچىدە قاپتۇ. ئەگەشكۈچىلىرى نارازى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ

كەتمەكچىمۇ بولۇشۇپتۇ. ئۇ بۇ ئەگەشكۈچىلىرىنى: «توختاپ تۇرۇڭلار، مەن پادىشاھ بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن ئاندىن بىر گەپ بولار» دەپ قۇرۇق گەپ بىلەن ئۈمىدلەندۈرۈپتۇ. كېيىن، چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ماقۇل كېلىپتۇ، كۆرۈشكەندە بولسا ىىتاقەتلىكنى چاندۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇنى تۇيغان جاڭ يى مۇنداق دەپتۇ:

— مۇبادا ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ پىقىرنى ئىشلىتىشكە رايى بولمىسا، جىن بەگلىكىگە كېتىشكە ئىجازەت بەرگەيلا.

چۇ پادىشاھى ئىجازەت بېرىپتۇ.

— ئەجەبا ئۇلۇغ پادىشاھ جىن بەگلىكىدىن بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجى يوقمۇ؟ — سوراپتۇ جاڭ يى.

— بەگلىكىمىزدە ئالتۇن، مەرۋايىت ۋە پىل چىشى دېگەنلەر تولۇپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ، ھېچنېمىگە ھاجىتىم يوق.

— ئۇلۇغ پادىشاھىم سەتەڭ ئاياللارنىمۇ ياخشى كۆرمەمدىلا؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى؟

— جىن بەگلىكىنىڭ قىزلىرى ھەرقايسى ئەللەرنىڭكىدىن ياخشىدۇر، ئۇلار بەئەينى پەرىشتىنىڭ ئۆزى!

— راستىمۇ، چۇ بەگلىكى پايناپ يەرگە جايلاشقان بىر يەرلىك، مەن تېخى بۇ يەردە ئەڭ سەتەڭ قىزلارنى كۆرۈپ باققىنىم يوق، سەتەڭ قىزلارغا قانداقمۇ ھەۋەس قىلماي تۇراي؟!

چۇ پادىشاھى جاڭ يىغا جىن بەگلىكىدىن بىرقانچە چىرايلىق قىز ئالغاچ كېلىشنى ئىلتىماس قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا نۇرغۇن جاۋاھىراتلارنى تەقدىم قىپتۇ.

چۇ پادىشاھىنىڭ ئىككى ئامراق خانىشى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن شۇ ھامان جاڭ يىنى ئىزدەپ بېرىپتۇ. شياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان 36 تەبىرگە ئائىت بىر كىتابتا يېزىلىشىچە، جاڭ يى ئۇلارغا چۇ پادىشاھىنىڭ ئۇنىڭدىن جىن بەگلىكىگە بېرىپ سەتەڭ قىزلاردىن بىرقانچىنى ئەكېلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەنلىكىنى بىر قاتار سۆزلەپ بېرىپ،

تازا ئېچىتىپتۇ ، خانىشلار بۇنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇشۇپ ، جاڭ يىغا 1500 سەر ئالتۇن ئىنئام قىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى چەت بەگلىكتىن كەلگەن قىزلارنىڭ چەتكە قېچىشىدىن ساقلاپ قېلىشىنى سوراپتۇ .

جاڭ يى سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن چۇ پادىشاھىدىن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ئۇزىتىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ، چۇ پادىشاھى ئۇنىڭ ئۈچۈن زىياپەت تەييارلاپتۇ . ئىككى ـ ئۈچ قەدەھ شاراب ئىچكەندىن كېيىن جاڭ يى چۇ پادىشاھىنىڭ ئادەتتە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ شاراب ئىچىدىغان كىشىنى تەكلىپ قىلىشنى ، شۇ كىشىگە بىرقانچە قەدەھ شاراب تۇتقۇسى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ، چۇ پادىشاھى ئۆزىنىڭ ئىككى ئامراق خانىشىنى چاقىرتىپتۇ . جاڭ يى بۇ ئىككىيلەننى بىر كۆرۈپلا چۇ پادىشاھىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپتۇ ۋە :

— مەن ئۆزلىرىگە يالغان ئېيتقانىدىم ، مەن ئۆلەي ، مەن ئۆلەي ... ، — دەپتۇ .

— بۇ نېمە ئىش ؟ — سوراپتۇ چۇ پادىشاھى .

— پېقىر نۇرغۇن بەگلىكلەرنى ئايلىنىپ چىققان ، لېكىن بۇ تەرىقە چىرايلىق ئاياللارنى ئەسلا كۆرگەن ئەمەسمەن ،ئۆتكەن نۆۋەتتە ئۆزلىرىگە دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلارنى ئەكېلىپ بېرىمەن دېگەنلىكىم يالغان گەپ بولۇپ قالمىدىمۇ؟

— بوپتۇلا ، — دەپتۇ چۇ پادىشاھى جاڭ يىغا، — مەن تا ھازىرغىچە بۇ ئىككى نەپەر خانىشىمنى دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق ئاياللار دەپ ھېسابلاپ كەلگەن !

## 7. خوتۇننى ئالداش ھىيلىسى

بۇ ھېكايە شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن 1983 ـ يىلى نەشر قىلىنغان « ھەممە كۆڭۈلدىكىدەك » دېگەن كىتابتىن ئېلىنغان .

چىڭشەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ۋاڭ چوڭ ئانا ، ئۇنىڭ ئوغلى

شىياۋ ۋاڭ ، كېلىنى گۈيخۇا، نەۋرىسىدىن ئىبارەت تۆت ئادەملىك بىر ئائىلە بار ئىكەن . شىياۋۋاڭ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتىدا ئىشلەيدىكەن . ۋاڭ چوڭ ئانا بىلەن گۈيخۇانىڭ مۇناسىۋىتى خۇددى ئىككى قوتۇپلۇق توكقا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن . ئۇلار ئۆزئارا تېگىشىپلا كەتسە ، « گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ ، چاقماق چېقىلىدىكەن »، تالاش ـ تارتىشلىرىمۇ تۈگىمەيدىكەن .

بىر كۈنى نەۋرىسىنىڭ يىقىلىپ چۈشۈش سەۋەبى بىلەن قېيىن ئانا ـ كېلىن قاتتىق ئۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئۇلار گەپتە بىر ـ بىرىدىن قالماپتۇ . ئاغزىغا كەلگەنلىكى تىل بىلەن تىللىشىپتۇ . دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ، شىياۋ ۋاڭ ناھىيىدىن قايتىپ كېلىپتۇ . قېيىن ئانا بىلەن كېلىن شىياۋ ۋاڭنى كۆرۈپلا ئوت ئۈستىگە ماي چاچقاندەك ئەزۋەيلەپتۇ ۋە ئىككىيلەن تەڭلا شىياۋ ۋاڭغا قاراپ ئېتىلىپتۇ . ۋاڭ چوڭ ئانا كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ئوغلىغا :

— سەن مېنىڭ ئوغلۇم ، بۈگۈن مەن سېنىڭ بىر ئېغىز گېپىڭنى ئاڭلىماقچىمەن ، قېنى ئېيتىپ باقە ، مەن بۇ دۇنيادا ياشايمەنمۇ يوق ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ .

گۈيخۇامۇ يامغۇردەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ ئېرىگە مۇنداق دەپتۇ :

— سەن ئاناڭنىڭ ئارزۇلۇق ئوغلى ، مەنچۇ ، مەن باشقا يەردىن كەلگەن ئايال ، بۇ يەردە ھارۋىنىڭ بەشىنچى چاقىدەك ئارتۇقچە ئادەممەن ، ئەڭ ياخشىسى ، بىز ئاجرىشىپ كېتىپلا بولدى قىلمايلىمۇ ؟!

بۇلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا ، شىياۋ ۋاڭ ھېچنېمە دېيەلمەي ئولتۇرۇپ قاپتۇ . ئۇ ئۆز ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ خوتۇنىغا :

— بولدى قىلىڭ ، يىغلاۋەرمەڭ ، بۇ مەسىلىنى بۇ قېتىم ھەل قىلىماي بولمايدۇ ، — دەپتۇ .

— ئۇنداقتا زادى قانداق ھەل قىلىمىز ؟ — سوراپتۇ خوتۇنى .

شىياۋ ۋاڭ پىچىرلاپ تۇرۇپ :

— مەن ئۇنداقمۇ ئويلاپ باقتىم ، بۇنداقمۇ ئويلاپ باقتىم ، قارىسام

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار ئىكەن . مەن پۇر-سەت تېپىپ ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرسەك دەيمەن ، مۇشۇنداق قىلساق سىلەر بۇنىڭدىن كېيىن سوقۇشۇپ ، ئۇرۇشۇپمۇ يۈرمەيسىلەر ، پەقەت مۇشۇ چارىلا بىز ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننى ئىناق ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

گۇيخۇا بۇنى ئاڭلاپلا چۆچۈپ كېتىپتۇ . كۆزلىرى چۆچەكتەك ئېچىلىپتۇ . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئېرىنىڭ دېگىنىگە قوشۇلغۇسى كېلىپتۇ .

— باشقىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ قالساق قانداق قىلارمىز؟! — سوراپتۇ ئۇ ئېرىدىن .

شياۋ ۋاڭ بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ :

— بۇنداق ئىشنى بولمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايدۇ . ھازىر ئىككىمىزلار-نىڭ مۇناسىۋىتى بەكمۇ يامان ، ئەگەر ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرسەك باشقىلارنىڭ بىزدىن گۇمانلىنىشى تۇرغانلا گەپ . بۇ ئىشنى ئىنس - جىنمۇ ئۇقمىسۇن دېسەك چوقۇم ئازراق ئويۇن ئوينىماي بولمايدۇ ، — دەپتۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، شياۋ ۋاڭ گۇيخۇادىن تۆۋەندىكىلەرنى تەلەپ قىلىپ :

— بىرىنچىدىن ، ئەتە ئەتىگەندىلا ئانامنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايسەن ، ئىككىنچىدىن ، ئانامغا ئىنتايىن قىزغىن مۇئا-مىلە قىلىسەن ، ئۇنى ھەر قېتىم ئۇچراتقىنىڭدا كۈلۈمسىرەپ تۇرىسەن . ئۈچىنچىدىن ، ھەرقانداق ئەھۋال يۈز بەرسە بەرسۇنكى ، ئانام بىلەن تا-كاللاشمايسەن ، مەسخىرىمۇ قىلمايسەن ، — دەپتۇ .

گۇيخۇا ئېرىنىڭ ئېيتقانلىرىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ . ئەڭ ئاخىرىدا شياۋ ۋاڭ ئۆزىنىڭ ئىككى ئايلىق كامانىدىروپكىغا چىقىدىغانلىقىنى ، بايامقى ئېيتقانلىرىنى خوتۇنىنىڭ تا ئۆزى قايتىپ كەل-گۈچە ھېچ تەۋرەنمەي ئىجرا قىلىشنى ، پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئىش يۈز بەرگەندە قوشنىلار گۇمان قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

ئەتىسى تاڭ ئەمدىلا يورۇشىغا گۈيخۇا ۋاڭ چوڭ ئانىنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ ۋە ئۇنى « ئانا » دەپ چاقىرغىنىچە ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىغا بېرىپ :

— تۈنۈگۈن مەن ياخشى قىلماپتىمەن ، سىلىنىڭ ئاچچىقلىرىنى كەلتۈرۈپ قويدۇم ، ئېرىم بۇ توغرۇلۇق ماڭا جىق گەپ قىلدى ، مانا ھازىر سىلىدىن ئەپۇ سوراپ ئالدىلىرىغا كەلدىم ، ئانا ، ھېلى سىلىگە ئىسسىققىنە بىر چىنە شورپا تەييارلاپ قويۇۋېدىم ، ئىسسىقىدا ئىچىپ باقامدىلا ، شورپا ئىچسىلە ئاچچىقلىرى يېنىپمۇ قالار ، سەل تۇرۇپ تېخى تاماقمۇ ئەكېلىپ بېرىمەن ، — دەپتۇ .

سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ، گۈيخۇا قېيىن ئانىسىنىڭ خانىسىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ تۇنجى پەردىلىك ئويۇننى قاملاشتۇرۇشىنىڭ نەقەدەر تەسكە توختىغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ . دېمىسىمۇ ، يۈرىكى پوكۇلداپ ، پۈتۈن بەدىنى چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىكەن .

ۋاڭ چوڭ ئانا ئۆزىنى چۈش كۆردۇممىكىن دەپ ئويلاپ قاپتۇ ، دېمىسىمۇ ، ئوغلى توي قىلغان سەككىز يىلدىن بېرى كېلىنىنىڭ ئاغزىدىن «ئانا» دېگەن سۆزنى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىشى ئىكەن . ئۇ تېخى كېلىنى بايام ئەكىرىپ بەرگەن شورپىغا ئوغا سېلىپ قويغانمىدۇ دەپ ئويلاپمۇ قاپتۇ . ئەمما شورپىنى ئىچكەندىن كېيىن ھېچقانداق بىئاراملىق ھېس قىلماپتۇ . بىردەمدىن كېيىن گۈيخۇا ئانا دېسە ئانا دەپ بىر قاچا شوۋىگۇرۇچنى كۆتۈرگەن پېتى كىرىپ كېلىپتۇ . چۈشتە ۋاڭ چوڭ ئانا ئاشخانىغا كىرىپلا ھېلىلا پىشۇرغان ، مەززىلىك پۇراق چېچىپ تۇرغان تاماق ـ قورۇمىلارنىڭ ئۈستەلگە تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ .

شۇنىڭدىن باشلاپ ، گۈيخۇا تۇرسىمۇ ، ئولتۇرسىمۇ « ئانا» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان بوپتۇ . ئۇ ئاغزىدا ياخشى گەپ قىلىپلا قالماي ، يەنە پۈت ـ قولى يەرگە تەگمەي ئىشلەپ تۇرىدىغان بوپتۇ . ۋاڭ چوڭ ئانا كۆڭلىنىڭ باشقىچە كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىپتۇ .

گۈيخۇا ھەر كۈنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن ئۆيگە قايتىپ

كېلىپلا تاماققا تۇتۇش قىلىدىغان، ئوغلىغا ئوبدان قارايدىغان، تونگگۇزنىمۇ ياخشى باقىدىغان بوپتۇ. بۇرۇنقى كۈنلەردە گۈيخۇا ھەر كۈنى سەھەر سائەت تۆت يېرىمدا ئورنىدىن تۇرسىمۇ، قىلىدىغان ئۆي ئىشلىرى بەك كۆپ بولغاچقا، ئەترەت ئىشىغىمۇ كېچىكىپ بارىدىكەن. گۈيخۇا ئەمدى ئۇنچىلا سەھەر تۇرۇپ كەتمىسىمۇ بولىدىكەن، چۈنكى ئەتىگەنلىك تاماقنى قېيىن ئانىسى تەييارلاپ قويىدىكەن. قېيىن ئانىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈۋاتقىنىنى كۆرگەن گۈيخۇانىڭ كۆڭلى ئېرىپ كېتىپتۇ. تەسىرلەنگەنلىكىدىن، كۆز ياشلىرى تۆكۈلگىلى تۇرۇپتۇ، «ئانا» دېگەن سۆزنى ئەمدى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىرىپ ئېيتىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە گۈيخۇا تۇيۇقسىز قىزىپ كېتىپتۇ، ۋاڭ چوڭ ئانا ئۇنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ كېلىنىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئالدى بىلەن نەۋرىسىنى ئۆز ھۇجرىسىغا ئاچىقىپ ئۇخلىتىپ قويۇپ، گۈيخۇانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئاپتۇ ھەمدە دوختۇر چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپتۇ. ۋاڭ چوڭ ئانا يەنە باشقىلار ئۆزىگە ئالغاچ كەلگەن بىر جىڭ لىجىنى ئاچىقىپ، گۈيخۇاغا ئاقلاپ بېرىپتۇ. گۈيخۇا بۇ لىجىنى يېۋېتىپ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ قېيىن ئانا بىلەن كېلىن ناھايىتى ئوبدان ئەپ ئۆتىدىغان بوپتۇ. ئىككى ئاي توشقاندىن كېيىن، شياۋ ۋاڭمۇ كاماندىروپكىدىن قايتىپ كېلىپتۇ. كەچلىك غىزانى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر شېشىنى چىقىرىپتۇ ۋە شېشە ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنى بىر رومكىغا قۇيۇپ، ئۈستىگە ئازراق يىلمان سۇ قۇيۇپتۇ، رومكىنى كۆتۈرۈپ، ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ. گۈيخۇا بۇ چاغدا پوپايكا توقۇپ ئولتۇرغاچقا بۇ ئىشلارغا قانچە دىققەت قىلىپ كەتمەپتۇ. شياۋۋاڭ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئانىسىغا نېمە ئەكىرىپ بەرگەنلىكىنى سوراپتۇ، شياۋ ۋاڭ ئاستا پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— زەھەرلىك دورا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

گۈيخۇا بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلاپتۇ ۋە ئېرى-نىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، چاپسان دوختۇر چاقىرتىپ كېلىڭ، ئانىڭىز ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ، مەن ئەمدى خاتالىقىمنى تونۇدۇم، ئۇ بىر ياخشى مەزلۇم، — دەپتۇ يالۋۇرغان ھالدا.

شىياۋ ۋاڭ خوتۇنىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خوتۇنىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپتۇ، چىرايىغمۇ كۈلكە يۈگۈرۈپتۇ. ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە ئاندىن خوتۇنىغا ئانىسىغا ئەكىرىپ بەرگىنى كېسەل داۋالايدىغان دورا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ ئانىسىنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش پىلانىنىڭ پەقەتلا بىر ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق خوتۇنىنىڭ ئانىسىغا بولغان كۆزقارىشىنى، پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۇ گۈيخۇا ئانىسىغا ياخشى مۇئامىلىدە بولسىلا ئانىسىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتىكەن.

## 8. ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان شېئىر

« سۇ بويىدا » دېگەن رومانىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

سۇڭ جياڭ يۈنچېڭ (بۈگۈنكى سەندۇڭ ئۆلكىسىدە) ناھىيىسىنىڭ يامۇلىدا بىر كىچىك ئەمەلدار بولۇپ، مەردانە، ئادالەتنى ياقلايدىغان ناھايىتى داڭلىق ئادەم ئىدى. بىر سەرگەردان ئايالنىڭ ئېرى يۈنچېڭ شەھىرىدە كېسەل بولۇپ قېلىپ، تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ. سۇڭ جياڭ بۇ ئايالغا ئىچ ئاغرىتىپ، يېنىدىن پۇل چىقىرىپ تاۋۇت ئېلىپ بېرىدۇ. كېيىنچە، بۇ ئايال ئۆزىنىڭ 18 ياشلىق قىزى يەن پوشىنى سۇڭ جياڭغا خوتۇنلۇققا بېرىدۇ. بىراق، سۇڭ جياڭ ياش قىزنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. يەن پوشى باشقا بىر ئەركەك بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ قالىدۇ. ئۇ بىر كۈنى لياڭشەندىكى باھادىرلارنىڭ سۇڭ جياڭغا ئەۋەتكەن خېتىنى كۆرۈپ قالىدۇ - دە، بۇ خەت ئارقىلىق سۇڭ جياڭنى

ئۆزىنىڭ خېيتىنى بېرىشكە قىستىماقچى بولىدۇ. سۇڭ جياڭ ئۆزىنى تۇ-تۇۋالماي يەن پوشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ لياڭشەنىدىكى باھادىرلار ئارىسىغا قېچىپ بېرىۋالىدۇ. سۇڭ جياڭنىڭ دادىسى ئوغلىنى كۆرگۈسى كېلىپ، خەت يازىدۇ ۋە سۇڭ جياڭنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. نەتىجىدە، سۇڭ جياڭ ئەمەلدارلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قىلىپ جياڭجۇغا پالىنىدۇ. خوشلىشىش ئالدىدا، سۇڭ جياڭنىڭ دادىسى ئۇنىڭغا جياڭجۇدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلىدە لياڭشەنىدىكى باھادىرلار بىلەن باردى - كەلدى قىلماسلىقنى تاپىلايدۇ. ۋاپادار سۇڭ جياڭ بۇنىڭغا ماقۇل بولىدۇ.

سۇڭ جياڭ جياڭجۇدا تۇرغاندا تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ نازارىتىدىن ئۆزگە، يەنە مەلۇم دائىرە ئىچىدە ئەركىن ھەرىكەت قىلالايت-تى. بىر كۈنى ئۇ سەيلە قىلىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپ بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ قالىدۇ. ئۇ بۇ يەردە بىرقانچە قورۇما ۋە ھاراق بۇيرۇتۇپ، تەنھا ئولتۇرۇپ ئىچىشكە باشلايدۇ ۋە ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا مەست بولۇپ قالىدۇ. ئۇ تۇيۇقسىز ئېغىر ئۇھ تارتىدۇ ۋە يېشى ئوتتۇزدىن ھالقىغان چاغدا يۈزىگە مەھبۇسلۇق تامغىسى چېكىلگەن جىنايەتچىگە ئايلىنىپ ئاتا، ئاكا - ئىنىلىرىدىن يىراق بىر جايدا ياشاۋاتقانلىقىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، تارام - تارام ياش تۆكىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ قاۋاقخانىنىڭ شېئىر يېزىلغان ئاق تېمىنى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ تامغا بىرەر نەرسە يېزىپ خاتىرە قالدۇرۇپ قويۇشنى، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ يەرگە قايتا كېلىپ قالغاندا بۈگۈنكى ئازابلىق كۈنلەرنى ئەسلەشنى ئويلاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قاۋاقخانا تېمىغا بىر شېئىر يېزىپ ئۆزىنىڭ ئىمزاسىنى قويۇپ قويىدۇ، شېئىرنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەنە بىرقانچە قەدەھ شاراب ئىچىپ بولۇپ، ھېسابىنى ئۈزىدۇ ۋە سەنتۈرۈلۈپ ماڭغىنىچە ئۆز تۇرار جايىغا قايتىپ كېلىدۇ. كېلىپلا كارىۋاتقا تاشلىنىپلا ئۇيقۇغا كېتىدۇ، ئەتىسى ئويغانغاندا بولسا ئۇنىڭ كاللىسىدا تۈنۈگۈنكى شېئىر ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالمايدۇ.

سۇڭ جياڭ قايتىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خۇشامەتچى تەپتىش

ئەمەلدارى خۇاڭ ۋېنبىڭ تاسادىپىي بۇ يەردىن ئۆتۈپ قالىدۇ ۋە بۇ قاۋاقخانىغا كىرىدۇ، ئۇ قاۋاقخانا تېمىدىكى سۇڭ جياڭنىڭ شېئىرىنى كۆرگەندىن كېيىن ناھايىتى بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ ۋە ئۇنى يامان شېئىر دەپ ھېسابلاپ دەرھال كۆچۈرۈۋالىدۇ، ئارقىدىنلا ئۇ جياڭجۇ ھاكىمىنىڭ ئۆيىگە قاراپ چاپىدۇ. ھاكىم دەل شۇ پەيتلەردە كەيپىڭلىق بىر مۇنەججىمنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، خەتتە مەلۇم كىشىلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا سېھىرلىك، مەلۇم ئايەتتىن بېشارەت بېرىدىغان بىر شېئىرنىڭ تۇشمۇ تۇشتا تارقىلىپ يۈرگەنلىكى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى ئىسپاتلىغانلىقى يېزىلغانىدى. شۇ ئەسنادا، خۇاڭ ۋېنبىڭ سۇڭ جياڭنىڭ شېئىرىنى چىقىرىپ ھاكىمغا بېرىدۇ، ھاكىم سۇڭ جياڭنى تۇتۇپ قولغا ئېلىشنى قارار قىلىدۇ. كېيىنچە سۇڭ جياڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىۋاتقان جىددىي پەيتتە لياڭشەندىن كەلگەن چاۋ گەي ۋە ئۇنىڭ باتۇرلىرى چوڭ ماھارەت كۆرسىتىپ، سۇڭ جياڭنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ. خۇاڭ ۋېنبىڭمۇ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ ۋە سۇڭ جياڭنىڭ ئۆچى ئېلىنىدۇ.

بۇ ھېكايىدىكى « يوق يەر» بولسا سۇڭ جياڭنىڭ مەستلىكتە يېزىپ قالدۇرغان شېئىرى. « پۇتاق » بولسا خۇاڭ ۋېنبىڭنىڭ بۇ شېئىردا يامان نىيەت يوشۇرۇنغان، دەپ قارىشى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىر ئاپتورىنىڭ بېشى كېسىلەتتى، ئەلۋەتتە. مانا بۇ يەتتىنچى تەدبىرنىڭ ئايەت خاراكتېرلىك رولى، بۇ تەدبىردە قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل « ئويدۇرمىچىلىق » تىن ئىبارەت.

يەتتىنچى تەدبىرنىڭ رولىنى جۇڭگولۇقلار بەكمۇ ئۆچ كۆرىدۇ. 1955 ـ يىلى ماۋ زېدۇڭ يەتتىنچى تەدبىرگە باھا بەرگەندە: «بۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ۋەكىللىرىنىڭ دائىم قوللىنىدىغان ستراتېگىيىسى » دېگەنىدى. («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى » 5 ـ توم 164 ـ بەت )

## 9. يالغۇزلۇق دوختۇرلار ۋە لاتا كەش

1974 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ، دېڭ شياۋپىڭ ئۈچىنچى دۇنيا ئېلىدىن كەلگەن بىر سەھىيە ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا ، ئۇلار بىلەن جۇڭگونىڭ يالغاياغ دوختۇرلىرى ئۈستىدە پاراڭلاشقان . دېڭ شياۋپىڭ پاراڭ داۋامىدا ئۆزىنىڭ بۇ بىر يېڭى شەيئىنى قوللايدىغانلىقىنى، يالغاياغ دوختۇرلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشقاچ كېسەل داۋالايدىغانلىقىنى ئېيتقان . يەنە ئۇ: «دەسلەپتە ئۇلارنىڭ مېدىتسىنا ھەققىدىكى بىلىملىرى كۆپ بولماسلىقى . ئاددىيراق كېسەللەرنى داۋالىيالىشى مۇمكىن ، ئەمما ، بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئۇلار لاتا كەش كىيىشى مۇمكىن ، بۇنىڭ مەنىسى شۇكى ، بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ ، ھەتتا ئۇلار لاتا كەشمۇ كىيەلەيدۇ » دېگەن . بۇ ئىش ھەققىدە دېڭ شياۋپىڭ پەقەت مۇشۇنچىلىكلا سۆزلىگەن .

بىراق بىر يىلدىن كېيىن (مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرى ) دېڭ شياۋپىڭ مۇشۇ ئىش تۈپەيلى پېپەنگە ئۇچرىغان . كىشىلەر ئۇنىڭغا ئۇ يالغاياغ دوختۇرلارنىڭ داۋاملىق يالغاياغ يۈرمەسلىكىنى ، بەلكى لاتا كەش كىيىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىشقان . دېڭ شياۋپىڭنى پېپەن قىلىدىغان بىر ماتېرىيالدا يەنە مۇنداق گەپمۇ بار:

« ئۆزگىرىشنى خالىمايدىغان كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان بۇ ھوقۇقدار يالغاياغ دوختۇرلارنىڭ لاتا كەش كىيىشىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تەرغىب قىلغان . لاتا كەش كىيىش دېگىنى ئۇلارغا كاپىتالىزمنىڭ كەشىنى كىيدۈرۈپ ، شىۋجېڭجۇيىنىڭ يولىدىن ماڭدۇرۇشتىن دېرەك بەرمەمدۇ ؟ بۇ غالجىرانە ، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ۋايساش دەل بۇ گۇماشتىنىڭ بەلگىسىدۇر . »

« مەدەنىيەت ئىنقىلابى » دىن كېيىن بۇنىڭغا قارىتا : دېڭ شياۋپىڭنىڭ يالغاياغ دوختۇرلارنىڭ « چىغ كەش » كىيىشى ۋە « لاتا

كەش » كىيىشى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئوبرازلىق ئوخشىتىشتىن ئىبارەت، ئۇنىڭ كۆزدە تۇتقىنى يالغان دوختۇرلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى مەسىلىسى، دەپ باھا بېرىلدى.

ناھايىتى روشەنكى، يېرىمى راست، يېرىمى يالغان ياكى تامامەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان نەرسىلەر، باشقىلارنىڭ نۇتقى ۋە خاتىرىسىدىن ئۇ يەردىن بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىنغان ئىغۋالار چەكسىز مۇبالىغە قىلىنىپ تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشى مۇمكىن. « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » مۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئالىي مەمۇرىي ئورگانلاردىكى ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەر ئۈستىدە نۇرغۇن قارا ماتېرىياللارنى توپلاپ، جاي - جايلاردا تارقىتىپ يۈرگەن، بۇنداق قىلمىش « خەلق گېزىتى » نىڭ 1976 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىكى بىر پارچە ماقالىسىدە « يوق يەردىن پوتاق چىقىرىش » دەپ ئەيىبلەنگەن.

## 10 . يۆ فېينىڭ ئۇۋاللىقتا ئۇچرىشى

جۇڭگو تارىخىدا پەقەت ئازغىنە شەخسلەرلا خەلق قەلبىگە يۆ فېيگە ئوخشاش چوڭقۇر سىڭىپ كىرەلىگەن. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ھەتتا ئۈلگىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۇ نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن، ئىسمى مىجەزى تۈز، ھەربىي ئىنتىزامدا قاتتىق، خەلققە كۆيۈنىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ھەققىدە كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان نۇرغۇن ھېكايىلەر توقۇلغان، كىشىلەر ھېكايە، دراما، كىنو يېزىپ ئۇنى مەدھىيىلىگەن، ھەتتا ئۇنى ئەۋلىيالار قاتارىغا قوشۇۋەتكەن.

يۆ فېينىڭ داڭقى تا بۈگۈنگىچە يېتىپ كېلەلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (1127 — 1279) نىڭ تۇپرىقىنى ئۈنۈملۈك تۈردە قوغدىغان، ئەمما كېيىنكى كۈنلەردە سۇڭ سۇلالىسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەن.

ئۆز ۋاقتىدا، نۈيجېنلىكلەر جەنۇبقا تاجاۋۇز قىلىپ، شىمالدىكى

نۇرغۇن زېمىنلارنى ئىشغال قىلىپ جىن سۇلالىسىنى قۇرغان ۋە داۋاملىق تۈردە جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلىگەن. يۆ فېي بۇ چاغدا تېخى بىر دېھقان ئىدى، ئۇ چاقىرىققا ئاساسەن لەشكەر بولغان ۋە جىن سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، ئۇ ناھايىتى تېزدىنلا قابىلىيەتلىك بىر لەشكەر بېشىغا ئايلانغان ھەمدە بىر دېھقانلار قوشۇنى تەشكىللىگەن، ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇپ، پۇقرالارنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. يۆ فېي شۇ چاغدا: «ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالغا يەتسەكمۇ بۇلاڭچىلىق قىلمايمىز، توڭلاپ ئۆلسەكمۇ ئۆيلەرنى بۇزمايمىز» دېگەن مەشھۇر سۆزلەرنى قىلغان.

جۇڭگو قوشۇنلىرى ناھايىتى تېزدىنلا جىن قوشۇنلىرىنىڭ قولىدىن كەڭ زېمىننى قايتۇرۇۋالغان، 1140 ـ يىلى كۈزدە، يۆ فېي ئۆز قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ خېنەننىڭ جۇشيەنجېن دېگەن يېرىدە جىن سۇلالىسى ئەسكەرلىرىگە كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇم باشلىغان. ئەسلىدە جىن سۇلالىسى قوشۇنىنى شىمالدىكى كونا ئۇۋىسىغا ھەيدىۋېتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. دەل مۇشۇنداق چاغدا، پادىشاھ ئارقىمۇ ئارقا 12 مەرتە ئالتۇن دەستەك ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ ھۆكۈمەت ئورنىغا قايتىپ كېلىشنى تەلەپ قىلغان. يۆ فېينىڭ ۋە ھەرقايسى تارماقلاردىكى سەردارلارنىڭ قولىدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسىتى يېرىم يولدا توختاپ قالغان.

يۆ فېينىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە بۈگۈنكى جۇڭگودا تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەردىن قارىغاندا، جىن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يارىشىپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەزىرى چىن خۇيغا ئارىچى ئارقىلىق بىر پارچە خەت ئەۋەتكەن ۋە بۇ خەتتە يارىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى يۆ فېينى كۆزدىن يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. چىن خۇي

ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى چوڭ بىر پومېشچىك بولۇپ، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ ھەممىسى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدا بولغان. ئەمما، جىن سۇلالىسىنىڭ قارشى تۇرۇۋاتقان لەشكەرلەرمۇ دەل مۇشۇ ئەترapتا تۇراتتى. مال ـ مۈلكى ئۇرۇش تەھدىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇ تېزرەك يارىشىپ قېلىشنى ئارزۇ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن جىن سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ تەلىپىگە بويسۇنۇپ، يەتتىنچى تەدبىردىن پايدىلىنىپ يۆ فېيگە زىيانكەشلىك قىلغان.

ئۇ ئالدى بىلەن يۆ فېينىڭ قول ئاستىدىكى جاڭ شيەننى ئاسىيلىق قىلماقچى دەپ تۆھمەت توقۇپ چىققان. كېيىن يۆ فېي ۋە يۆ فېينىڭ ئوغلى يۆ يۈن جاڭ شيەنگە توپىلاڭ كۆتۈرۈش توغرىسىدا خەت يازغان دېگەن گەپنى ئويدۇرۇپ چىقارغان. چىن خۈي مانا شۇ تۆھمەت ۋە جىنايى نام بىلەن جاڭ شيەننى ۋە يۆ فېينى قاماققا ئالغان. چىن خۈي ئارقىدىنلا يۆ فېيدىن ئېنىقلايدىغان بىرقانچە مەسىلە بار دېگەننى باھانە قىلىپ ئۇنى ئۆز ۋاقتىدىكى پايتەخت لىنئەن (بۈگۈنكى خاڭجۇ شەھىرى) گە بېرىشنى بۇيرۇغان ۋە ئۇ لىنئەنگە بارغان ھامان تۈرمىگە سولىغان.

چىن خۈي يۆ فېي، يۆ يۈن ۋە جاڭ شيەننى توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان دەپ ئېلان قىلغان. جىن سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ئاتاقلىق سانغۇن خەن شىجۇڭ چىن خۈينىڭ قىلمىشىنى ئادىل بولمىدى دەپ قاراپ بىرقانچە سوئال قويغاندا، چىن خۈي: «يۆ فېي، يۆ يۈن بىلەن جاڭ شيەننىڭ خەت ـ ئالاقىسى گەرچە ئېنىق بولمىسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئىشنى يوق دەپ قارىغىلى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يۆ فېي قاتارلىق ئۈچ كىشى چىن خۈينىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، 1142 ـ يىلى چاغان بايرىمىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى خاڭجۇ شەھىرىنىڭ فېڭبوجۇ راۋىقىدا ئۆلتۈرۈپ تاشلانغان. يۆ فېي ئۇ چاغدا ئاران 39 ياش ئىدى.

يۆ فېينىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىشى پۈتۈن دۆلەتتىكى پۇقرالارنىڭ

غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىۋەتكەن. ئۇلار چىن خۇيغا قارشى بىر مەيدان ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. ئارىدىن 20 يىل ئۆتكەندىن كېيىن سۇڭ شياۋزۇڭ تەختكە چىققان. ئاۋامنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن شياۋزۇڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۈچ كىشىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى تاپتۇرغان ۋە شىخۇ كۆلىنىڭ بويىدا داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. 1221 ـ يىلى، يۆ فېينى خاتىرىلەش ئۈچۈن، جەسەت كۆيدۈرۈلگەن يەرگە يۆ فېي ئىبادەتخانىسىنى بەرپا قىلغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بۇ ئىبادەتخانا «تۆت كونا» سۈپىتىدە قىزىل قوغدىغۇچىلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان. بۈگۈنكى كۈندە يۆ فېي ئىبادەتخانىسى قايتا رېمونت قىلىنىپ، ئىبادەتخانىغا يۆ فېينىڭ ھەيكىلى ئورنىتىلدى.

يۆ فېينىڭ قەبرىسى ئالدىدا چۆيۈندىن قۇيۇلغان تۆت ئادەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. قارىماققا ئۇلار يۆ فېيدىن گۇناھىنى تىلەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ تۆت ئادەمنىڭ بىرى چىن خۇي، بىرى چىن خۇينىڭ خوتۇنى، قالغان ئىككىسى يۆ فېينى ئۆلتۈرۈشكە قاتناشقان قاتىللار ئىكەن. مانا بۈگۈن بۇ تۆت ئادەم كىشىلەرنىڭ چىن خۇيغا بولغان ئاچچىقىنى چىقىرىۋالىدىغان لەنەتگەردىگە ئايلاندى.

## 11. ئۈچ ئادەم ۋە يولۋاس

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە، جاۋ بەگلىكى بىلەن ۋېي بەگلىكى ئىتتىپاق تۈزگەنىكەن. ئەھدىنامىگە ئاساسەن، ۋېي بەگلىكى ئۆز شاھزادىسىنى جاۋ بەگلىكىگە تۇرغاق قىلىپ ئەۋەتىپتۇ. ۋېي پادىشاھى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ۋەزىرى پاڭ سۇڭنى شاھزادىگە ھەمراھ قىلىپ جاۋ بەگلىكىگە يولغا سېلىپتۇ. پاڭ سۇڭ ئۆزى سەپەرگە كەتكەندىن كېيىن بەزى ۋەزىرلەرنىڭ پادىشاھ ئالدىدا ئۆزىنىڭ يامان گېپىنى قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، يولغا چىقىش ئالدىدا ۋېي پادىشاھىغا مۇنداق دەپتۇ:

— مۇبادا بىرەرسى: پايتەخت كوچىسىدا بىر يولۋاس لەلەڭشىپ

يۈرتىدۇ دەپ مەلۇمات بەرسە سىلەر ئىشىنەمدىلا؟

پادىشاھ جاۋاب بېرىپتۇ :

— ئىشەنمەيمەن ، نەدە بۇنداق ئىش يۈز بەرسۇن ؟

— ئەگەر يەنە بىر ئادەم كېلىپ ئوخشاشلا بىر گەپنى قىلسا ئىشىنىشلىرى مۇمكىنمۇ ؟

ۋەزىر پادىشاھى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئىشەنمەيمەن ، ئىككى ئادەم كېلىپ دېگەندىمۇ ئىشىنىشىم مۇمكىن ئەمەس .

— مۇبادا ئۈچىنچى بىر ئادەم كېلىپ كوچىدا بىر يولۋاس كۆردۈم دېسە ئىشىنەمدىلا — ئىشەنمەمدىلا ؟

— ئۇنداقتا مەن بۇ گەپكە ئىشىنىمەن . ئەگەر ئۈچ ئادەم تەڭلا مۇشۇنداق بىر ئىش مەۋجۇت دېسە ئۇ ھالدا بۇ ئىش جەزمەن راست بولىدۇ .

پاڭ سۇڭ پادىشاھنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دەپتۇ:

— پايتەخت كوچىسىدا يولۋاس يوق ، ئەگەر ئۈچ ئادەم يولۋاس بار دېسە يولۋاس بار بولىدۇ . مەن ھازىر شاھزادىگە ھەمراھ بولۇپ يىراق جاۋ بەگلىكىگە كېتىۋاتىمەن . مەن دۆلەت سىرتىدا يۈرگەن كۈنلەردە ماڭا زىيانكەشلىك قىلىدىغانلار ئۈچ كىشى بىلەن چەكلەنمەيدۇ . پادىشاھنىڭ ئاشكارا تەكشۈرۈپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

ۋەزىر پادىشاھى باش لىڭشىتىپ تۇرۇپ :

— سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەن ، خاتىرجەم ھالدا بېرىۋېرىڭ ، — دەپتۇ .

كېيىنچە ئەمەلىيەت ئويلىغاندەك بولۇپ چىقىپتۇ . نۇرغۇن ئەمەلدارلار پادىشاھنىڭ ئالدىدا پاڭ سۇڭنىڭ يامان گېپىنى قىلىپتۇ . دەسلەپتە ، پادىشاھ بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلماپتۇ . ئەمما پاڭ سۇڭغا

تۆھمەت قىلىنغان گەپلەر بارغانچە ئاۋۇپ كەتكەنلىكتىن ۋېي پادىشاھى گۇمانلىنىشقا باشلاپتۇ . ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ پاك سۆگىنىڭ ئىشەنچلىك ئادەم ئەمەسلىكىگە ئىشىنىپ قاپتۇ .پاك سۇڭ قايتىپ كېلىپلا ئۆزىنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىشەنچىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى بايقاپتۇ . ۋەھالەنكى ، يالغان گەپ كۆپ قېتىم تەكرارلانغاچقىلا بۇ « ئەمەلىيەت » گە ئايلىنىپ قاپتۇ .

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، ئەگەر بىر ئادەم ئۆز خىزمىتىدە ئاكتىپ ، ئەستايىدىل بولسىلا شۇ ھامان بەزى كىشىلەر ئۇنى « نام چىقارماقچى » ، يۇقىرىغا ياماشماقچى دەپ قارايدۇ . مۇبادا بىرەر ئادەم نا- توغرا ئىستىللارغا قارشى چىقسا ، پارا بېرىش ، پارا قوبۇل قىلىشقا قارشى تۇرسا ، بەزى كىشىلەر ئۇنى ئۆزىنى ئالىي سۈپەت ۋە پاك كۆرسەتمەكچى دەيدۇ . بۇ بېشى كۆرۈنۈپ قالغانلارنى بۇرۇن دۇمبالاشتىن ئىبارەت . لۇشۇن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن :« جۇڭگودا يوشۇرۇن ئوق ئاتىدىغانلار كۆپ ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىققان ئەزىمەتلەر ئاسان ھالاك بولىدۇ .»

## 12 . پىتنە ـ پاسانتىڭ تۆت باسقۇچى

چېن شياۋچۇەن دېيىدىغان بىر كىشى بىر ئادەمگە تۆھمەت قىلىش- نىڭ تۆت خىل ئۇسۇلىنى تىزىپ چىققان . بۇ پىتنە ـ پاساتنىڭ تۆت باسقۇچىدىن ئىبارەت .

بىرىنچى ، « سىياسىي جەھەتتە ئەدەبلەش ». كەسپىي جەھەتتىكى مۇنەۋۋەرلەردىن چوقۇم سىياسىي جەھەتتىن كاۋاك ئىزدەش ؛ ئىككىنچى، «ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەدەبلەش ». سىياسىي جەھەتتىن ئەدەبلىيەلمىسە ئىقتىسادىي جەھەتتىن يوچۇق تېپىش ؛ ئۈچىنچى ، « تۇرمۇش ئىستىلى جەھەتتە ئەدەبلەش ». سىياسىي جەھەتتە ، ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرەر كىشىنى ئەدەبلىيەلمىسە ، تۇرمۇش ئىستىلى ئىغۋا توقۇيدىغانلارنىڭ ئو- مۇمىيۈزلۈك قوللىنىدىغان ئەگگۈشتەرى بولۇپ قالىدۇ . تۆتىنچى: «مەغرۇرلاندى دەپ ئەدەبلەش » . ئەگەر يۇقىرىدىكى ئۈچ باسقۇچ ئۈنۈم

بەرمىسە ھەممە ئادەمگە كىيدۇرگىلى بولىدىغان بۇ قالپاق كۆتۈرۈپ چىقىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ۋە تاشقى دائىرىسى جەھەتتە ئەزەلدىن مۇقىم چەك بولۇپ باقمىغان. ماس كېلىدىغان دائىرىسى كەڭ، چوڭ-كىچىكلىكىمۇ بار، قېرىنىمۇ، ياشقىمۇ ئوخشاشلا كىيدۇ-رۇشكە بولىدۇ. باشلىقنىڭ ئىغۋاغا ئىشەنگەن ۋاقتى دەل ئۇنىڭ رولىنىڭ جارى قىلىنىش ۋاقتىدۇر.

«ئادەملەر ئارىسىدىكى گەپ - سۆزلەر قورقۇنچلۇق». شياڭگاڭدا نەشىر قىلىنغان 36 تەدبىرگە ئائىت بىر كىتابتا شۇنداق دېيىلگەن: «ئانچە كۆپ بولمىغان بىرقانچە ئېغىز گەپ بىر قەھرىماننى قورال تاشلات-قۇزالايدۇ، پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتەلەيدۇ. بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىغۋا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتسىز. چۈنكى ئۇ بىرىنچى قېتىم تارقىلىشى بىلەنلا ئۇنىڭ تەسىرىنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس.»

چىن شياۋچۈەن ئىغۋاگەرلەرنى ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ نەپرەتلى-نەرلىك ئادەملەر دەپ ئاتىغان. ئۇ جۇڭگونىڭ 1982 - يىلى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قانۇنىنىڭ 38 - ماددىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، يېرىم - يارتا ئاڭلىۋالغانلىرىغا تايىنىپلا ئىغۋا توقۇپ باشقىلارغا زىيان سالىدىغان كىشىلەرگە قانۇنىي جازا بېرىشكە چاقىرغان.

## سەككىزىنچى تەدبىر

# قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە سېتىش

يادرولۇق مەزمۇنى: ئا : ئۆدۈلدىن يالغان ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق يوشۇرۇن ھۇجۇمنىڭ نىشانىنى يېپىش، قۇۋلۇق – شۇملۇق قىلىش نىيىتىنى كىشىلەر گۇمان قىلمايدىغان ھەرىكەت بىلەن نىقابلاش .

ب : ئاجايىپ – غارايىپ، ئادەتتىكىچە بولمىغان، غەيرىي مۇنتىزىم، ئۆرپ – ئادەتتىن تاشقىرى بولغان نەرسىلەرنى ئومۇمىي، ئادەتتىكىچە، مۇنتىزىم، ئادەتتىكە ئۇيغۇن بولغان نەرسىلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇش . ئوتتۇرا يولدىن چىقىپ غەلىبە قىلىش ھېيلىسى . « يالغان نورمال » لىق ھېيلىسى .

بۇ تەدبىرنىڭ نامى سىما چيەننىڭ «تارىخنامە» سىدە خاتىرىلەنگەن بىر ئابزاس تارىخىي خاتىرە بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

## 1. ئاسما يولنى كۆيدۈرۈش

مىلادىدىن بۇرۇنقى 207 ـ يىلى، شياڭ يۈ جۈيلۇ (بۇگۈنكى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ پىڭشياڭ دېگەن يېرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا) دا چىن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، هەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەن. كېيىنچە ئۇ هەرقايسى تەرەپ قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىلىرى بىلەن، ئاساسلىقى ليۇ باڭ بىلەن زېمىن تالىشىپ تۆت يىلغىچە جەڭ قىلغان. تارىختا بۇ «چۇ بەگلىكى بىلەن خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلى، شياڭ يۈ شيەنياڭنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن 400 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ گۇەنجۇڭ رايونىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن. بۇ يەرنىڭ زېمىنى مۇنبەت بولۇپ، چىن خاندانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونى هېسابلىناتتى، شۇ سەۋەبلىك چىن لەشكەرلىرى بۇ يەرنى ناهايىتى قاتتىق مۇداپىئە قىلاتتى. شياڭ يۈ خەنگۇگۇەنگە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ليۇ باڭنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى شيەنياڭنى ئاللىبۇرۇن ئىشغال قىلىپ بولغانلىقى هەمدە ئۆزىنى گۇەنجۇڭنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. چۈنكى دېهقان قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ داھىيسى چۇ خۇەيۋاڭ چىن قوشۇنلىرىغا قارشى تۇرغۇچىلار ئىچىدە كىمكى تۇنجى بولۇپ شيەنياڭنى ئىشغال قىلالىسا، شۇ كىشىنى گۇەنجۇڭنىڭ خانى بولىدۇ دەپ ۋەدە بەرگەنىدى.

ليۇ باڭنىڭ بۇ غەلىبىسى شياڭ يۈنىڭ ئۇغىسىنى قايناتتۇرۇۋەتكەن. ئۇ قوشۇن باشلاپ گۇەنجۇڭغا قىستاپ كىرىپ خۇڭمېن (بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسى لىڭتوڭ ناهىيىسىنىڭ شەرقىدە) دا چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكلىگەن ۋە ليۇ باڭنى يوقىتىمەن دەپ قەسەم قىلغان. بۇ چاغدا ليۇ باڭ ئەسكىرىي كۈچى جەھەتتە تۆۋەن ئورۇندا تۇرغاچقا، شياڭ يۈ بىلەن

تۇتۇشالمايتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزى خۇڭمېنغا بېرىپ، شىياڭ يۈنى پەسكارىغا
چۈشۈرمەكچى بولغان. شىياڭ يۈ داستىخان تەييارلاپ ليۇ باڭنى
كۈتۈۋالغان. زىياپەت ئارىلىقىدا شىياڭ يۈنىڭ مۇشاۋۇرى فەن زېڭ شىياڭ
يۈنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى شىياڭ جۇاڭغا ليۇباڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ قىلىچ
ئويناتقان بولۇپ پۇرسەت تېپىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدا ئەقىل
كۆرسەتكەن. چۈنكى، فەن زېڭ ليۇ باڭنى شىياڭ يۈ بىلەن ئۆلگۈچە
دۈشمەنلىشىدۇ دەپ قارىغان. ئەمما، ليۇباڭ سورۇن ئارىلىقىدا «ئەدەبكە
چىقىمەن» دېگەننى باھانە قىلىپ جاڭ لياڭ ۋە فەن خۇيىنىڭ ھىمايىسىدە
شىياڭ يۈنىڭ بارگاھىدىن قېچىپ قۇتۇلۇۋالغان. تارىختىن ئازراق خەۋىرى
بولغانلىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ ھەممىسى «خۇڭمېن زىياپىتى» بىلەن
«شىياڭ جۇاڭنىڭ قىلىچ ئويىنىتىشى ليۇ باڭنى قەستلىمەك ئۈچۈن» دېگەن
تەمسىلنىڭ ھېكايىسىنى بىلمەي قالمايدۇ.

نەتىجىدە، ليۇباڭ شىيەنياڭ بىلەن گۇەنجۇڭنى شىياڭ يۈگە
ئۆتكۈزۈپ بەرگەن. شىياڭ يۈ بولسا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلى ئۆز -
ئۆزىگە «غەربىي چۇ پادىشاھى» دېگەن نامنى بەرگەن. بۈگۈنكى
جىياڭسۇ، ئەنخۇي، سەندۇڭ، خېنەن رايونلىرى شىياڭ يۈنىڭ تەسىر دا-
ئىرىسىدە بولغان. پېڭچېڭ (بۈگۈنكى جىياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شۈيجۇ
شەھىرى) نى پايتەخت قىلىپ بېكىتكەن. جۇڭگونىڭ باشقا رايونلىرى 18
پارچە سۇيۇرغاللىققا بۆلۈنگەن. شىياڭ يۈ ليۇ باڭنىڭ يىراق - يىراقلارغا
كېتىشىنى ئارزۇ قىلغان. شۇڭلاشقا، خەنجۇڭ رايونىنى، يەنى بۈگۈنكى
سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقى، غەربى ۋە بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ
غەربىي جەنۇب رايونىنى، بۈگۈنكى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ كىچىككىنە بىر
قىسمىنى شىياڭ يۈگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىۋەتكەن. ليۇ باڭ شۇ سەۋەب-
لىك «خەنجۇڭ پادىشاھى» دېگەن نامغا مۇيەسسەر بولغان. خەن
سۇلالىسىنىڭ دۆلەت نامى ۋە يىل نامى ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ قوللىنى-
لىشقا باشلانغان. ليۇ باڭنىڭ كېيىنكى ناشۈكۈرلۈك ئېھتىمالىدىن مۇداپىئە
كۆرگەن شىياڭ يۈ خەنجۇڭ بىلەن چېگرىلىنىدىغان گۇەنجۇڭ يەرلىرىنى

ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ ، چىن سۇلالىسىدىن تەسلىم بولغان ئۈچ نەپەر سەركەردىگە سۇيۇرغال قىلىپ بېرىدۇ.

ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە ، ليۇ باڭ گۇەنجۇڭدىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان . گۇەنجۇڭدىن خەنجۇڭغا بېرىش سەپىرىدە ، ئۇ ئادەم ئەۋەتىپ ، يول ئۈستىدىكى 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلىدىغان ئاسما يولنى كۆيدۈرۈۋەتكەن . بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ، ئەتراپتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ ، بولۇپمۇ جاڭ خەن قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىدىن ، مۇھىمى ليۇ باڭ ئەمدى گۇەنجۇڭغا قايتىپ كەلگۈسى يوق ئىكەن دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلىپ ، شياڭ يۈنى بىخۇدلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان .

ئارىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمىگەن ، يەنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلى ، ليۇ باڭ شياڭ يۈ سۇيۇرغال قىلغان تيەنرۇڭ دېگەن يەرنى قولغا كىرگۈزەلمەي ، ئەسلىدىكى چى بەگلىكىنىڭ زېمىنىدا لەشكەر تارتىپ شياڭ يۈگە قارشى يول تۇتقان . ليۇ باڭ خەن شىنگە گۇەنجۇڭغا ھۇجۇم قىلىش ھازىرلىقىنى كۆرۈشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن . دۈشمەننى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن ، خەن شىن ئازراق لەشكەر ئەۋەتىپ ، ئاسما يولنى يېڭىباشتىن رېمونت قىلدۇرغان . شياڭ يۈنىڭ سەركەردىسى جاڭ خەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتكەن ۋە : « بۇ بىر قانچە ئادەم بىلەن ئاسما يولنى رېمونت قىلىمەن دېيىش خۇددى كىچىك بالىنىڭ ئويۇن ئوينىغىنىدەك بىر ئىش » دېگەن . ئەمما ، خەن شىن گۇەنجۇڭغا بۇ ئاسما يول ئارقىلىق ھۇجۇم قىلماقچى ئەمەس ئىدى . ئاسما يولنىڭ رېمونتى باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، ئۇ ليۇ باڭ قوشۇنىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى باشلاپ بىر چىغىر يول بىلەن چېنساڭ (بۈگۈنكى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ فېڭشياڭ دېگەن يېرىنىڭ غەربىي شىمالىدا ) دېگەن يەرگە كېلىپ بولغان. جاڭ خەن ئالدىراپلا ئۇرۇشقا چىققان ، نەتىجىدە قاتتىق مەغلۇپ بولغان . چېنساڭدىن مەخپىي ئۆتۈش بولسا ليۇ باڭ بىلەن شياڭ يۈنىڭ بىر قاتار چوڭ ئۇرۇشلىرىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغان . بۇ ئۇرۇشلار مىلادىدىن

بۇرۇنقى 202 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئاندىن ئاخىرلاشقان . خەن سۇلالىسى ئاخىرى پۈتۈن زېمىننى بىرلىككە كەلتۈرگەن .

## 2 . لۈي مېڭنىڭ كېسەل بولۇۋېلىشى

ئۈچ دۆلەت دەۋرىدە ، ۋۇ پادىشاھى سۈن چۈەن ( 182 ــــ 252 ) لىيۇ بېيىنىڭ قولىدىن جىڭجۇنى تارتىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەن . ئۇ بىر ۋەزىپىنى باش سەردار لۈي مېڭغا تاپشۇرغان . لۈي مېڭ جىڭجۇدىكى گۇەن يۈ شىمالغا بېرىپ ساۋساۋغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلغاندا جەنۇبىي رايونلارنىڭ مۇداپىئەسىنى يادىدىن چىقارمىغانلىقى ، جەنۇبىي سەپكە ناھايىتى كۆپ لەشكەر ئەۋەتىپ مۇداپىئەدە تۇرغۇزغانلىقى ، بۇيرۇق چۈشۈرۈپ تۈر ياساتقانلىقى قاتارلىقلاردىن خەۋەر تاپقان . گۇەن يۈنى بىخۇدلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، لۈي مېڭ يالغاندىن كېسەل بولۇۋېلىپ باش سەركەردىلىك مۆھرىنى خېلىلا ياش بولغان لۇ سۈنگە تاپشۇرۇپ بەرگەن . ئەمما ، جىڭجۇغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى تۈزۈشنى مەخپىي يوسۇندا يۈرگۈزۈۋەرگەن . گۇەن يۈ لۈي مېڭنىڭ كېسەل بولۇپ ، ۋەزىپىدىن چېكىنگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر بىلەن ئالدىنىپ كەتكەن ۋە ئۆزىنى چوڭ چاغلاپ ، لۇسۈننىڭ يېشى كىچىك ، تېخى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ ، دۈشمەنلىشىشكە ئەرزىمەيدۇ دەپ قارىغان . شۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي سەپتە مۇداپىئەدە تۇرغان لەشكەرلەرنى شىمالغا يۆتكەپ ، ساۋساۋغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرغان . بۇ چاغدا لۈي مېڭ پۇرسەت تېپىپ يېتىلدى دەپ ھېسابلاپ ، بىر كېمىچىلەر قوشۇنى تەشكىللىگەن . بىر بۆلۈك لەشكەرلەرنى كېمىگە يوشۇرغان ، يەنە بىر بۆلۈك لەشكەرلەرگە ئاق كىيىم كىيدۈرۈپ سودىگەر سۈرىتىدە ياساندۇرغان ۋە ئۇلارنى جىڭجۇغا ئەۋەتكەن . بۇ كېمىچىلەر ئەترىتى قاراۋۇللارنىڭ كۆزىنى بوياپ ، قارارلىغان يېرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن يوشۇرۇنۇۋالغان لەشكەرلەر كېمىدىن سەكرەپ چىقىشقان ـ دە ، جىڭجۇنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىۋالغان .

لـۇي مـېڭىنىڭ يالغان كېسەل بولۇۋېلىپ ئورۇن بوشاتقانلىقى ، ئۆز ئورنـىـغا بـىـر ياشنى دەسسەتكەنلىكى ـــ قارىماققا خۇددى خەن شىنىنىڭ ئاسـمـا يـولـنـى رېـمـونـت قـىـلدۇرغىنىغا ئوخشاش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ كـۆرۈنـىـدۇ. ئەمما لۇي مىڭ گوەن يۇگە ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى مەخپىي يـوسـۇنـدا يۈرگۈزۈۋەرگەن . خەن شىنىنىڭ چېنساڭدىن مەخپىي ئۆتۈپ ، جـاڭ خـەنـگـە تـوۇيـۇقسىز ھۇجۇم قىلغىنىغا ئوخشاش ، كېسەل بولۇۋېلىپ ئورۇن بـوشـاتـقان لۇي مېڭمۇ ئاق كىيىملىك « سودىگەر » لەرنى باشلاپ گوەن يۇگە توۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان .

## 3 . دى چىڭنىڭ لەشكەرلەرنى ئارام ئالدۇرۇشى

دى چـىـڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سەردارى بولۇپ ، ئۇ ھەربـىـي كـىـتـابلارنـى كـۆپ ئوقـۇغـان ، 1052 ـ يـىـلـى ، نۇڭ جىگاۋ قـوزغـىلاڭـچـىـلـىـرىنى تىنچىتىش ئورۇشى داۋامىدا ئۇ يەتتىنچى تەدبىرنى قـوللانـغـان . بىر كۈنى ، دى چىڭ پۈتۈن لەشكەرلىرىگە چۈشكۈن قىلىپ ئون كـۈن ئارام ئېلـىـش بـۇيـرۇقـىنى بەرگەن ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ تىڭ تـىـڭچىلىرى بۇ ئەھۋالنى نۇڭ جىگاۋغا يەتكۈزگەن . ئۇلار دى چىڭ مۇشۇ ئون كـۈن ئىچـىـدە بىۋاسىتە ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىپ كەلمەيدۇ دەپ ئـە شەنگەن ۋە سەزگۈرلۈكىنى بوشاشتۇرغان . ئەمما ئىش ئارزۇنىڭ ئەكسىچە بـولـۇپ چـىـققان . چۈشكۈن قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى ، دى چىڭ پۈتۈن قـوشـۇنـىنىڭ يولغا چىقىپ قوزغىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلىشى لازىملىقى توغـ رىـسـىـدا تـوۇيـۇقسىز بۇيرۇق چۈشۈرگەن . قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھېچقانداق تـەيـيـارلـىـقى بولمىغاچقا ، پۈتۈن سەپ بويىچە ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان .

## 4 . نورماندىيە ۋە كېيىنلىر

ئەنـگلىيە ـ ئامېرىكا ئىتتىپاقداشلىرى ئارمىيىسىنىڭ 1944 ـ يىلى 6 ـ ئايـدىكى نورماندىيىدىكى قۇرۇقلۇققا چىقىش ئورۇشىنى « قۇيرۇق كۆرسە

تىپ ئۆپكە سېتىش » تەدبىرىنىڭ ھازىرقى زامان شارائىتىدىكى بىر قېتىملىق تەتبىق قىلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ .

تەبىئىي شارائىتقا ئاساسلانغاندا ، ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن كېيىلېر بوغۇزى ئارقىلىق فرانسىيىنىڭ كېيلېر رايونىدا قۇرۇقلۇققا چىقىشى ئەنگلىيىنىڭ جەنۇبىدىن ئەنگلىيە بوغۇزى ئارقىلىق نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىشقا قارىغاندا كۆپ ئاسان بولۇپ ، قاتنىشى قولايلىق ، ھاۋادىن ياردەم بېرىشمۇ ئاسان ئىدى . شۇنىڭدەك ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك ھۇجۇم يولى ھېسابلىناتتى . گېرمانىيە ئارمىيىسى بۇ ئەھۋالنى ھېسابقا ئالغان ۋە ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى يېقىننى تاشلاپ يىراققا قول سوزمايدۇ دەپ قاراپ ئاساسلىق مۇداپىئە كۈچىنى كېيلېر رايونىغا يۆتكەپ كەلگەنىدى . ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى بۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ، كېيلېر رايونىغا روبىرو تۇرىدىغان ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئامېرىكىنىڭ «1 ـ جىتۇەنجۈن قىسىملىرى » دەيدىغان بىر يالغان ھەربىي نامنى ئويدۇرۇپ چىقتى ۋە يالغان سىمسىز رادىئو تورىنى بەرپا قىلىپ ، گېنېرال باتۇننى بۇ جىتۇەنجۈننىڭ قوماندانى دېگەن يالغان ئاخبارات تارقىتىپ ، گېرمانىيە ئارمىيىسىدە بۇ جىتۇەنجۈن كېيلېردا قۇرۇقلۇققا چىقىشقا تەييارلىنىۋاتقان قوشۇننىڭ دەل ئۆزى دېگەن خاتا تونۇشنى پەيدا قىلدى . ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى يەنە ئەنگلىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ھەرقايسى پورتلاردا ۋە تېمزا دەرياسىنىڭ قويۇلۇش ئېغىزىدا قىياسەن قۇرۇقلۇققا چىققۇچى ئىسكادرا تەشكىللەپ ، كۆپ مىقداردا يالغان قۇرۇقلۇققا چىققۇچى كېمە ۋە ھەربىي لاۋازىمەتلىكلەرنى تاغدەك دۆۋىلىۋەتتى . زەمبىرەك ئوت كۈچى جەھەتتە ، ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى كېيلېر رايونىغا بولغان توپقا تۇتۇشنى كۈچەيتتى . ئەمما نورماندىيىگە قارىتا ئادەتتىكىچىلا بومباردىمان يۈرگۈزدى . بۇنىڭ بىلەن ، گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ خاتا تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ ، ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسىنىڭ نورماندىيىدە تۇيۇقسىز قۇرۇقلۇققا چىقىشى ئۈچۈن شەرت ھازىرلىدى .

ئۆز ۋاقتىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتىنىڭ بىر

گېنېرالى شۇ قېتىمقى دۈشمەننى ئالداش ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى توغرىسىدا ماگنا بىر پارچە خەت يېزىپ، مۇنداق دېدى: « دۇرۇس، ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى شىمالدا ۋە جەنۇبتا پىلانلىق تۈردە دۈشمەننى ئالداش ھەرىكەتلىرىنى يولغا قويدى. بۇ پىلان ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى نورۋېگىيىدە كېيىلېر رايونىدا قۇرۇقلۇققا چىقىدۇ، دېگەن خاتا قاراشنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سىمسىز رادىئو دولقۇنلىرى ئارقىلىق ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسىنىڭ يەنە بىر قوشۇنى مەۋجۇت دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلىپ، ئەسكەرلەرنى توپلاش چارىسى بىلەن گېرمانىيە ئارمىيىسى قايمۇقتۇرۇلدى. ئەمما كىشىنى ناھايىتى گۇمانلاندۇرىدىغىنى، گېرمانىيە رەھبەرلىك قاتلىمى قانچىلىك ئالداندى ياكى گېرمانىيە ئارمىيىسى ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش يۈزىسىدىن ئەسكىرىي كۈچ تەقسىماتىدا بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ تەسىرىگە قانچىلىك دائىرىدە ئۇچرىدى دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. ئامېرىكا ئارمىيىسى 82 ـ، 101 ـ ۋە ئەنگلىيە ئارمىيىسى 6 ـ پاراشوتچىلار دىۋىزىيىسىنىڭ ھاۋادىن چۈشۈش ھەرىكىتىدە ھېچقانداق ئالدامچىلىق خاراكتېرى بولمىغان. بەلكى ئۇ پۈتكۈل قۇرۇقلۇققا چىقىش ھەرىكىتىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىبىي قىسمى ئىدى. گەرچە مەلۇم كىچىك دائىرىدە تاكتىكا جەھەتتە گېرمانىيە ئارمىيىسىنى ئالدايدىغان يالغان نەرسىلەرنى تاشلىغان بولسىمۇ بۇ يەنىلا شۇنداق.»

## 5. شىسەنمېيىنىڭ تونۇشتۇرغۇچى بولۇشى

ماتىجۇ يازغۇچىسى ۋېن كالىڭ X I X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يازغان « قەھرىمان ئوغۇل ـ قىزلار » دېگەن رومانىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

ئەن جىنىڭ دادىسى ـــ ياش ئەمەلدار ئەن غوجام خۇيخې دەرياسى ۋادىسىدىكى خېگۇڭ ناھىيىسىدە ھاكىم بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە يۇقىرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ چەتكە قېقىشى نەتىجىسىدە ئەمەلدىن ئېلىنىپ كەتكەن، يەنە جەرىمانە ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈمۈشمۇ تۆلىگەن. دادى-

سىغا ياردەم بېرىش نىيىتىگە كەلگەن ئەن جى كۆمۈش تەڭگىلەرنى ئېلىپ 3000 چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرگە قەدەم تاشلىغان. يول ئۈستىدە ئۇ بىر ئىبادەتخانىگە يېتىپ كەلگەن ۋە شۇ يەردە قونۇپ قالغان. ئىبادەتخانىدىكى شەيخ - راھىبلارنىڭ راھىب قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇلاڭچى - باندىتلار ئىكەنلىكى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمىغان. ئاشۇ ۋەھشىي راھىبلار ئەن جىگە زەھەرلىك قولىنى ئۇزىتىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، رومانىدىكى باش قەھرىمان — ھۆرلۈۋەتلىك قىز شىسەنىيى ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان ۋە ئاشۇ ۋەھشىي شەيخ - راھىبلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يەنە جاڭ لىيشى ئەر - خوتۇن بىلەن ئۇلارنىڭ 18 ياشلىق قىزى جىنفېڭنىمۇ قۇتۇلدۇرۇۋالغان. جاڭ ئائىلىسى ئۆز يۇرتىدا تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن ئۆيىدىن ئايرىلىپ جىڭدۇگدىكى تۇغقانلىرىدىن پاناھ تىلەپ كېتىۋاتقانىكەن. ئۇلارمۇ بۇ ئىبادەتخانىغا كېلىپ قونۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا باندىتلار تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ قاماپ قويۇلغانىكەن. بۇ قورقۇنچلۇق مىنۇتلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ۋە يەنە ئەن جى ئىبادەتخانا ئاشخانىسىغا كىرىپ، تاماق ئېتىپ يېيىشكە تۇتۇش قىلغان. شىسەنىيى بىلەن جىنفېڭ بىر چەتكە بېرىۋېلىپ ئۆز كەچۈرمىشلىرى توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشكەن. شىسەنىيى جىنفېڭنىڭ تېخى بىرەر كىم بىلەن پۈتۈشمىگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئۆزى تونۇشتۇرغۇچى بولۇپ ئەن جىنى سايە قىلغان. ئۇ چاغدا شىسەنىيىنىڭ ئەن جىگە بولغان قارىشى بەكمۇ ياخشى ئىدى. كۆڭۈلدىكى گەپنى قىلغاندا، بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشقا جىنفېڭمۇ ئىنتايىن رازى ئىدى، شۇغىنىسى بۇ گەپنى ئۇ ئۇدۇللا ئېيتالمايتتى، سەل ئارىسالدى بولۇپ بىر پىكىرگە كېلەلمەيۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى.

بۇرۇن، شىسەنىيى بىلەن جىنفېڭنىڭ ھېچقانداق تونۇشلۇقى يوق ئىدى، دېمىسىمۇ ئۇلار تاساددىپىي ئۇچرىشىپ قالغان، شىسەنىيى جىنفېڭنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ بەختى ئۈستىدىمۇ باش قاتۇرۇشقا باشلىغان، ھەممە تەرەپتىن تەڭ يېتىلگەن ئەن جىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغان، جىنفېڭ ئەمدى بىر ئېغىز «ماقۇل» دەۋەتسىلا ئىشنىڭ پۈرۈشۈپ كېتىشىدە گۇمان قالمىغانىدى.

جىنفېڭ سادداۋە ئەقىللىق بىر قىز ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ: «شىسەنمېي نېمە ئۈچۈن ماڭا بۇنچىلىك يېقىنچىلىق قىلىدۇيۇ، ئۆزىنى ئويلىمايدۇ، ئۇ چىراي ۋە ياش جەھەتتىمۇ مەندىن قېلىشمايدۇ، ھەرقانچە پەرىزات ـ ئەۋلىيا بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدا ‹سۆيگۈ› دېگەن بىر نەرسىنىڭ بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. شىسەنمېينىڭ ئەن جىدەك بۇنداق قاملاشقان يىگىتنى ئەمدىلا تونۇشقان جىنفېڭغا قوش قوللاپ تۇتۇپ بېرىشى جىنفېڭنى گۇمانلاندۇرۇشقا ھەقلىق ئىدى. «ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلىدە ئەن جىگە تېگىش ئارزۇسى بولۇپ، ئىغىز ئېچىشقا ئۇيىلىپ ‹كۆرۈنۈشتە ئاسما يولنى رېمونت قىلىغان بولۇپ، ئاستىرتىن چېنىساڭدىن ئۆتۈش› ئويۇننى ئويناپ، ئاتا ـ ئانام ئارقىلىق خىزمەت ئىشلىتىپ، كېيىن ئەن جىگە كېچىلىك ئاغىچا بولماقچىمۇ ـ يە؟» دېگەن چىگىش سوئال جىنفېڭنى قىيناشقا باشلىدى، ئاخىرى ئۇ بىر ئامال قىلىپ شىسەنمېينىڭ كۆزلىگىنى ئۆزىنىڭ قىياسى بىلەن ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. ئويان ئويلا ـ بۇيان ئويلا، ئاخىرى بۇددا نومىدىكى بىر ھېكايە ئارقىلىق شىسەنمېينى سىناپ بېقىش قارارىغا كەلدى. بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانغاندا ئۆزىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايتتى. جىنفېڭ شىسەنمېيدىن سورىدى:

— ئاچا، سىڭلىڭىز بىرقانچە يىل ئوقۇغان ۋە قەدىمدە ـ يېقىندا ئۆتكەن بىرقانچە ئەربابلاردىن خەۋىرىم بار. بىرقانچە دېلونىڭ ئۆتمۈشىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. مەن ئوقۇش داۋامىدا بىر ھېكايىنى ئۇچراتتىمكى، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تا ھازىرغىچە يېشەلمەي كېلىۋاتىمەن، ئاچامدىن سوراپ باقسام بولارمىكىن؟

شىسەنمېي جىنفېڭنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى تۇيۇپ قالغانىدى. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— قېنى ئېيتىڭ، قۇلىقىم سىزدە، — دېدى.

— ماھايات نومىدا ئېيتىلىشىچە، بۇددايىمىز بۇددالىق مۇقامىغا يېتىشتىن بۇرۇن تاغ ئارىسىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرغان چېغىدا ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاسنى كۆرسە ئۆز گۆشىنى كېسىپ يولۋاسقا يېگۈزەتتىكەن، ئاچ

بۇركۈتنى كۆرسە ئۆزىنىڭ ئۇچەي - باغرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، بۇركۈتنى باقىدىكەن. راست دېگەندەك، بۇدايىمىز ئۆز شاپائىتى بىلەن ئۇچالىغ ۋە تىنالىغلارنى ئاسرايدىكەن. پەقەت ئۇ ئۆزىنىڭ گۆش - ئۇچەيلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقمايدىكەن. بۇنىڭ مەنىسى نېمىدۇ ؟

شىسەنمېيمۇ چېچەن، ئەقىللىق قىز ئىدى. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ سوغۇققىنە بىر كۈلۈپ قويۇپ چوڭقۇر ئۇھ تارتىۋالدى - دە، سالماق ئاۋاز بىلەن:

— سىڭلىم، گەرچە بىز ئەمدىلا تونۇشقان بولساقمۇ، ھەممە ئىش ماڭا ئايان. بىراق ئاچىڭىزنىڭ دەردى بولسا بۇنىڭغا ئوخشاشمايدۇ. كۆڭلۈمدىكىنى ئۆز - ئۆزۈمگە دېيەلەيمەنۇ، سىردىشىمغا دېيەلمەيمەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كۆز ئالدىمدىكى بۇنداق گۈزەل ئويلار ھەققىدە كۆپ گەپ قىلغىنىم بىلەن، بۇ دۇنيادىكى كۆڭۈللۈك نىكاھ دېگەنلەردىن بەلكى مېنىڭ نېسىۋەم بولمىسا كېرەك، — دېدى.

مۇنداقلا قارىماققا، جىنفېڭ شىسەنمېينى قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېنىۋاتىدۇ دەپ قىياس قىلغان. ئەمما ئۇنىڭ بېشارەت خاراكتېرىدىكى سۆزلىرىمۇ قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە تېپىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ كۆرۈنۈشتە ساكيامۇنىنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىش مەنىسىنى سورىغان، ئەمەلدە ئۇ شىسەنمېينىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىشنىڭ مەقسىتىنى بىلمەكچى بولغانىدى.

## توققۇزىنچى تەدبىر

# چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈش

يادرولۇق مەزمۇنى : قول قوشتۇرۇپ تۇرۇپ ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈش . ياردەممۇ بەرمەي ، قاراملىق بىلەنمۇ ئارىلاشماي ، ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىش ، ئەھۋال تەرەققىي قىلىپ ئۆزىگە پايدىلىق باسقۇچغا يەتكەندىلا ئاندىن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تەدبىر قوللىنىپ پايدا ئېلىش . تاغدا تۇرۇپ يولۋاس سوقۇشىنى تاماشا قىلىش . سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش ، ئىش قىلماي نەپكە ئېرىشىش .

بۇ تەدبىرنىڭ نامى كىشىگە « ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە » دېگەن كىتابتىكى بىر ھېكايىنى ئەسلىتىدۇ.

## 1 . غالىب كۆزەتكۈچىلەر

مىلادى 208 ـ يىلى، جۇگې لياڭ شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى سۈن چۈەننى ليۇ بېي بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، تاجاۋۇزچى ساۋ ساۋغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش توغرىسىدا قايىل كەلتۈرىدۇ. ئۇ چاغدا ساۋ ساۋنىڭ 830 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدا بارگاھ قۇرۇۋالغانىدى. شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ تۇتۇقى جۇ يۈ چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا تۇرۇۋاتاتتى. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى تۇرۇۋاتقان جاينىڭ قارشى تەرىپىدىكى قىرغاقتا كىچىك بىر تاغ بولۇپ، بۇ تاغ دەرياغا ئۆسۈپ كىرگەن، تاغقا « چىبى » دىگەن خەتلەر ئويۇلغانىدى. ساۋ ساۋنىڭ جۇ يۈگە قارشى ئېلىپ بارغان بۇ ئۇرۇشى كېيىنكى كۈنلەردە «چىبى ئۇرۇشى » دېگەن نام بىلەن ئاتالغان.

دەسلەپتە، جۇ يۈ ھالقىسىمان ھەپىلەشىش تەدبىرىنى ئىشقا سېلىپ سۇ ئۈستىدە ئۇرۇشقا كۆنمىگەن ساۋ ساۋنى ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرىدۇ. ساۋ ساۋ بارلىق جەڭ كېمىلىرىنى دەريادا 30 — 50 دىن بىر سەپ قىلىپ، كېمىلەرنىڭ بېشىنى ۋە قۇيرۇقلىرىنى تۆمۈر زەنجىر بىلەن چاتىدۇ ۋە كېمە ئۈستىگە كەڭ تاختايلارنى ياتقۇزىدۇ. ئۇ بۇنداق قىلسام دەريادىن ئۆتىدىغان پىيادە لەشكەرلەر خۇددى تۈز يەردە ماڭغاندەك بىمالال ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمما جۇ يۈ شەرقىي جەنۇب شامىلىدىن پايدىلىنىپ ساۋ ساۋنىڭ جەڭ كېمىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ.

ئۇرۇش باشلىنىشتىن بۇرۇن، جۇ يۈ جۇگې لياڭنى قوشۇنغا كېلىپ مەسلىھەتلىشىشكە ۋە شامال يۆنىلىشىگە ھۆكۈم قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئارقىدىنلا جۇ گې لياڭ ليۇ بېينىڭ يېنىغا قايتىپ بارىدۇ. ھەمدە ليۇ بېي بىلەن بىللە فەنشەن تېغىغا چىقىپ چاڭجياڭ دەرياسى

ئۇستىدىكى ئوت بىلەن ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى تاماشا قىلىدۇ. ئۇلار تاغدا بەخىرامان ئولتۇرۇۋېلىپ ، يىراقىراق يەردىكى سۇن چۆەن ، جۇ يولەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ساۋ ساۋ بىلەن بولغان جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىدۇ ۋە شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ چىبى ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسىدىن پايدىلىنىپ ، ئوت ئىچىدىن كاشتان ئېلىپ ئۆز تەسىرىنى ئۆزلۈكسىز تۆردە كېڭەيتىپ بارىدۇ .

## 2 . ئۆلۈم گىردابىغا كىرىش

يۈەن شاڭ بىلەن يۈەن شى بولسا ئۈچ دۆلەت دەۋرىدىكى يۈەن شياۋنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى . شۇڭلاشقىلا ئۇلار ساۋ ساۋنىڭ رەقىبلىرى ھېسابلىناتتى . يۈەن شياۋ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار ساۋ ساۋغا تەڭ كېلەلمەي قول ئاستىدىكى بارى - يوقى بىرقانچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ لياۋدۇڭ ( بۇگۈنكى ئىچكى موڭغۇلنىڭ جەنۇبى ، لياۋنىڭ ئۆلكە-سىنىڭ شەرقى ) غا قېچىپ كەتكەن . لياۋدۇڭنىڭ ۋالىيسى گۇڭ سۇنكاڭ گەرچە ئۇلارنىڭ ئاتا دۈشمىنى بولسىمۇ ، ئۇلار يەنە شۇنداق قىلىشقا مەج-بۇر بولغان . يۈەن شياۋ ھايات ۋاقتىدا لياۋدۇڭنى يۇتۇۋېلىش خىيالىدا بولغان ، لېكىن ئۇ بۇ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالمىغان . ئەمما ، كېيىنچە ساۋ ساۋ بىلەن يۈەن شياۋ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تالاشقان بولغاچقا ، گۇڭ سۇنكاڭ ساۋ ساۋغا ياردەم بېرىپ يۈەن شياۋنى يوقىتىۋېتىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن . يۈەن شاڭ بىلەن يۈەن شى بۇ قېتىم گۇڭ سۇنكاڭنىڭ تەۋەسىدە مەلۇم ۋاقىت پاناھلىنىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىشقان ، پەيتى كەلگەندە گۇڭ سۇنكاڭنى يوق قىلىپ ، ساۋ ساۋغا قايتا ئوت ئېچىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەن .

ساۋ ساۋنىڭ سەردارلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك لياۋدۇڭغا ھۇجۇم قىلىپ ، يۈەن شاڭ بىلەن يۈەن شىنى قوغلاپ يۈرۈپ تارمار قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشقان . ساۋ ساۋ ئۆزىنىڭ ھېيلىچىسى گوجيانىڭ « گۇڭ سۇنكاڭ بىلەن ئاكا - ئۇكا يۈەن فامىلىلىكلەرنى بىر مەزگىل بىللە تۇ-

رۇشقا پۇرسەت يارىتىپ بېرىلسە، كۆپ ئۆتمەيلا لياۋدۇڭ ۋالىيسى گۇڭ سۇنكاڭ يۈەن شاڭ بىلەن يۈەن شىناڭ كاللىسىنى ئۆز ئىختىيارىي بىلەن بىزگە ئەكېلىپ بېرىدۇ» دېگەن تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان. ئاخىرى، ئىش تەسەۋۋۇردىكىدەك بولۇپ چىققان، گۇڭ سۇنكاڭ ئۆز ئادەملىرى ئارقىلىق ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننىڭ بېشىنى ساۋ ساۋغا ئەۋەتىپ بەرگەن!

سەردارلار ھەيران بولۇشقان ھالدا ساۋ ساۋدىن بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى ئۆتۈنگەن. ساۋ ساۋ مۇنداق دېگەن: «بىر تەرەپتىن، گۇڭ سۇنكاڭ يۈەن شاڭ بىلەن يۈەن شىنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى يەرلەرنى تارتىۋېلىشىدىن قورققان، ئاكا ـ ئۇكا يۈەن فامىلىلىكلەرنىڭ بۇ قېتىم لياۋدۇڭغا قېچىپ بېرىشى ئۇنىڭ گۇمانىنى قوزغىشى تەبىئىي ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، گۇڭ سۇنكاڭ بىزنىڭ لياۋدۇڭغا ھۇجۇم قىلىشىمىزدىن ئەنسىرىگەن. ئەگەر بىز ئۇلارنى قوغلاپ لياۋدۇڭغىچە بارغان بولساق، يۈەن شاڭ، يۈەن شىلەر گۇڭ سۇنكاڭ بىلەن بىرلىشىۋالاتتى ۋە بىزگە ئورتاق قارشى قوپاتتى. ئەگەر بىز ئۇلارنى بىر مەزگىل بىللە تۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرسەك ۋە لياۋدۇڭغا ھۇجۇم قىلمىساق، ئۇلار جەز-مەن بىر ـ بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالاتتى ـ دە، گۇڭ سۇنكاڭ ئىككى يۈەننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى بىزگە ئەكېلىپ بېرىپ يېقىنچىلىقنى ئىپادىلەيتتى.»

شۇنداق قىلىپ، ساۋ ساۋ بۇ ئىككى رەقىبىنى بىراقلا جايلىۋەتكەن. يۈەن فامىلىلىكلەر بىلەن گۇڭ سۇنكاڭ ئۇرۇشۇۋاتقاندا ئۇ بىر چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈش رولىنى ئوينىغان.

## 3. چاڭچۈننىڭ ئازاد قىلىنىشى

جۇڭگونىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، يەنى 1948 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چاڭچۈن شەھىرىنى قورشىۋالغان. شە-ھەرگە كىرىۋالغان 100 نەچچە مىڭ كىشىلىك گومىنداڭ قوشۇنى سۇستەھكەم ھەربىي ئىنشائاتلارغا تايىنىپ، شەھەرنى قاتتىق مۇداپىئە قىل-

غان . لېكىن ، ئاشلىق ۋە باشقا يېمەكلىكلەر كۆنسېرى ئازىيىپ كەتكەن . گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئايروپىلاندىن تاشلاپ بېرىلگەن يېمەكلىكلەرنى تالىشىپ بىر ـ بىرىگە ئوق چىقىرىش دەرىجىسىگە يەتكەن .

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شەھەرنى قورشاشنى بارغانسېرى كۈچەيتكەن بولسىمۇ ، ئەمما شەھەرگە ھۇجۇم قوزغىمىغان . ئۇلار شەھەرگە قامىلىپ قالغان دۈشمەنلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈپ كېتىشىنى مەقسەت قىلغان . ئەگەر بەك ئالدىراپ ھۇجۇم قىلىنسا دۈشمەن يېڭىباشتىن ئىتتىپاقلىشىۋالىدۇ ، ئۇلار ئارىسىدىكى زىددىيەتمۇ يۇمشاپ كېتىدۇ دەپ قارالغان . دەل ئاشۇ پەيتتە ، جىنگجۇدىن چوڭ غەلىبە خەۋىرى يېتىپ كەلگەن . ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى كۈچلۈك ھۇجۇمىنىڭ نەتىجىسى شۇ بولغانكى ، چاڭچۇننى ساقلاۋاتقان يۈننەنلىك 60 ـ جۈننىڭ جۈنجاڭى زېڭ زېشېڭ جياڭ جيېشىنىڭ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى رەت قىلىپ ، 1948 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى پۈتۈن جۈن بويىچە تەسلىم بولغان . چاڭچۇندىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا ئەگىشىپلا تەسلىم بولۇپ قورال تاپشۇرغان .

## 4. يولۋاس تاماشاسى كۆرۈش

سىما چيەنىنىڭ « تارىخنامە» سىدە ئېيتىلىشىچە ، خەن ، ۋېي بەگلىكلىرى ئۆز زامانىسىدا بىرقانچە يىل توختىماي ئۇرۇشقان . چىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى خۈيۋاڭ ئارىغا چۈشۈپ ، بۇ ئىككى بەگلىكنى ياراشتۇرۇپ قويماقچىمۇ بولغان . ئۇ بۇ ئويىنى ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىغا ئېيتقاندا ، ۋەزىرلىرىنىڭ بەزىسى قوشۇلغان ، بەزىسى قارشى چىققان . خۈيۋاڭمۇ ئارىسالدى بولۇپ بىر قارارغا كېلەلمىگەن . دەل شۇ چاغدا چېن جېن دېگەن ئادەم چىن بەگلىكىگە كېلىپ قالغان . شۇنىڭ بىلەن خۈيۋاڭ ئۇنىڭدىن بىرەر ئەقىل كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلغان . چېن جېن بىر ھازا ئويلانغاندىن كېيىن :

— ئۇلۇغ پادىشاھىم ، بىيەن جۇاڭزىنىڭ يولۋاس ئۆلتۈرگەن ھېكا-
يىسىنى بەلكى ئاڭلىغان بولغىيتىلە . بىر قېتىم بىيەن جۇاڭزى ئىككى
يولۋاسنىڭ بىر كالىنى تالىشىپ ئۆزئارا خىرىس قىلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ
ۋە شەمشىرىنى چىقىرىپ يولۋاسلارنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ ، بىراق بىر بالا
چاكار ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا : « ئىككى يولۋاس كالا گۆشىنىڭ تە-
مىنى تېتىش ئۈچۈن جەزمەن تالاشماي قالمايدۇ. تالىشىدىكەن ، جەزمەن
بىر - بىرىنى چىشلىشىدۇ . چىشلىشىدىكەن، كۈچلۈك يولۋاس يارىلان-
ماي ، ئاجىز يولۋاس ئۆلمەي قالمايدۇ . سىلى دەل مۇشۇ پەيتتە يارىلانغان
يولۋاسنى قوغلاپ يۈرۈپ شەمشەر ئۇرىدىغان بولسىلا چوقۇم ئۇنى ئۆلتۈ-
رەلەيدىلا ، شۇنىڭ بىلەن ئىككى يولۋاسنى بىراقلا يەڭگەن بولىدىلا »
دەپتۇ . بىيەن جۇاڭزى بۇ بالىنىڭ گېپىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس
قىلىپ يېتىپتۇ ۋە بىر چەتتە تۇرۇپ يولۋاسلارنىڭ تالىشىشىنى تاماشا
قىپتۇ . كۆپ ئۆتمەي ئىككى يولۋاس چىشلەشكىلى تۇرۇپتۇ . كۈچلۈك
يولۋاس يارىلىنىپتۇ ، ئاجىز يولۋاس بولسا ئۆلۈپ قاپتۇ . بىيەن جۇاڭزى
شەمشىرىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپتۇ - دە ، بىرلا ھۇجۇم بىلەن يارىلانغان
يولۋاسنى يەر چىشلىتىپتۇ . ھازىر خەن بەگلىكى بىلەن ۋېي بەگلىكى
ئۇرۇشۇۋاتىدۇ . بۇ ئۇرۇش ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولسىمۇ ، يېڭىش - يېڭى-
لىش ئايرىلمىدى . بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئاقىۋەت شۇ بولىدىكى ،
كۈچلۈك بەگلىك زىيانغا ئۇچرايدۇ ، ئاجىز بەگلىك بولسا يېڭىلىدۇ .
ئەھۋال شۇ يەرگە يەتكەندە ئۆزلىرى لەشكەر تارتىپ بېرىپ زىيان -
زەخمەتكە ئۇچرىغان بەگلىككە ھۇجۇم قىلسىلا جەزمەن ئىككى بەگلىكتىن
كېلىدىغان پايدىنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بولىدۇ . پادىشاھىم ،
قېنى ئېيتىپ باقسىلا ، دېگەنلىرىمگە قانداق قارايدىلا ، — دەپتۇ . خۇيۋاڭ
چېن جېننىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە لەشكەرلىرىنى راسلاپ ، يولۋاس
تاماشىسىنى كۆرۈپتۇ . ئاقىۋەت ئاخىرى ئويلىغاندەك چىقىپتۇ . ۋېي بەگ-
لىكى بۇ ئۇرۇشتا زىيان - زەخمەتكە ئۇچراپتۇ . خەن بەگلىكى بولسا
ھالاك بوپتۇ . چىن بەگلىكى ۋېي بەگلىكى ئۈستىگە لەشكەر تارتىپتۇ ۋە
كاتتا غەلىبىلەرگە ئېرىشىپتۇ .

## ئونىنچى تەدبىر

### A : كۆلكە ئىچىگە پىچاق يوشۇرۇش

### B : تىلى شېكەر ، ئىچى زەھەرلىك

ياردرولۇق مەزمۇنى : شەكلەن دوستلۇق ۋە چىرايلىق سۆز ـ
ھەرىكەت بىلەن قەبىھ مەقسىتىنى يوشۇرۇش .
ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلىش .
روما رىۋايەتلىرىدىكى ئىككى يۈزلۈك
ئەرۋاھ . يەھۇدانىڭ سۆيۈش ھىيلىسى .

## 1. لى يىفۇ ۋە لى لىنپۇ

بۇ تەدبىرنىڭ نامى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر بەي جۈيىنىڭ لى يىفۇنى سۆكۈپ يازغان شېئىرىدا ئۇچرايدۇ. بەي جۈيى بۇ شېئىردا لى يىفۇنى «ئۇنىڭ كۈلكىسى ئارىسىدا پىچاق بار، پەيت تاپسىلا ئادەم ئۆلتۈرىدۇ» دەپ باھالىغان.

تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، تاڭ گاۋزۇڭ (مىلادى 649 ـ يىلىدىن مىلادى 683 ـ يىلىغىچە) نىڭ ئەتىۋارلىق ئەمەلدارى بولغان لى يىفۇ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش ھېسابىغا سۇلالىدىكى يۇقىرى ئەمەلگە ئېرىشۋالغان. مىلادى 940 ـ يىلى يېزىلغان «كونا تاڭنامە» دە: «لى يىفۇ قارىماققا ياۋاش ـ مۇلايىم ئادەم ئىدى، باشقىلار بىلەن ئۈلپەتلەشكەندە كۈلۈمسىرەپ ـ ھىجىيىپلا تۇرغىنى بىلەن سۇيىقەست قىلىشقا ئۇستا ئىدى. چوڭ ئەمەلدە تۇرغاچقا قورسىقىغا ياقمىغانلا كىشىنى ئاشىرتىپ ئەدەبلەيتتى. قەدىمكىلار ئۇنى تىلى شېكەر، دىلى زەھەر ئادەم دېيىشەتتى» دېيىلگەن.

ئوۋيانڭ شيۇ يازغان «يېڭى تاڭنامە» دېگەن كىتابتىمۇ لى يىفۇغا بېرىلگەن باھا يۇقىرىدىكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. مەشھۇر كلاسسىك رومان «سۇ بويىدا» دىمۇ، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تىمۇ، ھەتتا جۇڭگونىڭ تىياتىر ئەسەرلىرىدىمۇ ئۇنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ.

گۈەن خەنچىڭنىڭ تارىخىي تىياتىرى «گۈەنداۋگىنىڭ شەمشەرلىكلەر ئۇچرىشىشىغا تەنھا بېرىشى» دىمۇ «كۈلكە ئىچىدە پىچاق يوشۇرۇش» دېگەن ئاتالغۇ تىلغا ئېلىنغان.

بۇ تەدبىرنىڭ ئىككىنچى نامى «تىلى شېكەر، دىلى زەھەر» دېگەن سۆز سىما گۇاڭ يازغان «ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى» دېگەن ئەسەردە شۈەنزۇڭنىڭ ۋەزىرى لى لىنپۇنى تەسۋىرلىگەندە ئىشلىتىلگەن.

ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چوڭ قورۇقلۇقتىكى گېزىت ـ

ژۇرناللار «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى لى لىنپۇنىڭ ساقىندىلىرى دەپ ئەيىبلىگەن. ماۋ زېدۇڭ 1939 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە بەزى جاھانگىرلارنى لى لىنپۇ بىلەن تەڭ ئورۇندا قويغان. 1939 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېلان قىلغان بىر پارچە ماقالىسىدە ئەنگلىيىنىڭ ئەينى چاغدىكى باش ۋەزىرى چېمبىرلىننى لى لىنپۇغا ئوخشاتقان. ماۋ زېدۇڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن لى لىنپۇچە ئىككى يۈزلىمىچىلەرگە قارشى كۈرەشنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇشقا چاقىرغان. ئۇ ئوچۇق ـــ ئاشكارا قوللاپ، يوشۇرۇن قارشى تۇرۇش، ئاغزىدا ھە دەپ قويۇپ كۆڭلىدە ئىنكار قىلىش، كۆرۈنۈشتە چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ، ئاستىرتىن دەيدەيگە سېلىش قاتارلىق ئىللەتلەرنى ئىككى يۈزلىمىچىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى دەپ ھېسابلىغان.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ماۋ زېدۇڭ يەنە «شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى» دېگەن بىر ئاتالغۇنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى پرولېتارىيات سىنىپى دۇچ كېلىدىغان ئاساسىي خەۋپ دەپ ھېسابلىغان.

جۇڭگودا نەشر قىلىنغان «لېنىن ئەسەرلىرى توپلىمى» دا، لېنىن 1907 ـ يىلى يازغان بىر پارچە ماقالىنىڭ ماۋزۇسى «تىلى شېكەر، دىلى زەھەر» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

شياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان 36 تەدبىرگە ئائىت كىتابلاردا خىروششېۋنى لى يىفۇ، لى لىنپۇچە شەخس دەپ ئاتىغان. ستالىن ھايات ۋاقتىدا، خىروششېۋ ئۆزىنى ستالىننىڭ سادىق ئەگەشكۈچىسى دەپ ئاتىۋالغان، 1956 ـ يىلى سوۋېت كومپارتىيىسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيىدا ئۇ بىر ئۆرۈلۈپلا ئۆلۈپ كەتكەن ستالىنغا ھۇجۇم قىلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئىچىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىۋالغان، دەپ قارىغان.

بەزى كىتابخانلار «كۈلكە ئىچىگە پىچاق يوشۇرۇش» دېگەن بۇ تەدبىرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ

قارىشى مۇمكىن. بىراق، جۇڭگونىڭ ھېلە كىتابلىرىدىن ئېلىنغان تۆ-
ۋەندىكى ئىككى مىسال بۇ تەدبىرنىڭ نەقەدەر كەڭ ۋە كىشىنى
چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە قوللىنىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردىمى
تېگەر دېگەن قاراشتىمەن. بىرىنچى مىسال قانۇنچىلارنىڭ ئەڭ چوڭ
ۋەكىلى خەن فېينىڭ ئەسىرىدىن ئېلىنغان.

## 2. خەتەرلىك قۇدا بولۇش

ئەمىنلىك دەۋرىدە، جېن ۋۇگوڭ خۇ بەگلىكىنى يۇتۇۋېلىش كو-
يىغا چۈشۈپتۇ، بىراق ئۇنىڭ ھەربىي ئەسلىھەلىرى چەكلىك بولغانلىقتىن،
خۇ بەگلىكىگە ئۇدۇل ھۇجۇم بىلەن تېگىشكە پېتىنالماي مەزكۇر تەدبىرنى
قوللىنىپتۇ. خۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھىغا ياخشىچاق بولۇش ۋە خۇ
بەگلىكىنى مۇداپىئەدىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، جېن ۋۇگوڭ ئۆزى-
نىڭ گۈزەل قىزىنى خۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھىغا خوتۇنلۇققا بېرىپتۇ،
شۇنداق قىلىپ، خۇ بەگلىكى بىلەن جېن بەگلىكى قۇدا بولۇپ قاپتۇ. خۇ
بەگلىكىنىڭ سەزگۈرلۈكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۇسلاشتۇرۇش
مەقسىتىدە ئۇ يەنە بارلىق ئەمەلدارلىرىنى يىغىپ:

— مەن لەشكەر بىلەن ئەلنى قۇدرەت تاپتۇرماقچىمەن، قېنى
ئېيتىڭلار، ئاۋۋال قايسى بەگلىككە ھۇجۇم قىلساق پايدىلىق بولار؟ —
دەپ سوراپتۇ.

ئەمەلدار گۇەن چىسى ئەڭ ئالدى بىلەن خۇ بەگلىكىگە ھۇجۇم
قىلىش مۇۋاپىق، دەپ قارىغانىكەن، جېن ۋۇگوڭ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھە! سىز ئاللىقاچان بىزنىڭ قۇدىمىز بولۇپ قالغان خۇ بەگ-
لىكىگە ھۇجۇم قىلايلى دېيىشىڭىزدىكى مەقسەت نېمە؟ — دەپتۇ ۋە ئۇنى
دەرھال ئۆلۈمگە مەھكۇم قىپتۇ.

خۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن

جىن بەگلىكى بىزگە بەكمۇ دوستانە مۇئامىلىدە ئىكەن دەپ قاراپ، جىن بەگلىكىنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئىشىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپتۇ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي، جىن بەگلىكى خۇ بەگلىكىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ھېچقانداق تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى بولمىغان خۇ بەگلىكىنى بىر زەربە بىلەنلا ھالاك قىلىپ تاشلاپتۇ. جىن بەگلىكى تا مىلادىدىن بۇرۇنقى 375 ـ يىلى خەن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلغىچە بولغان خېلى ئۇزۇن مەزگىل ئىچىدە كۈچلۈك دۆلەت سۈپىتىدە دەۋران سۈرگەنىكەن.

1983ـ يىلى تەيۋەن شەھىرىدە نەشر قىلىنغان جۇڭگونىڭ ھەربىي ئىدىئومىلىرىغا ئائىت كىتابتا بۇ ۋەقەگە قارىتا مۇنداق باھا بېرىلگەن:

بۇ، ئۇنىنچى تەدبىرنىڭ ھەربىي ئىشلاردا قوللىنىلىشىغا دائىر بىر تىپىك مىسال. تۇغقانچىلىقتىن ئىبارەت ساختا كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلىش ۋە دۈشمەننى سەزگۈرلۈكتىن مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن، جىن ۋۇگۇڭ ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان قىزىنى ۋە بىر گۇناھسىز ئەمەلدارىنى قۇربان قىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۈشمەننى ئۆزىگە ئىشەندۈرۈش ۋە دوستانىلىك ئارزۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بولغان. جىن ۋۇگۇڭ ئاستىرتىن دۈشمىنىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئەپلىك پۇرسىتىنى ئىزدىگەن ۋە بارلىق ھازىرلىقلارنى پۈتتۈرۈۋالغان. دۈشمەن تەرەپ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى سېزەلمىگەن.

## 3. پادىشاھنىڭ ئات باقار بولۇشى

ئەمىنىيە دەۋرىدە، يۆ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى گۇجيەن تەيخۇ ئۇرۇشىدا ۋۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى فۇ چەي تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. گۇجيەن دەسلىپىدە ئاشقان ـ تاشقان 5000 كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ باشقا بىر يەرگە قېچىپ كەتمەكچى بولغان. ئەمما ئۇستازى ئۇ-

نىڭغا ۋۇ بەگلىكى پادىشاھىغا تەسلىم بولۇش، ئومۇمىيۈزلۈك يول قويۇش سىياسىتى ئارقىلىق كېيىنكى كۈنلەردە قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىش تەييارلىقىنى قىلىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغان.

شۇنىڭ بىلەن، گۇ جيەن ۋېن جۇڭ دېگەن كىشىنى ۋۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ھۇزۇرىغا ئەۋەتكەن ۋە يۆ بەگلىكىنىڭ مال - دۇنيا، ئۈنچە - مەرۋايىتلىرىنى ۋۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھىغا تەقدىم قىلىۋەتكەن. كېيىنچە گۇ جيەن فۇ چەيگە مەڭگۈلۈك قۇل بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. فۇ چەي قول ئاستىدىكى ۋەزىر - ئەمەلدارلىرىنىڭ توسۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي گۇ جيەننىڭ بۇ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغان. گۇ جيەن ماتا كىيىم كىيىپ، چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار ۋە خانىش قاتارلىق 300 نەچچە كىشىنى باشلاپ ۋۇ بەگلىكىگە يېتىپ كەلگەن. گۇ جيەن فۇ چەينىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ياۋاش - مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ ئۆز جېنىنى ساقلاپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرگەن.

فۇ چەي گۇ جيەنگە ئۆزىنىڭ ئات باقارى بولۇشنى، فۇ چەي سىرتقا ئاتلىق چىقماقچى بولغاندا ئاتنى شەخسەن ئۆزى تەييارلىشى لازىملىقىنى تاپشۇرغان. گۇ جيەنمۇ ۋۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھىغا ئۆزىنىڭ ئىت جېنىنى ساقلاپ قالغانلىقى ھەققىدە قايتا - قايتا تەشەككۇر بىلدۈرگەن. فۇ چەي ئاغرىپ قالغاندا گۇ جيەن ئۇنى يوقلاپ تۇرغان ۋە پۈتۈن ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان. ھەتتا فۇ چەينىڭ چوڭ تەرىتىنى تىلى بىلەن يالاپ تەكشۈرگەن.

گۇ جيەننىڭ بۇ خىل سەممىي ئىپادىسىگە قاراپ فۇ چەي ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىتائەتمەن مالىيى دەپ قارايدىغان بولغان. ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن فۇ چەي گۇ جيەنگە ئۆز بەگلىكىگە قايتىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەرگەن. گۇ جيەن ئۆز ئېلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆچ ئېلىپ نومۇسىنى ئاقلاشنى بىردەممۇ ئېسىدىن چىقارمىغان، ئىنتىقام ئېلىش

ئۈستىدە كىچەيۇ كۈندۈز باش قاتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئاستىرتىن كۈچ توپلاپ، قىساس ئېلىش تەييارلىقىنى ئېلىپ بارغان. ئاخىرى، بىر كۈنى گۇ جيەن كۈتكەن پۇرسەتمۇ يېتىپ كەلگەن. بىرلا هۇجۇم بىلەن ۋۇ بەگلىكىنى ئىشغال قىلىۋالغان.

## 4. چوشقا قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، يولۋاسنى يەپ تاشلاش

رىۋايەت قىلىنىشىچە، قەدىمكى روما ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى تاكۋىن بورۇلتوسنىڭ دادىسى ۋە ئاكىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندە، بورۇلتوس كالۋا قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانىكەن. بورۇلتوس راست كالۋادەك كۆرۈنگەچكە، پادىشاھ ئۇنى ئوردىدا ئېلىپ قالغان ۋە شاھزادىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۆڭلىنى ئاچسىمۇ ئۇنىڭدىن هېچقانداق خەۋپ يەتمەيدۇ دەپ قارىغانىكەن. روستىيە خانىم ئۆزىنىڭ نومۇسىنى ۋە ئەركىنلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆز هاياتىنى تەقدىم قىلغاندىن كېيىنلا بورۇلتوس ئاندىن يالغان نىقابىنى تاشلىغان ۋە روستىيە خانىمنىڭ ئېرىگە، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا ئۆزىنىڭ تاكۋىن ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرىنى تەختتىن ئۆلاتقىچە كۈرەش قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم بەرگەنىكەن. كېيىنچە ئۇ روستىيەنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرگەن پېتى روما شەھىرىگە كىرگەن هەمدە ئۆزىنىڭ ئوتلۇق نۇتۇقلىرى بىلەن كىشىلەرنى قوزغىتىپ پادىشاھنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئىرادىسىگە ئىلھام بەرگەن. ئاقىۋەتتە ئۇ ئامىمىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، پادىشاھ هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان دەۋرگە خاتىمە بېرىپ، روما جۇمهۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققان. بورۇلتوس ۋە ئۇنىڭ سادىق هەمراهى كوراتنوس هاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى ئەمەلدارلىققا سايلانغان.

«چوشقا قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، يولۋاسنى يەپ تاشلاش» دېگەن تەمسىلمۇ جۇڭگودا كەڭ تارقالغان. شياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان بىر هىيلە

كىتابىدا چۈشەندۈرۈشىچە، مەلۇم بىر ئۇۋچى چوشقا قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، چوشقىنىڭ ئاۋازىنى دوراپ چىرقىراپتۇ. بۇ ئاۋاز يولۋاسنى جەلپ قىلىپ كېلىپتۇ. يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئۇۋچى ھېچقانداق تەييارلىقى بولمىغان يېرتقۇچ يولۋاسقا قاراپ تۇيۇقسىز تاشلىنىپتۇ ۋە يولۋاسنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

«چوشقا قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، يولۋاسنى يەپ تاشلاش» ھىيلىسى ئادەتتە كۈچلۈك دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەنە شۇنداق كۈچلۈك رەقىبلەرگە دۈچ كەلگەندە، ئۆز ماھىيىتىنى يوشۇرۇپ، خۇددى چوشقىدەك گالۋاڭ قىياپەتكە كىرىۋېلىش كېرەك. ئۇنىڭغا ئۆزىنى بەكمۇ ئىتائەتمەن، ياۋاش كۆرسىتىش، ھەجىيىپ تۇرۇش، بەئەينى مالايغا ئوخشاش كەتمەن چېپىش كېرەك، بۇنداق قىياپەتنى تاكى دۈشمەن تەرەپ ھوشيارلىقىنى تامامەن يوقاتقىچە داۋاملاشتۇرۇش لازىم. پەيت- پۇرسەت پىشىپ يېتىلسىلا، چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قوللىنىپ دۈشمەننى تېزلىكتە يوقىتىۋېتىش لازىم.

## 5. يالغاندىن تەسلىم بولۇش

مىلادىدىن بۇرۇنقى Ⅲ ئەسىردە، يەن بەگلىكى چى بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلغان ھەمدە بۇ بەگلىكنىڭ 17 شەھىرىنى ئىشغالىيىتى ئاس[illegible] ئالغان، ئاران ئىككىلا شەھەر ئىشغالىيەتتىن ئامان قالغان. بۇ ئىك[illegible] شەھەرنىڭ بىرى جىمو شەھىرى ئىدى. جىمو شەھىرىنى ساقلاۋاتقان سەردارمۇ شەھەر سىرتىدىكى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن، تيەن شيەن ئۇنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن. ئۇ يەن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بىلەن يەن قوشۇنىنىڭ سەردارى لېي يى ئوتتۇرىسىدىكى چىقىشالماسلىقتىن پايدىلىنىپ، گەپ تارقىتىپ ئارىنى بۇزغان. نەتىجىدە، يەن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ لېي يىنى چاقىرتىۋالغان. تيەن شيەن

ئارقىدىنلا يالغاندىن تەسلىم بولۇش ھىيلىسىنى ئىشقا سېلىپ، يەن قوشۇ-نىنى ئالداشقا كىرىشكەن. ئۇ ئالدى بىلەن جىمو شەھىرىدىكى قېرى - چۆرى، ئاجىز - ئورۇق، كېسەلمەنلەرنى ۋە ئاياللارنى شەھەر سېپىلىنىڭ تېپىسىغا چىقارغان ۋە ئەلچى ئەۋەتىپ، يەن قوشۇنىنىڭ تەسلىم بولۇش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى ئويلىشىپ كۆرۈشىنى تەلەپ قىلغان. يەن قو-شۇنلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشال بولۇشۇپ تەنتەنە قىلىشقان. تيەن شيەن پۇقرالار ئارىسىدىن 1000 سەرچە ئالتۇن يىغىپ، ئۆزىنىڭ يەن قوشۇنىنىڭ سەردارىغا يازغان خېتى بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىۋەتكەن. خەتتە: بىز تەسلىم بولۇشقا ھازىرلاندۇق، بىردىنبىر ئار-زۇيىمىز شۇكى، چوڭلىرىمىزنى، خوتۇن - بالىلىرىمىزنى ئۇتمساڭلار، دېگەنلەر يېزىلغان. يەن سەردارى ئۇلارنىڭ بۇ ئىلتىماسىغا خۇشاللىق بى-لەن ماقۇل بولغان. شۇنىڭ بىلەن، يەن قوشۇنلىرى ھوشيارلىقنى بوشاشتۇرۇۋەتكەن. تيەن شيەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ شەھەردىن چىققان ۋە يەن بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرىغا تۇيۇقسىز شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىغان. بۇ ھۇجۇم يەن قوشۇنلىرىنىڭ چوڭ ھالاكىتى بىلەن نەتىجى-لەنگەن.

كۆڭ زى كىشىلەرنى ئاللىبۇرۇن ئاگاھلاندۇرغانكى: «چىرايلىق گەپ قىلىپ، يالغان قىياپەتكە كىرىۋالغۇچىلار ۋە يالغاندىن كۈلكە چىراي ئېچىۋالىدىغانلارنىڭ ئەخلاقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.»

سۇن زى ئۆزىنىڭ ھەربىي ئىشلارغا ئائىت كىتابىدا «دۈشمەن ئەلچىلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرى چىرايلىق بولسا ۋە ئەمەلدە ئاستىرتىن جەڭ ھازىرلىقى قىلسا، ئۇنداقلارنىڭ مەقسىتى بىزگە ھۇجۇم قىلماقچى، دۈشمەن ئالدىن ۋاقىت بەلگىلەنمىگەن ئەھۋال ئاستىدا تۇيۇقسىز كېلىپ يارىشىپ قېلىشنى تەلەپ قىلسا، بۇنىڭ تەكتىدە سۇيىقەست بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

«سۇن زىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار نىزامى» نىڭ 1977 - يىلى تەي-

بىپىدە نەشىر قىلىنغان بەشىنچى باسمىسىدا سۇن زىننىڭ يۇقىرىقى سۆزى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر جۈملە سۆزگە ئۆزگەرتىپ بايان قىلىنغان. يەنى: «دۈشمەن ھۇجۇم قىلسا، بىز سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىمىز، دۈشمەن سۆھبەت ئۆتكۈزىمىز دېسە، بىز ھۇجۇم قىلىمىز» دېيىلگەن.

## 6. يەھۇدانىڭ ئەيسانى سېتىۋېتىشى

«ئىنجىل» دا يۇتكۈل غەرب دۇنياسىغا مەشھۇر بولغان مۇنداق بىر ھېكايە بار:

ئەيسانىڭ 12 نەپەر تالىپى ئىچىدە يەھۇدا دەيدىغان بىرەيلەن بار ئىكەن. ئۇ بېرىپ گاھىنلار باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «مۇبادا مەن ئەيسانى سىلەرگە تۇتۇپ بەرسەم ماڭا نېمە بېرىسىلەر؟» دەپتۇ. ئۇ ئۇنىڭغا 30 تەڭگە بېرىپتۇ. يەھۇدا ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ پۇرسەت تېپىپ ئەيسانى سېتىۋېتىش كويىغا چۈشۈپتۇ.

12 تالىپنىڭ بىرى بولغان يەھۇدا ئەيسا ۋەز ئېيتىۋاتقان پەيتتە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ كېلىپتۇ. قىلىچ ـ توقماق كۆتۈرگەن بىر توپ كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىپتۇ. ئۇلار گاھىنلار باشلىقى ۋە ئەل ئاقساقاللىرى ئەۋەتكەن ۋە ئەل ئاقسىدىكى مويسىپىتلەر تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنىكەن. ئەيسانى تۇتۇپ بەرگۈچى ئۇلارغا بېشارەت بېرىپتۇ ۋە: «مەن كىمنى سۆيسەم، سىلەرگە لازىملىق كىشى دەل ئاشۇ، سىلەر ئاشۇنى تۇتۇڭلار» دەپتۇ.

يەھۇدا كىرىپلا ئەيسانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە: «ئۇستازىم، ئوبدان تۇردىلىمۇ» دېگەچ ئۇنى سۆيۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى كىشىلەر يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئەيسانى تۇتۇۋاپتۇ ۋە چەمبەرچاس باغلاپتۇ.

بۇ ھېكايىگە ئاساسەن، مەن بۇ تەدبىرنى «يەھۇدانىڭ سۆيۈش ھىيلىسى» دەپ ئاتايمەن.

## ئون بىرىنچى تەدبىر

# قۇربانلىق قوي

يادرولۇق مەزمۇنى : ئا ) ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆز ـ ئۆزىنى قۇربانلىق قىلىپ ، باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش .

ب) ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ، باشقىلارنى قۇربان قىلىپ ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش .

س) ئالدامچىلىق ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ، مەلۇم كىشىنى قۇربان قىلىپ ، باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش .

د) كىچىك قۇربان بېرىش بەدىلىگە قىممىتى تېخىمۇ زور بولغان نەرسىگە ئېرىشىش . قۇربانلىق قوي تەدبىرى . بىرىنىڭ ئورنىغا بىرنى قويۇش تەدبىرى ، قۇربانلىق بۇيۇم تەدبىرى .

بۇ ئەدىبنىڭ نامى «نەغمە - ناۋا مەھكىمىسىنىڭ تېكىستلىرى توپلىمى» دا ئۇچرايدۇ. نەغمە - ناۋا مەھكىمىسى — خەنۋۇدى بەرپا قىلغان بىر ئورگان بولۇپ، بۇ ئورگاننىڭ ۋەزىپىسى ئوردىنىڭ، سەپەرنىڭ، دۇئا - تىلاۋەتنىڭ نەغمىلىرىنى باشقۇرۇش ھەمدە ئەل ئارىسىدىكى شېئىر - تېكىستلارنى توپلاپ مۇزىكا كىرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

## 1. سالاھىيەتنى ئالماشتۇرۇش

قەدىمكى ئەسەر «زو چيۇمىڭ تەپسىرى» دە ھېكايە قىلىنىشىچە، ۋېي شۈەنگۇڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ كىچىك ئاغىچىسى بىلەن بىنورمال جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن. كېيىنچە، بۇ كىچىك ئاغىچا بىر بالا تۇغقان ۋە ئۇنىڭغا جىزى دەپ ئىسىم قويغان. ۋېي شۈەنگۇڭ چى بەگلىكلىك بىر قىزنى ئوغلى جىزىغا ئېلىپ بەرمەكچى بولغان، ئەمما شۈەن جياڭ دېگەن بۇ قىز بەك چىرايلىق بولغاچقا، ئۇنى ئۆز يېنىدا ئېلىپ قېلىپ، خانىش قىلىۋالغان. شۈەن جياڭ ئىككى ئوغۇل تۇغقان. بۇ ئوغۇللارنىڭ چوڭىنىڭ ئىسمى شۇ بولۇپ، ئىنتايىن ياۋاش، مۇلايىم چوڭ بولغان، كىچىكىنىڭ ئىسمى سۇ بولۇپ، تاش يۈرەك ئادەم بولغان. كېيىنكى كۈنلەردە، شۈەن جياڭ بىلەن سۇ بىرلىشىۋېلىپ، ۋېي شۈەنگۇڭنىڭ كۆزىچىلا جىزىغا تۆھمەت چاپلىغان. ئانا - بالا ئىككىيلەن ئاتىسى ئۇ ياخشى كۆرىدىغان چىرايلىق قىزنى تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن؛ ئۇنى كەچۈرمەيۋاتىدۇ، دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ۋېي شۈەنگۇڭ جىزىنى چى بەگلىكىگە ئەۋەتمەكچى ۋە بىرقانچە ئادىمىنى قاراقچىلارچە ياساندۇرۇپ، جىزىنى يول ئۈستىدە ئۆلتۈرگۈزۈۋەتمەكچى بولغان. شۇ دېگەن ئوغۇل ئاتا بىر، ئانا باشقا ئاكىسىنى ياخشى كۆرگەچكە، جىزىغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا قېچىپ كېتىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن. جىزى ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلمىغان ھەمدە كۇڭ زىنىڭ «بالا ئاتىسىغا شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەك» دېگەن ئەخلاق قارىشىدا چىڭ تۇرۇۋالغان. ئۇ:

«ئەگەر مەن ئاتامنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىسام ، قانداقمۇ ئۇنىڭ ئوغلى ھېسابلىناي ، ئەل بىر كۈنمۇ ئىگىسىز قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ، مەن يەنىلا بارغىنىم ياخشى » دېگەن .

جىزى يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ، شۇ ئۇنى غەرق مەست قىلىۋېتىپ ، ئاندىن ئۆزى شاھزادە نامى بىلەن سەپەرگە ئاتلانغان . قاراقچى قىياپىتىدە ياسىنىۋالغان قاتىللار ئۇنى جىزى دەپ قارىغان ۋە ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان . ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي جىزى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن ھەمدە : «سىلەر ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان جىزى مانا مەن بولىمەن ، ئۇ نېمە گۇناھ قىلغان ؟ سىلەر مېنىمۇ ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار » دەپ ۋارقىرىغان . قاتىللار شۇنىڭ بىلەن جىزىنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتكەن .

بۇ ھېكايىدە ئاق كۆڭۈل شۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىپ جىزىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغان . ئەمما جىزى شۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە چىداپ تۇرالماي ، ئۆزىنىمۇ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن .

## 2 . شاھلىق تونىنى ئالماشتۇرۇش

1419 - يىلى ، ۋيېتناملىقلار مىڭ سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان چاغلاردا ، ۋيېتنام قوشۇنىنىڭ قوماندانى لى لى چىلىڭ دېگەن يەردە قورشاۋغا چۈشۈپ قالغان . بۇنداق خەۋپلىك پەيتتە ، ۋەزىر لى لەي لى لىغا : « ئۇرۇشتا كىيىدىغان تونىڭىزنى ماڭا بېرىڭ ، مەن ئۇنى يېپىنچاقلاپ بارگاھتىن قېچىپ چىقاي » دېگەن .

جۇڭگو لەشكەرلىرى پادىشاھلىق تونىنى كىيگەن بۇ كىشىنى لى لى دەپ قارىغان ۋە ئۇنى شۇ ھامانلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان . ئەمما ، راست لى لى بولسا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ قېچىپ چىققان . كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ پادىشاھ بولۇپ ، ۋيېتنام تارىخىدىكى لى سۇلالىسىنى قۇرۇشقا ئاساس سالغان . بۈگۈنكى كۈندە ۋيېتناملىقلار دائىم ئىشلىتىدىغان « لى لەينىڭ پادىشاھنى قۇتۇلدۇرۇشى » دېگەن تەمسىل تارىختىكى مۇشۇ ھېكايە بىلەن مۇناسىۋەتلىك .

# 3 . يالغان گرافنىڭ جازا مەيدانىغا بېرىشى

1775 - يىلى، چارلىز ئېرىمىنتى فرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى، بولۇپمۇ تاغىسى ئېرىمىنتىنىڭ زوراۋانلىقىغا چىدىماي ئەنگلىيىگە مۇساپىر بولۇپ چىقىپ كەتكەن. ئۇ يەردە ئىسمىنى چارلىز دانىي دەپ ئۆزگەرتىپ، فرانسۇز تىلىدىن دەرس ئۆتۈپ جان باققان. كېيىن ئۇ فرانسىيىلىك دوختۇر ئالېكساندىرو مانايىتىنىڭ قىزى روشا بىلەن تونۇشۇپ، توي قىلغان. فرانسىيە ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن چارلىز ئۆز ئائىلىسىنىڭ بىر سادىق مالىيىنى ئىنقىلابچىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇلدۇرۇۋالغان ۋە ئۇنى ئېلىپ فرانسىيىگە بارغان. كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن سېزىلىپ قېلىپ قولغا ئېلىنغان. تاغىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن پۈتۈن جەمەتى خانىۋەيران قىلىنغان ئايال جوجايىن دىفارىگىنىڭ چىڭ تۇرۇۋشى ئارقىسىدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. چارلىز بىلەن بىللە پارىژغا كەلگەن ئەنگلىيىلىك ئادۋوكات — سىدنى كارتون چارلىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، چارلىز ياتىدىغان كامېرنىڭ كۆزەتچىسى باساتنى سېتىۋالغان. چارلىز جازا مەيدانىغا ئاچىقىلىشتىن سەل بۇرۇن باسات كارتوننى چارلىز ياتقان كامېرغا ئەكىرگەن.

چارلىز كارتوننىڭ قاتتىق تەلىپى بويىچە كارتوننىڭ ئۆتۈكىنى كېيىپ، گالىستۇكىنى باغلىغان، چاچلىرىنى چۇۋۇپ، كارتوننىڭ چېچىغا ئوخشاتقان. كارتون چارلىزغا مەست قىلغۇچى ئوكۇل ئۇرۇۋەتكەن ۋە چارلىز ھوشسىزلانغان چاغدا ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، يالغان چېچىنى تاقىۋالغان. تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، كارتون باساتنى چاقىرىپ كىرگەن ۋە چارلىزنى ئالدىن تەييارلاپ قويغان ھارۋىغا يوشۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىغان. روشى ۋە گۈنىڭ ئاتىسى ھەمدە ئەنگلىيىلىك بانكىر جاۋىش لاۋىنزلار ھارۋىدا كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. لاۋىر ئالدىنئالا كارتوننىڭ پاسپورتىنى ۋە يولخېتىنى ئېلىۋالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، تېخىچە ھوشىغا كېلەلمەيۋاتقان چارلىز كارتوننىڭ قىياپىتىگە كىرىپ،

ئىنقىلاب قايناۋاتقان پارىژ شەھىرىدىن ئامان - ئېسەن چىقىپ كەتكەن. ئەمما كارتون بولسا چارلىزنىڭ ئورنىدا جازا مەيدانىغا ئاچىقىلىپ، بېشىدىن ئايرىلغان.

## 4. گېنېرال جاڭ شۆلياڭ

جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسى ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ، شەنشىنىڭ شىمالىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرۇشنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىنمۇ مۇھىم دەپ بىلدى. ئۇ شىمالىي شەنشى تايانچ بازىسىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن شىئەندە كوممۇنىستلارغا قارشى تۇرۇش قوماندانلىق شتابىنى قۇرۇپ چىقتى. قوماندانلىق شتابىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كىشى جاڭ شۆلياڭ ئىدى. بۇ چاغدىكى مەملىكەت ۋەزىيىتى ئىككى چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. بىرىنچىدىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك دولقۇنى بارغانسېرى يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ «ياپون جاھانگىرلىرىنى يوقىتايلى، ئىچكى ئۇرۇش توختىتىلسۇن!» دېگەن سادا ياڭرىماقتا ئىدى. ئىككىنچىدىن، كونترون كومپارتىيە ۋە باشقا پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپ بولۇپ ئۇيۇشۇشنى ئۈمىد قىلاتتى.

شىئەندىكى گومىنداڭ قوشۇنىمۇ كومپارتىيە ئوتتۇرىغا قويغان «ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، بىردەك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش» شوئارىنىڭ تەسىرىنى ئاللىقاچان قوبۇل قىلىشقا باشلىغانىدى. ياپونغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇشقا جاڭ شۆلياڭمۇ قوشۇلاتتى. ئۇ 1936 - يىلى 6 - ئايدا جۇ ئېنلەي بىلەن مەخپىي ئۇچرىشىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەربىي دۈشمەنلىشىش پائالىيەتلىرىنى توختىتىش توغرۇلۇق بىر كېلىشىم ھاسىل قىلغانىدى. 1936 - يىلى 8 - ئايدا، كومپارتىيە بىر مەخپىي ۋەكىلنى جاڭ شۆلياڭنىڭ شىئەندىكى قوماندانلىق شتابىغا ئەۋەتتى. جاڭ جيېشى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن 10 - ئايدا ئايروپىلان بىلەن شىئەنگە يېتىپ كەلدى. دەل شۇ چاغدا، ياپونلار سۈييۈەن رايونىغا

ھۇجۇم قوزغىدى. بۇ تاجاۋۇزچىلىق قىلمىش پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى نامايىش كۆتۈرۈلۈشكە سەۋەب بولدى. شاڭخەي ۋە بېيجىڭدىمۇ چوڭ نامايىش ئۆتكۈزۈلدى، ھەتتا گومىنداڭنىڭ گۋاڭشى، گۋاڭدۇڭدىكى مىلىتارىستلىرىمۇ جياڭ جيېشىنى ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا ئورتاق قارشى تۇرۇشقا ئۈندىدى. ئەمما جاڭ شۆلياڭنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇش تەلىپى رەت قىلىنغىنىغا ئوخشاش، بۇ تەلەپمۇ جياڭ جيېشى تەرىپىدىن رەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە شىئەندە تۇرۇۋاتقان قىسمەن قوشۇننى يۆتكەپ، سۇيۈەن رايونىغا ئەۋەتىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ئىلتىماسىغىمۇ قوشۇلمىدى. 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، جياڭ جيېشى شىئەندە 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كومپارتىيىگە قارشى ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. ئەمما، جاڭ شۆلياڭ، ياڭ خۇچېڭ بۇ بۇيرۇققا ئىتائەت قىلمىدى. 1936 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جياڭ جيېشى جاڭ شۆلياڭنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرماقچى بولدى. ياڭ خۇچېڭ باشچىلىقىدىكى ئۆكتىچىلەر بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈشنى قارار قىلدى. 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئۇلار ئەستايىدىل تاللاپ چىققان مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى جياڭ جيېشىنى تىرىك تۇتۇۋالدى. ئارقىدىنلا جياڭ جيېشىغا سەككىز تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتۇلدۇرۇش بىرلىك سېپىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

جياڭ جيېشىنىڭ تۇتۇۋېلىنىشى جۇڭگودا ۋە دۇنيادا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دەرھال جۇ ئېنلەي باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى شىئەنگە ئەۋەتىپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇرەككەپ سۆھبەت ئېلىپ باردى، جياڭ جيېشى ئىچكى ئۇرۇشنى توختىتىپ، ئورتاق ھالدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەلىپىنى ئاخىرى قوبۇل قىلدى ھەمدە 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جاڭ شۆلياڭنىڭ

شەخسەن ھەمراھلىقىدا ئايروپىلان بىلەن نەنجىڭگە قايتىپ كەتتى. جياڭ جيېشى نەنجىڭگە كېلىپلا جاڭ شۆلياڭنى «گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇۋېلىپ، يۇقىرىنى قىستىغان» دېگەن گۇناھ بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ھەربىي كومىتېتى تەشكىللىگەن ئالىي ھەربىي سوتقا تاپشۇرۇپ بەردى. جاڭ شۆلياڭ سوت تەرىپىدىن ئون يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى، «بەش يىل گراژدانلىق ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان» بولدى. ئارقىدىنلا جياڭ جيېشىنىڭ «كەچۈرۈم قىلىشى» بىلەن، ئون يىللىق مۇددەتلىك قاماق جازاسى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىندى، يەنىلا ھەربىي كومىتېتىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى. «جياڭ جيېشى شەخسەن ئورۇنلاشتۇرغان بىر پارچە «ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقى» جاڭ شۆلياڭنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك تەقدىرىنى بەلگىلىۋەتتى. ئازادلىق ھارپىسىدا، ئۇ تەيۋەنگە يالاپ ئاپىرىلدى. تاھازىرغىچە ئۇنى ئەركىن ئادەم دېگىلى بولمايدۇ.

شىياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان ھېيلە كىتابىدا جاڭ شۆلياڭ ھەربىي سوتتا جياڭ جيېشىنى قولغا ئېلىشنىڭ پۈتكۈل مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، بۇنىڭدىكى مەقسىتى ئۆز ھەمراھلىرىنى، بولۇپمۇ ياڭ خۇچېڭنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈن ئىدى، دېيىلگەن. بۇ ئالىي پەزىلەتمۇ ئۇنىڭ «باشقىلار ئۈچۈن قۇربان بېرىش» روھىنىڭ ئىپادىلىنىشى بولغان.

بۇ تەدبىر مىسالغا ئېلىنغان جۇڭگو تارىخىي ھېكايىلىرى ئىچىدە باش قەھرىمانلارنىڭ ھەممىسىلا يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، ئۆز ئىختىيارى بىلەن باشقىلار ئۈچۈن «قۇربان» بېرىۋەرمىگەن. تۆۋەندىكى ھېكايە شۇنىڭ بىر مىسالى.

## 5. چاڭشا شەھىرىدىكى ئۇلۇغ ئوت

30 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، يەنى جۇڭگونىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جاڭ جىجۇڭ «(1890 — 1969) خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. تەيپيىدە

نەشىر قىلىنغان 36 تەدبىرگە ئائىت كىتابنىڭ «قۇربانلىق قوي تەدبىرى» دېگەن ئابزاسىدا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ تارىخ كىتابلىرىدا ئەزەلدىن تىلغا ئېلىنىپ باقمىغان بىر ۋەقە (بۇ تەپسىلاتلارنىڭ راست - يالغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئامال قىلالمىدىم) تەپسىلىي تەسۋىرلەنگەن.

1938 - يىلى 10 - ئايدا، ياپون ئارمىيىسى ۋۇخەن شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، جاڭ جىجۇڭ تۇرۇۋاتقان چاڭشا شەھىرىنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددىيلىشىپ كەتكەن. ھەربىي ئاخباراتتا خاتالىق كۆرۈلگەچكە، جاڭ جىجۇڭ ياپون ئارمىيىسى چاڭشا شەھىرىگە بىر قانچە ئون كىلومېتىرلار كېلىدىغان شىنچاڭخې دېگەن يەرنى ئاللىقاچان ئىشغال قىلىپ بولدى دەپ ھېسابلىغان. قالايمىقانچىلىق ئىچىدە، ئۇ چاڭشا شەھىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇنداق قىلىپ، چاڭشا شەھىرى 1938 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئوت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن. 30 نەچچە مىڭ شەھەر ئاھالىسى بۇ ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن.

ئەمما، ياپون ئارمىيىسىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىگەن. ئەستايىدىل تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق، ھەربىي ئاخباراتتا يەر نامى خاتا ئاتىلىپ قالغانلىقى، ئاخباراتتىكى شىنچاڭخې دېيىلگىنى ئەمەلىيەتتە چاڭشا شەھىرىدىن بىر قانچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شىنخې دېگەن يەر ئىكەنلىكى بايقالغان.

چاڭشا شەھىرىدىكى ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان ئۇلۇغ ئوت جەمئىيەتتە غايەت زور ئەكس تەسىر پەيدا قىلغان. جاڭ جىجۇڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقى، جېنىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۆزىمۇ تەسكە توختايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن. گومىنداڭنىڭ يۇقىرى قاتلام ئورگانلىرىمۇ بۇ ۋەقە ئۈستىدە جىددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا كىرىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن جاڭ جىجۇڭ چاڭشا گارنىزون قىسىملىرىنىڭ قوماندانى فېڭ تى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋېن جۇڭفۇ ھەمدە گارنىزون 2 - تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭى شۈي كۈن بىلەن مەسلىھەتلەشكەن.

ئۇ مۇنداق دېگەن: «بۇ ۋەقە بۇ يەردە ئولتۇرغان ھەممەيلەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئەگەر ھەممىمىز قولغا ئېلىنىپ كەتسەك، ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى سىلەر پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ۋاقىتلىق ئۈستۈڭلەرگە ئېلىپ تۇرۇڭلار، مەن مەركەزگە بېرىپ ئۇنى چۈشەندۈرەي، ئۇ چاغدا ۋەزىيەتنى جەزمەن ئوڭشىۋالغىلى بولىدۇ.»

ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بۇ ئۈچ كىشى قوشۇلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكەن. شۇنداق قىلىپ، جاڭ جىجۇڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن قېچىپ قۇتۇلغان. ئارقىدىنلا ئۇ ئۆز ۋاقتىدىكى پايتەخت چۇڭچىڭغا بارغان. ئېيتىلىشىچە، ئۇ ئۇ يەردە قول ئاستىدىكى ھېلىقى كىشىلەرنى قۇتۇلدۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلمايلا قالماي، بەلكى ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىدىن تەپكەندەك ئىش قىلغان. ھېلىقى ئۈچ كىشى ئۇنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن پۈتۈنلەي ئېتىپ تاشلانغان. شۇنداق قىلىپ جاڭ جىجۇڭ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئاغزىنى تۇۋاقلاش مەقسىتىگە يەتكەن.

بۇ ھېكايىدە باشقىلار ئۆزى ئۈچۈن قۇربان قىلىنغانلىقى سۆزلەنگەن. كېيىنكى كۈنلەردە جاڭ جىجۇڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتا يەنىلا تەلەيلىك بولۇپ چىققان (بۇ تەيبېيدە نەشر قىلىنغان كىتابتىكى بايان، تارىخىي ئەمەلىيەت بىلەن پەرقى بار — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

1985 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخى لۇغىتى» دە چاڭشا شەھىرىدىكى بۇ ئۇلۇغ ئوت ھەققىدە يۇقىرىقىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەپسىلات بېرىلگەن. پەقەتكىنە، ئۈچ نەپەر «جىنايەتچى» نىڭ ئېتىپ تاشلانغانلىق مەسئۇلىيىتىنىڭ ھەممىسىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن. ئۇنى خەلقنىڭ گومىنداڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى پۈتۈنلەي مۇشۇ ئۈچ «قۇربانلىق قوي» نى ئۈستىگە يۈكلەپ قويغان دېيىلگەن. جاڭ جىجۇڭ توغرىسىدا بولسا لۇغەتتە ئۇمۇ «بۇ ئىش ئۈچۈن جازاغا ئۇچرىدى» دەپلا قويۇلغان.

## 6 . بىر پاي گەشتىنلىك كەش

بۇ تەدبىرنىڭ نامى پۇسۇڭلىڭ (1640 ـــ 1715) نىڭ «لياۋجەي رىۋايەتلىرى» دېگەن ھېكايىلەر توپلىمىدىكى «يەنجى» بۆلىكىدە قوللىنىلغان .

دۇڭچاڭ دېگەن يەردە بىيەن فاسىللىك بىر كىشى بولۇپ ، ئۇ كالا داۋالاپ جان باقىدىكەن . ئۇنىڭ يەنجى دەيدىغان ئەقىللىك ۋە گۈزەل بىر قىزى بار ئىكەن . ئۇ كىشى قىزىنى ھاللىقراق كىشىگە ئەرگە بېرىشنى ئويلايدىكەنۇ ، باشقىلار ئۇنى نامرات كۆرۈپ قۇدا چۈشمەيدىكەن . شۇڭا يەنجىنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ ، يەنىلا قۇدىلاشقۇچى چىقماپتۇ .

بىيەن ئائىلىسىنىڭ قارشى تەرىپىدە ۋاڭ فامىلىلىك بىر ئايال تۇرىدىكەن ، ئۇ يەنجىنىڭ دوستى ئىكەن . ۋاڭ فامىلىلىك بۇ ئايالنىڭ مىجەزى يەڭگىل بولۇپ ، ئويۇن - كۈلكىگە ئامراق ئىكەن . بىر كۈنى بۇ ئايال يەنجىنىڭ ئۆيىگە ئويۇنغىلى كېلىپتۇ ۋە قايتاشىدا يەنجى ئۇنى ئىشىك تۈۋىگىچە ئۇزىتىپ چىقىپتۇ . دەل مۇشۇ چاغدا ئاق كۆڭلەك ۋە باشلىق كىيگەن سالاپەتلىك بىر يىگىت ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن . بۇ يىگىت يەنجىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپتۇ . ۋاڭ فامىلىلىك ئايال يەنجىنىڭ ئويىنى دەرھال بىلىۋاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بۇ يىگىتنىڭ جەنۇبىي كوچىدىكى موللا ئې چيۇسۇن ئىكەنلىكىنى ، دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر ئەر مۇلايىملىقتا ئۇنىڭغا يېتەلمەيدىغانلىقىنى ، خوتۇنى تېخى يېقىندىلا ئۆلۈپ كەتكەچكە ، مانا مۇشۇنداق ئاق كىيىم كىيىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ . ئۇ يەنە يەنجى ئۈچۈن ئارىچى بولۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ .

ۋاڭ فامىلىلىك ئايال يەنجىنىڭ ئىشىنى ئېرىگە چاقچاق ئورنىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ . ئۇنىڭ ئېرى سۇ جيې يەنجىنىڭ ھەقىقەتەن گۈزەل ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەن ۋە پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلىشىپ بېقىشنى ئويلاپ يۈرگەنىكەن . ئەتىسى كەچتە ، سۇ جيې ئې چيۇسۇننىڭ

قىيايىتىدە ياسىنىپ ، تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپتۇ - دە ، يەنجىنىڭ دېرىزىسى ئالدىغا كېلىپتۇ . يەنجى بۇ ئىشتىن ھەم چۆچۈپتۇ ھەم خۇشال بولۇپتۇ . ئۇ يەنىلا : « ئەگەر غوجام مېنى راستىنلا ياخشى كۆرىدىغان بولسىلا دەرھال بىر ئارىچى تېپىپ كېلىپ قۇدا چۈشسىلە ، مەن خۇپپيانە ئۇچرىشىشتىن قورقىمەن » دەپتۇ . سۇجىيې بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلىماپتۇ ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ قولىنى بولسىمۇ تۇتۇۋېلىشنى ۋە بۇنى قۇدا چۈشكەنلىكنىڭ بەلگىسى ئورنىدا كۆرۈشنى تەلەپ قىلىپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ . يەنجى سۇجىيېنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشۋېتەلمەي قاپتۇ - دە ، كارىۋىتىدىن تۇرۇپ ، دېرىزىنى ئېچىپتۇ . بۇ چاغدا سۇ جىيې تۇيۇقسىز ئۆيگە كىرىۋېلىپ يەن جىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ، ئۇنى ئۇنداق ياقتۇرىمەن ، مۇنداق ياقتۇرىمەن دېگىلى تۇرۇپتۇ . يەنجى جىنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ . سۇ جىيې ئالدامچىلىقنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە قېچىپ كېتىپۋېتىپ يەنجىنىڭ پۇتىنى تۇتۇپتىكەن ، ئۇنىڭ بىر پاي كەشتىلىك كەشى قولىغا چىقىپ قاپتۇ . ئۇ كەشنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ .

سۇ جىيې شۇ قاچقانچە قېچىپ ئۆز ئۆيىگە بېرىۋاپتۇ . كارىۋاتتا يېتىپ كېيىمىنىڭ يېڭىنى سىيلاپ كۆرگەنىكەن ، ھېلىقى بىر پاي كەشتىلىك كەش كۆرۈنمەيتۇ .

چۈشۈپ قالغان بۇ بىر پاي كەشنى شۇ كوچىدىكى ماۋدا دەيدىغان بىر ھۇرۇن تېپىۋاپتۇ . ماۋدا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ۋاڭ فامىلىلىكنىڭ دېرىزىسى تۈۋىگە كېلىپتۇ ۋە ئىشنىڭ ئۆتمۈشنى ئاڭلىۋاپتۇ . بىرقانچە كۈندىن كېيىنكى بىر كېچىسى ماۋدا يەنجىنىڭ قورۇ تېمىدىن ئارتىلىپ ھويلىغا كىرىپتۇ . ئەمما ئۇ يەنجىنىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپقاپتۇ . يەنجىنىڭ دادىسى قولىغا پىچاقئېلىپ ۋارقىراپ - جارقىرىغانچە ئېتىلىپ چىقىپتۇ . ماۋدا قېچىپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ قولىدىكى پىچاقنى تارتىۋاپتۇ ، ئۇ پىچاق بىلەن يەنجىنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ .

يەنجى بۇ شاۋقۇن - سۈرەننى ئاڭلاپ پانۇس كۆتۈرگىنىچە

يۈگۈرۈپ چىقىپ قارىغۇدەك بولسا دادىسى ئۆلگەن پېتى يېتىپتۇ، ئۆزىنىڭ يوقىلىپ كەتكەن ھېلىقى بىر پاي كەشمۇ شۇ يەردە تۇرغانىكەن. ئانىسىنىڭ سوئال - سوراقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن يەنجى ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ، ئەمما ئۇ پەقەت ئى چيۇسۇننىڭ ئىسمىنىلا ئېيتىپ بېرىپتۇ. ھېلىقى ۋاڭ فامىلىلىكنى بولسا ئېغىزغا ئالماپتۇ.

ئەتىسى ئى چيۇسۇن ئامبال يامۇلىغا چاقىرتىلىپتۇ. ئۇ ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەچكە، قولغا ئېلىنغان چاغدا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قاپتۇ ۋە توختىماي تىترىلگىنى تۇرۇپتۇ. ئامبال ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى گۇناھىدىن قورقىدىغانلىق دەپ چۈشىنىپ جازا قوراللىرى ئارقىلىق سوراق قىلىشقا باشلاپتۇ. جۇڭگونىڭ فېئوداللىق دەۋرىدە گۇناھكار ئىقرار قىلغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ گۇناھىغا قاراپ جازا بېرىلەتتىكەن. ئى چيۇسۇن قىيناق قوراللىرىنىڭ ئازابىغا چىداپ تۇرالماي، ئامبالنىڭ دېگىنى بويىچە «گۇناھى» نى بويىنىغا ئېلىپتۇ. بۇ دېلو ئاخىرى جىنەن يامۇلىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلىشىگە سۇنۇلۇپتۇ.

جىنەن ئامبىلى ۋۇنەندەي بۇ دېلونى قولغا ئېلىپتۇ. ئى چيۇسۇننىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىلغا ھېچ ئوخشىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا بۇ دېلوغا قارىتا گۇمان تۇغۇلۇپتۇ. ئۇ باشقا بىر كىشىنى گۇناھكار قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ ھەپسىگە تاشلاپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئەھۋالنى ئىگىلەش پۇرسىتىنى يارىتىپتۇ. ئۇ يەنە يەنجىنىمۇ سوراق قىلىپتۇ، سوراق ئارىلىقىدا ۋاڭ فامىلىلىك ھېلىقى كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ فامىلىلىكمۇ تۇتۇپ كېلىنىپ سوراق قىلىنىپتۇ. ئادەم ئۆلتۈرگەنلىك گۇمانى ئاخىرى سۇجيېنىڭ ئۈستىگە مەركەزلىشىپتۇ. ۋۇنەندەي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ سۇجيېنىمۇ تۇتۇپ كېلىپتۇ - دە، ئۇنى سوراق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. سۇجيې ھېلىقى كۈنى كېچىسى باشقا قىياپەتتە ياسىنىپ بېرىپ يەنجى بىلەن ئۇچراشماقچى بولغانلىقىنى تەن ئېلىپتۇ، ئەمما يەنجىنىڭ دادىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىماپتۇ.

ئامبال غەزەپلىنىپ سۇ جىيىنى قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىپتۇ. قىيناققا چىدىمايدىغان سۇ جىيى ئۆزىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىلاجسىز ئېتىراپ قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. جېنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ بولغان سۇ جىيى ئاقىللىقتا داڭ چىقارغان شى يۈشەن دېگەن ئادەمگە بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۇۋال قىلىنغانلىقى ئۈستىدىن دادلاپتۇ. شى يۈشەن بۇ دېلونىڭ نۇرغۇن يوچۇقلىرى بارلىقىنى ھېس قىلىپ، پۈتكۈل دېلو ماتېرىياللىرىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ تەكشۈرۈپ چىقىپتۇ.

شى يۈشەن ۋاڭ فامىلىلىكنى قايتا سوراق قىلىش ئارقىلىق ۋاڭ فامىلىلىك ئەركەك بىلەن ئالاقىسى بولغان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئىسمىلىكىنى سوراپ چىقىپتۇ ۋە شۇ كىشىلەر ئارىسىدا ھۇرۇن ماۋدا دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىنىمۇ ئۇچرىتىپ قاپتۇ. شى يۈشەن قاتىل جەزمەن مۇشۇ كىشىلەر ئارىسىدىن تېپىلىدۇ دەپ سوراق قىلغىلى تۇرۇپتۇ. ئەمما ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماپتۇ. شى يۈشەن: «قارىغاندا چېڭخۇاڭمياۋ ئىبادەتخانىسىدىكى ئەۋلىيا كېلىپ قاتىلنى كۆرسىتىپ بەرمىسە بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەممە گۇمانلىق كىشىلەرنى قىپيالىڭاچ قىلىپ قاپقاراڭغۇ بۇتخانىغا سولاپتۇ. بۇ چاغدا شى يۈشەن ئۇلارنى تامغا يۈزلىنىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ-دە: «گۇناھكارنىڭ دۈمبىسىگە ئەۋلىيا بەلگە سىلىپ قويىدۇ» دەپ ئېلان قىلىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن، ئۇ بۇ كىشىلەرنى بىر-بىردىن چاقىرتىپ چىقىپ تەكشۈرگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ ماۋداغا قولىنى چىنەپ تۇرۇپ: «قاتىل دەل سەن» دەپ ۋارقىراپتۇ. شى يۈشەن ئەسلىدە ئىبادەتخانا تېمىنىڭ ھەممە يېرىگە قارا كۈيە سۈركۈتۈۋەتكەنىكەن. ماۋدا ئەۋلىيانىڭ ئۆز دۈمبىسىگە بەلگە سىلىپ قويۇشىدىن قورقۇپ تامغا دۈمبىسىچە چىڭ چاپلىشىپ تۇرغانىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ دۈمبىسىگە قارا كۈيە چاپلىشىپ قاپتۇ. مانا شۇنداق قىلىپ، ماۋدا ئاخىرى ئۆز گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىپتۇ.

شى يۇشەن ھۆكۈمنامىدە سۇ جىيىنىڭ قۇربانلىق قوي بولۇپ كەتكىلى تاس - تاماس قالغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈپتۇ.

## 7 . ئەزمە پادىشاھ

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە، خەن بەگلىكى ئەمەلىي كۈچى ئىنتايىن چوڭ بولغان چىن بەگلىكى بىلەن چۇ بەگلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىكەن. خەن پادىشاھى خۇيۋاڭ ئىنتايىن ئەزمە ئادەم ئىكەن. چىن پادىشاھى چۇ بەگلىكىنى ئۆزىنىڭ زومىگەرلىك قىلىش يولىدىكى رەقىبى دەپ قارىغاچقا، لەشكەر تارتىپ بېرىپ ئۇنى يوقىتىۋېتىش كويىدىلا يۈرىدىكەن. ئەمما خەن بەگلىكى ئۇنىڭ ئۆتەر يولى ئۈستىدە بولغاچقا، چىن پادىشاھى ۋەزىرى جاڭ يىنى خەن بەگلىكىگە ئەۋەتىپ چۇ بەگلىكىگە بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلىشقا كۆندۈرمەكچى بوپتۇ. ئىككى كۈچلۈك قوشنىسىنىڭ ئالدىدا تۇرغاچقا، بىتەرەپ سىياسىتىنى قوللىنىپتۇ. بۇ ھال چىن پادىشاھىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئالدى بىلەن خەن بەگلىكىنى تىز پۈكۈشكە مەجبۇرلىماقچى بوپتۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 317 - يىلى، يەنى خەن پادىشاھى خۇيۋاڭنىڭ 16 - يىلى چىن بەگلىكى خەن بەگلىكىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپتۇ. چىن قوشۇنى يول ئۈستىدە ھېچقانچە قارشىلىققا ئۇچرىمايلا خەن بەگلىكىگە بېسىپ كىرىپتۇ. خەن پادىشاھى بۇ ئىشتىن غەمگە پېتىپتۇ ۋە دەرھال ئۆز ۋەزىرى گۇڭ چۇڭمىڭنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ. گۇڭ چۇڭمىڭ چىن بەگلىكى بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇتۇشۇشقا قارشى چىقىپتۇ ھەمدە خەلق قوشاقلىرىدىكى « بىرى ئۈچۈن بىرىنى قۇربان قىلىش » دېگەن مىسرانى نەقىل كەلتۈرۈپ پاكىت سۆزلەپتۇ. ئەمما خۇيۋاڭ ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى زادى چۈشىنەلمەپتۇ. گۇڭ چۇڭمىڭ ئوردا ھويلىسىدىكى ئىككى تۈپ دەرەخنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: « بىز ئاۋۇ كىچىكرەك دەرەخنى شاپتۇل دەرىخى، چوڭراقىنى ئالۇچا دەرىخى دەپ قىياس قىلايلى، ئەگەر شاپتۇل دەرىخىگە توساتتىن قۇرت چۈشۈپ كەتسە ۋە شاپتۇل دەرىخىنى

ساقلاپ قالماقچى بولساق، ئۇ ھالدا زىيانداش قۇرتنى شاپتۇل دەرىخىنىڭ ئۈستىدىن ئالۇچا دەرىخىنىڭ ئۈستىگە باشلىۋەتمەي بولمايدۇ» دەپتۇ.

خەن پادىشاھى بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ. ئاپەتنى چۇ بەگلىكىگە باشلاپ قويۇپ، چۇ بەگلىكىنى خەن بەگلىكىگە كەلگەن ئاپەتنىڭ دەردىنى تارتقۇزۇش ئارقىلىق خەن بەگلىكىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ يېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۆك چۆگمىگىنى چىن بەگلىكىگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىپ ۋە خەن بەگلىكىنىڭ بىر پارچە زېمىنىنى چىن بەگلىكىگە پارە ھېسابىدا كېسىپ بېرىپ، چىن بەگلىكى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، چۇ بەگلىكىگە بىللە ھۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ.

چۇ پادىشاھى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تولىمۇ قورقۇپتۇ ۋە ۋەزىرى چېن جېننى چاقىرتىپ دەرھال بىر ئامال قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. چېن جېن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ھەمدە: «خەن بەگلىكى 〈بىرىنىڭ دەردىنى بىرىگە تارتقۇزۇش〉 ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ بىزگە تاقابىل تۇرماقچى بوپتۇ، ئۇنداقتا بىزمۇ ئۇلار قوللانغان چارە بىلەن ئۇلارنى بابلىساق بولغۇدەك» دەپتۇ.

چۇ پادىشاھى چېن جېننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىپتۇ. بىر تەرەپتىن چىن قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەتراپتىكى ھەرقايسى بەگلىكلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، چۇ بەگلىكى خەن بەگلىكىنىڭ ياردەم سوراپ يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى دەپ ئىغۋا تارقىتىپتۇ. ئارقىدىنلا چۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنىنى خەن بەگلىكىگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەن بەگلىكىگە بىر مەخپىي ئەلچى ئەۋەتىپ، خەن پادىشاھىغا ھەددى-ھېسابسىز ئۈنچە-مەرۋايىت تارتۇق قىلىپ، خەن پادىشاھى بىلەن چۇ پادىشاھى بىرلىشىپ چىن بەگلىكىگە تاقابىل تۇرۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى چۇ بەگلىكىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خەن بەگلىكىنى قۇربان بېرىشتىن دېرەك بەرگەچكە، خەن پادىشاھى بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ تاشلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چۇ بەگلىكىدىن كەلگەن مەخپىي ئەلچى چۇ بەگلىكىنىڭ بارلىق

ئەسكىرىي كۈچىنى يۆتكەپ خەن بەگلىكىگە ياردەم بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى دەپتۇ ھەمدە قەتئىي ئىشەنچ بىلەن چۇ بەگلىكىنىڭ قەتئىي يوسۇندا خەن بەگلىكى بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ جەڭ قىلىدىغانلىقى، تاكى چىن بەگلىكىنى تارمار قىلمىغۇچە ھەرگىز قايتمايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپتۇ. چۇ بەگلىكىنىڭ مەخپىي ئەلچىسىنىڭ قەتئىي ھالدا ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ئەزمە پادىشاھنى ناھايىتى ئاسانلا ئىندەككە كەلتۈرۈشكە سەۋەب بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىن بەگلىكى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ چۇ بەگلىكىگە بىللە ھۇجۇم قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، چۇ بەگلىكى بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەكچى ۋە چىن بەگلىكىگە بىللە تاقابىل تۇرماقچى بوپتۇ.

خەن پادىشاھىنىڭ چۇ بەگلىكى بىلەن بىرلىشىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ خەۋەرگە چىن پادىشاھىنىڭ ئانچە ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. ئۇ مەخپىي پايلاقچىسىنى سودىگەر قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ خەن بەگلىكى بىلەن چۇ بەگلىكىگە رازۋېتكا قىلىشقا ماڭدۇرۇپتۇ. ئەمەلىيەت بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپتۇ.

خەن پادىشاھىنىڭ تولا ئۆزگىرىپ تۇرۇشى چىن پادىشاھىنى غەزەپلەندۈرۈپتۇ. ئۇ ناھايىتى كۆپ لەشكەر باشلاپ جەڭگە چىقىپتۇ ۋە چۇ بەگلىكىنىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلمەستىنلا خەن بەگلىكىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇ. خەن قوشۇنىمۇ باتۇرلارچە قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. بۇنداق خەۋپلىك ۋەزىيەتكە دۇچ كەلگەن خەن پادىشاھى چۇ بەگلىكىگە ئەلچى ئەۋەتىپ ياردەم تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. چۇ پادىشاھى چېن جېننىڭ تەكلىپى بىلەن ئىش كۆرۈپ، خەن بەگلىكى تامان لەشكەر يوللاپتۇ. لەشكەر يوللاش ئەمەلىيەتتە بىر يالغان ھادىسە ئىكەن. ئۇلار چۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنى خەن بەگلىكىگە يېتىپ بارماستىنلا چىن قوشۇنلىرىنىڭ خەن بەگلىكىنى ئىشغال قىلىۋېلىش ئۈچۈن ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىنىلا ئوينايدىكەن.

چۇ پادىشاھى گەرچە خەن بەگلىكىدىن كەلگەن ئەلچىگە: يار-

دەمگە كېتىۋاتقان قوشۇن ھازىر دەل يول ئۈستىدە ، دېگەن بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار خەن سۇلالىسىگە ھەقىقىي ياردەم بېرىشنى ئويلاپمۇ قويمىغانىكەن .

شۇنىڭ بىلەن ، خەن بەگلىكى چۇ بەگلىكى قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن بولسىمۇ ، ئەمما چۇ قوشۇنىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ . نەتىجىدە ، خەن قوشۇنىنىڭ روھى چۈشۈپتۇ ، قورقۇش كەيپىياتى بارغانچە ئەۋج ئالغىلى تۇرۇپتۇ ، قېچىپ كېتىدىغانلارمۇ كۆپىيىپ قاپتۇ . چىن قوشۇنى دەل مۇشۇنداق پەيتتە ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاپتۇ ھەمدە كاتتا غەلىبىگە ئېرىشىپتۇ . خەن بەگلىكى ئاخىرى چىن بەگلىكىگە قاراشلىق بەگلىك بولۇپ قاپتۇ .

## 8 . تيەن جىنىڭ ئات بەيگىسىگە قاتنىشىشى

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە، چى بەگلىكىنىڭ باش سەردارى تيەن جى چى پادىشاھى ۋە شاھزادىلىرى بىلەن دائىم ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىكەن ، پۇلنىمۇ ناھايىتى كۆپ تىكىدىكەن . تيەن جى بۇنداق بەيگىلەردە ناھايىتى كۆپ ئۇتتۇرىۋالىدىكەن ، ئەمما ئاز ئۇتتۇرىۋالىدىكەن .

بىر كۈنى ، سۈن بىڭ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئات بەيگىسىگە بېرىپتۇ . تيەن جىنىڭ ۋە شاھزادىلەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ سۈرئەت جەھەتتە يۇقىرى ، ئوتتۇرا ، تۆۋەندىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنىدىغانلىقى سۈن بىڭغا ئايان ئىكەن . تيەن جىنىڭ ئېتى ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا شاھزادىلەرنىڭ ئاتلىرىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلىقى ، ئەمما ھەرقايسى دەرىجىدىكى ئاتلارنىڭ ساپاسى جەھەتتە بولسا شاھزادىلەرنىڭ ئاتلىرى بىلەن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ۋە مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىلسا بەيگىدە ئۇتۇپ چىقىشنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكىنىمۇ بىلىدىكەن .

كېيىنكى قېتىملىق بەيگىدە سۈن بىڭ تيەن جىگە مۇنداق بىر تەكلىپ بېرىپتۇ ، يەنى ئۇنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئاتلىرىنى شاھزادىنىڭ

يۇقىرى دەرىجىلىك ئاتلىرىغا سېلىش ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاتلىرىنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئاتلىرىغا سېلىش ، ئەڭ ئاخىرىدا ئوتتۇرا دەرىجىدىكى ئاتلىرىنى تۆۋەن دەرىجىدىكى ئاتلىرىغا سېلىشنى ئېيتىپتۇ . تيەن جى سۇن بېگنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپتۇ . نەتىجىدە ، ئۇ ئۆزىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئاتلىرىنى شاھزادىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئاتلىرىغا سېلىپ مەغلۇپ بولۇش بەدىلىگە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاتلىرى بىلەن شاھزادىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئاتلىرىنى يېڭىپتۇ . ئوتتۇرا دەرىجىدىكى ئاتلىرى بىلەن ئۇنىڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئاتلىرىنى يېڭىپتۇ . ئەڭ ئاخىرىدا بىرگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن پۈتكۈل بەيگىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ .

تيەن جى بۇ بەيگىدە تۆۋەن دەرىجىدىكى ئېتىنى ئاۋۋال قۇربان بېرىش ھېسابىغا ئوتتۇراھال ۋە يۇقىرى دەرىجىدىكى ئاتلىرىنىڭ ئۇتۇپ چىقىشىغا شارائىت ياراتقان ۋە بەيگىدە ئايرىملىقتا كەتكۈزۈپ قويۇش ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئۇتۇۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇرغان .

## 9 . سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىنىڭ دنېپىر دەرياسى بويىدىكى چوڭ غەلىبىسى

1943 - يىلى كۈزدە ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى دنېپىر ئوپېراتسىيىسىدە ئالدىن يۈرەر قىسىم بولغان 831 - شىسىنىڭ ئىككى ھۇجۇمچى لويىنى كىيېۋ شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى بىر بۆسۈش ئېغىزى ئارقىلىق دنېپىر دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈپ ئەڭ ئالدىنقى پوزىتسىيىنى ئىگىلەتكۈزگەن . سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ مەخپىيىتىنى تۇيۇپ قالغان گېرمانىيە ئارمىيىسى سان - ساناقسىز تانكىلارنى يۆتكەپ ، ئۇلارغا قارشى يوپۇرۇلۇپ كەلگەن . سوۋېت ئارمىيىسى پۇرسەتكە قاراپ ئۆزگەرگەن ۋە دەريادىن ئۆتۈپ بولغان ئالدىن بارار لويىنىڭ پوزىتسىيىسىنى مەھكەم ساقلاپ ، دۈشمەنگە شىددەتلىك ئوت ئېچىش ھەمدە ئۇلارغا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئاساسلىق كۈچى مۇشۇ دەريا بويىدا ئىكەن دېگەن تۇيغۇنى بېرىش ؛ دەريادىن

ئۆتۈشكە تەييارلىنىۋاتقان 831 - شىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى 38 - زەربىدار بىڭتۇەنگە قوشۇۋېتىش، ئۇلارنى كىيىۋنىڭ جەنۇبىدىكى يېڭى قورۇقلۇققا چېكىنىش نۇقتىسىغا يۆتكەش توغرىسىدا بۇيرۇق ئېلان قىلغان. شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ئالدىن بارار ئىككى لۇيىنىڭ جەڭچىلىرى ئۆلۈپ تۈگەي دېگەن چاغدا سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي كۈچى دېنېپر دەرياسىدىن بىخەتەر ئۆتۈپ كەتكەن ھەمدە 20 نەچچە ھەربىي نۇقتا قۇرۇپ چىققان. «36 تەدبىرنىڭ يېڭى نۇسخىسى» دېگەن كىتابتا بۇ مىسال ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە، تۇيۇقسىز بىرەر جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالغانىدا كىشىلەر بۇ تەدبىرنى قوللىنىپ ئۆزىنى قوغداشقا مەجبۇر بولىدۇ، دېيىلگەن. بۇ ھېكايىدىن قارىغاندا، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى بۇ ئىككى ئالدىن يۈرەر لۇيىنى قۇربان بېرىش ھېسابىغا ئۇرۇشتا ئومۇمىي غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان ئاساسىي كۈچنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان.

## 10. ئاجىزلارنىڭ ئەڭگۈشتىرى

جۇڭگونىڭ تەدبىر - ھىيلە كىتابلىرىدا مۇنداق بىر كۆز قاراش بار. بۇ خىل كۆزقاراش: ئۇرۇشتىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى سانىنى ئۆزئىلكىگە ئالغان ئامىل تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇ دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى كۈچلۈك - ئاجىزلىقنى بەلگىلەيدىغان ئاساس دېگەندىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، ئۇرۇش داۋامىدا ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىتتىن ئۆزگە، سۇبيېكتىپ ئامىلنىڭ كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە بولغان تەسىرىمۇ ئىنتايىن مۇھىم رولنى ئوينىشىمۇ مۇمكىن.

ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىشتا ئوبيېكتىپ شارائىتتىمۇ (قورال - جابدۇقلار، تېخنىكىلىق ۋاستە، ھەربىي رازۋېتكا قاتارلىقلار) پايدىلىنىش، سۇبيېكتىپ شارائىتتىمۇ (ۋەزىيەتكە بولغان مۆلچەر، ھوشيارلىق، ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى، توغرا قوماندانلىق، ئەھۋالغا قاراپ

ئۆزگىرىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار ) دىنمۇ پايدىلىنىش كېرەك . ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئامىلىنى توغرا جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ جەھەتتىكى ناچار ھالىتىنى پايدىلىق ھالەتكە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ .

يېڭىش ۋە يېڭىلىش ئالدى بىلەن ئۆز ۋە دۈشمەننىڭ كۈچ جەھەتتىكى نىسبىتىنى توغرا مۆلچەرلەش ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ . مۇشۇ جەھەتتە توققۇزىنچى تەدبىردىن ئىبارەت كارغا كېلىدىغان بىر ئەڭگۈشتەر بار . بۇ ئەڭگۈشتەر ئومۇمىي جەھەتتىن يامان ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان ئاجىزلارنى ئومۇمىي جەھەتتە ئوبدان ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقان كۈچلۈكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلدۇرالايدۇ . نۇرغۇن ئەھۋالدا ، ئۇ پەقەت ئامال بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىلا قوللىنىلىدۇ . بۇنىڭدىن مەقسەت : ئايرىم مەنپەئەتنى قۇربان بېرىش بەدىلىگە ئومۇمىي غەلىبىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت .

ئەگەر ئاساسىي كۈچىنى توپلاپ جەڭ مەيدانىدا تىغمۇ تىغ ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز ، ئۇ ھالدا يان تەرەپتىكى جەڭ مەيدانىدا ئۆزىڭىزنى ئاجىز كۆرسىتىشىڭىز ، ھەتتا قىسمەن مەغلۇبىيەتكە سەۋر قىلىشىڭىز كېرەك .

## 11 . كاپىتالىستىك ۋە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ھاكىمىيىتىنىڭ كېلىشمى

ھەربىي ئىشلاردىكى قىسمەنلىكتە قۇربان بېرىپ ، ئومۇملۇقنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئىدىيىۋى ئۇسۇلنى تەبىئىيكى ، جەمئىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرىگىمۇ تەتبىقلاش مۇمكىن . « جەنۇب گېزىتى » نىڭ 1979 - يىلى 7 - ئايدىكى بىر ئوبزورچى ماقالىسىدە جۇڭگونىڭ سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش جەھەتتە بەرگەن قۇربانلىقى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈلگەن :

«دۆلىتىمىزنى ئانچە ئۇزۇنغا بارمىغان بىر مەزگىل ئىچىدە زامانىۋىلاشقان كۈچلۈك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش

ئۇچۇن، بىز 〈 ئوقۇش راسخوتى 〉 ۋە 〈 بەدەل 〉 تۆلىشىمىز كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك، يىراق كەلگۈسى كۆزقارىشى بىلەن كۆزەتكىنىمىزدە، چەتئەللىك ھەمكارلاشقۇچىلارنىڭ مۇئەييەن پايدا ئېلىشىغا يول قويۇشىمىز لازىم. بىزگە قارىتا ئېيتقاندا، بۇ ئەرزىيدىغان ئىش، قانداقتۇر يامان ئىش ئەمەس.»

ئىقتىسادىي ساھەدە ئاۋۋال دەگسەپ كۆرۈپ، ئاخىرىدا مەلۇم قۇربان بېرىشتەك بۇ خىل ئىدىيە لېنىن ئەسەرلىرىدىمۇ ئانچە - مۇنچە ئەكس ئەتكەن. «نۇر گېزىتى» 1978 - يىلى 8 - ئايدا، يەنى جۇڭگو سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن چاغدا لېنىننىڭ تۆۋەندىكى بايانلىرىنى سىتاتا كەلتۈرگەن:

«بىز چەت ئەل بىلەن تاۋارئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، بىز شۇنداق قىلماقچىمىز، بىز تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلىمىز. بىزنىڭ كۆپ ھەنپەئىتىمىز بىزدىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇكى، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ئىمكانقەدەر تېزلىكتە پاراۋوز ماشىنا، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئېرىشىشىمىز كېرەك، بۇنداق ئىشلەپچىقىرىشۋاستىلىرى بولمايدىكەن، زاۋۇتلىرىمىز ئېھتىياجلىق بولغان ماشىنىلارغا ئىگە بولالمايدۇ، سانائىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيمىز، ھەتتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز ھەسسىلەپ بېرىلىدىغان پايدا ئارقىلىق كاپىتالىزمنى سېتىۋېلىشىمىز لازىم. كاپىتالىزمنىڭ ئېرىشىدىغىنى ئارتۇقچە پايدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنداق ئارتۇقچە پايدا نەگە بارسا بارسۇن، بىزنىڭ ئېرىشىدىغىنىمىز بولسا ئاساسلىق نەرسىلەر، بۇ نەرسىلەر بولىدىكەن، بىز جەزمەن مۇستەھكەملىنەلەيمىز، ئورنىمىزدىن دەس تۇرالايمىز، ئىقتىسادىي جەھەتتە كاپىتالىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايمىز.»

«ئىقتىسادىي ئۈسكۈنىلەر بولمىسا، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ئەكېلىنگەن ماشىنىلار بولمىسا، ئۇ بىر نۇقتىنى تېزلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئىقتىسادنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدىغانلا بولساق،

كاپىتالىستلارغا كۆپرەك پايدا بېرىۋەتسەكمۇ مەيلى .»

«بۇنى ھەرگىز روسىيىنى كاپىتالىستلارغا سېتىۋەتتۇق دېگىلى بولمايدۇ . بىزنىڭ دېگىنىمىز ، ئىجارىگە بېرىش ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىر ئىجارىگە بېرىش كېلىشىمىنىڭ مەلۇم مۇددىتى بار ، مۇئەييەن چەكلىمىسى بار . شۇنداقلا ئۇ ھەر خىل ئەتراپلىق تۈيلىنىشلار ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلگەن ...» چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ ئېرىشىدىغىنى پەقەتلا نورمىدىن تاشقىرى پايدا ياكى خام ماتېرىيال ، ئەمما «سوۋېت ھاكىمىيىتى ئېرىشىدىغان پايدا بولسا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت . بۇ دەرھال ياكى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەھسۇلات سانىنى ئاشۇرۇش دېگەنلىك .»

ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىش سىياسىتى جەزمەنكى ، غەربكە قارىتىلغان سودىنى كېڭەيتىدۇ . نۇرغۇن غەرب كۆزەتچىلىرىنىڭ قارىشىچە بۇ جۇڭگونىڭ باھاغا تاشلاپ سېتىشىنىڭ بىر خىل شەكلى . مەلۇم ياخشى نىيەتلىك غەربلىك زاتلار جۇڭگو بۇنىڭلىق بىلەن ئەڭ ئايىن قىممەت بەدەل تۆلەپ قولغا كەلتۈرگەن مۇستەقىللىكىنى ، ئۆز - ئۆزىگە بولغان خوجايىنلىقىنى يوقىتىۋېتەرمۇ دەپ ئەندىشە قىلىشتى . بىراق ، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ كۆنسايىن ئېشىۋاتقان ئىقتىسادىي باردى - كەلدىگە مۇشۇ تەدبىرنىڭ نەزەرى بىلەن قارىساق بولارمۇ - بولماسمۇ ؟

## 12 . ماۋ زېدۇڭ ۋە مودېل

*1965* - يىلى 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ، ماۋ زېدۇڭ لۇ دىڭيى قاتارلىق كىشىلەرگە يازغان بىر پارچە خېتىدىن رەسىم سىزىش داۋامىدا مودېلدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغان :

«ئەر - ئايال ، قېرى - ياشلارنىڭ مودېلىنى سىزىش رەسىم سىزىشتا ، ھەيكەلتىراشلىقتا زۆرۈر بولغان ئاساسىي ماھارەت . ئۇ بولمىسا بولمايدۇ ، فېئوداللىق ئىدىيە مەنئى قىلىنىشى كېرەك ، ئايرىم يامان ئىشلار كېلىپ چىقسىمۇ كېرەك يوق . سەنئەت ئىلمى ئۈچۈن ئازراق قۇربان بېرىشتىن قورقۇپ قالماسلىق كېرەك .»

## ئون ئىككىنچى تەدبىر

# پۇرسەتنى پايدىلىنىپ نەپ ئېلىش

يادرولۇق مەزمۇنى : هەر تەرەپلىمە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپ ، پۇرسەتنى پايدىلىنىپ نەپ ئېلىش . پۇرسەتنى پايدىلىنىش . ياخشى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش .

## 1. شىياڭ يۇ ۋە تيەن رۇڭ

مىلادىدىن بۇرۇنقى 206 - يىلى، شىياڭ يۇ ئۆزىنگە «غەربىي چۇ بەگلىكىنىڭ كاتتا پادىشاھى» دېگەن نامنى بەرگەن ۋە 18 كىشىگە ۋاڭلىقنى ئىنئام قىلغان. ئەمما تيەن رۇڭ بۇنداق نامغا ئېرىشەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن تيەن رۇڭ لەشكەر تارتىپ چۇ بەگلىكىگە قارشى قوپقان. ئۇ نام بېرىلگەن بىرقانچە ۋاڭنى ئۆز يېرىدىن قوغلاپ چىقارغان ھەمدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن. شۇ ئارقىلىق نۇرغۇن زېمىننى ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان. شىياڭ يۇ تەن رۇڭنى كۆزدىن يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ ئۇرۇش قىلغان. بۇ چاغدا، خەنجۇڭ رايونىدا تۇرۇۋاتقان ليۇ باڭ چۇ بەگلىكى بىلەن تيەن رۇڭ ئۇرۇشۇۋاتقان پۇرسەتتىن ئەپلىك پايدىلىنىپ خەن شىنىڭ ھىيلىسىگە ئاساسەن خەنساڭدىن مەخپىي ئۆتۈپ شيەنياڭغا بېسىپ كىرگەن ۋە چىن زېمىنىنى ئىگىلىۋالغان.

بۇ ھېكايىدىكى «پۇرسەت» — شىياڭ يۇنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىپ گۇەنجۇڭنىڭ ئاجىزلىشىشىدىن ئىبارەت پۇرسەتنى ليۇ باڭ چىڭ تۇتقان. شۇنداق قىلىپ، قۇرۇلغۇسى خەن سۇلالىسى ئۈچۈن ئاساس سالغان.

## 2. جاۋ بەگلىكىنىڭ ياردەم تەلەپ قىلىشى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 354 - يىلى، ۋېي بەگلىكىنىڭ پادىشاھى خۇيۋاڭ شىمالدىكى جاۋ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولغان. ئۇ سەردار پاڭ جۇەن قوماندانلىقىدىكى خىللانغان قىسمىنى جاۋ بەگلىكىگە ئاتلاندۇرغان. پاڭ جۇەن جاۋ بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولغان خەندەن شەھىرىگە ھېچ كۈچ سەرپ قىلمايلا يېتىپ كەلگەن ۋە شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان. بۇ دەل مىلادىدىن بۇرۇنقى 352 - يىلى ئىدى. جاۋ

بەگلىكى پادىشاھىنىڭ تاقابىل تۇرغۇدەك كۈچى بولمىغىنى ئۈچۈن قۇد-رەتلىك چۇ بەگلىكىدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولغان . جاۋ بەگلىكىنىڭ ئۆتتۈنۈشىگە قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىق مەسى-لىسىدە چۇ پادىشاھى بىر ئاز ئارىسالدى بولۇپ قالغان ۋە ھېيلە ئۇستازلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرغان . چۇ بەگلىكىنىڭ ۋەزىرى ياردەم ئۈچۈن لەشكەر ئەۋەتىشكە قارشى تۇرۇپ : « قۇدرەتلىك ۋېي بەگلىكىنىڭ جاۋ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشىغا سوكۇت ساقلاش كېرەك ، ئەگەر ۋېي بەگلىكى بىلەن جاۋ بەگلىكى ئۇرۇشسا ئۇرۇشنىڭ ئاقىۋىتىدە ئىككىلا بەگلىك قاتتىق ھالسىراپ كېتىدۇ ، چۇ بەگلىكى يولۋاس تاماشاسى كۆرۈشى ۋە ئارىدىن پايدا ئېلىشى لازىم » دەپ ھېسابلىغان .

جىڭ شې دېگەن كىشىلا بۇنداق قىلىشقا قارشى چىققان . ئۇ جاۋ بەگلىكىگە ياردەم بېرىشى نامى بىلەن جاۋ بەگلىكى ۋە ۋېي بەگلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاجىزلىتىپ ئارىدىن پايدا ئېلىش ، چۇ بەگلىكىگە نەپ يەتكۈزۈش ھېيلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان . چۇ پادىشاھى بۇ پىلانغا بەكمۇ قىزىققان ۋە جىڭ شېنىڭ سەردارلىقىدىكى ئادىمى ئانچە كۆپ بولمىغان بىر قوشۇنىنى جاۋ بەگلىكىگە ياردەم بېرىشنى باھانە قىلىپ جاۋ ، چۇ بەگلىكلىرىنىڭ ئارىسىدىكى چېگرىدىن ئۆتتۈپ ، جاۋ بەگلىكىگە كىرىشكە ئەۋەتكەن . جاۋ بەگلىكىنىڭ باش سەردارى چۇ بەگلىكىنىڭ ياردەمگە كېلىۋاتقان قوشۇنىنىڭ تېزدىنلا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى قول ئاستىدىكى شەھەر قوغدىغۇچى لەشكەرلىرىگە يەتكۈزگەن . ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى پاڭ جۈەننىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ قالال-مىغان . يەتتە ئايلىق قورشاۋدىن كېيىن پاڭ جۈەن ئاخىرى خەندەننى ئىشغال قىلىۋالغان . ئەمما دەل مۇشۇ ئەسنادا ، چى بەگلىكى بىر بۆلۈك قوشۇن ئەۋەتىپ ۋېي بەگلىكىنىڭ پايتەختى بولغان دالياڭ شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرىمۇ يېتىپ كەلگەن . بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان پاڭ جۈەن دەرھال جاۋ بەگلىكىدىن لەشكەر چېكىندۈرۈپ ئۆز ئېلىگە قايتقان . ئۇ يېرىم يولغا كەلگەندە « ئارام ئېلىۋېلىپ كۈچ توپلاش » تەدبىرىنى

قوللانغان چى بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ۋەتۆرىنكى چىقىرىۋېتىلگەن .

جاۋ بەگلىكىنى بىلەن ۋېي بەگلىكى يۇ ئۇرۇشتا ھالىدىن كېتىشكەن . بۇ ھال چۇ بەگلىكىگە ئىنتايىن پايدىلىق بىر پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەنىكى ، جىڭ شى بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئازراقلا لەشكەر بىلەن جاۋ بەگلىكىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر پارچە زېمىنىنى بېسىۋالغان . ئۇنىڭ « پۇرسەتتىن پايدىلىنىش » تەدبىرى چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن خۇلاسىلەنگەن .

## 3 . نەپسانىيەتچى پادىشاھ

چى بەگلىكىنىڭ پادىشاھى جۇاڭگۇڭ بىر قېتىم ۋەزىر سۈي شۇنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىپتۇ . سۈي شۇ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئىختىيارسىز پادىشاھنى ئۆلتۈرۈۋېتىش نىيىتىگە كېلىپ قاپتۇ . ئەمما نىيمىلا قىلغان بىلەن پۇرسەت تاپالماپتۇ ۋە پادىشاھ بىلەن ئايالىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىمەكچى بوپتۇ . بىر قېتىم پادىشاھ ئەرزىيمەيدىغان بىر ئىش سەۋەبىدىن ئوردا ئەمەلدارى جيا شۇنى قاتتىق قامچىلىتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن سۈي شۇ جيا شۇنى ئۆزىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ بېرىشكە ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ .

بىر كۈنى ، قوشنا ئەلنىڭ ئەلچىسى چى بەگلىكىگە كېلىپ قاپتۇ . پادىشاھ ھۆرمەت يۈزىسىدىن شەھەرنىڭ شىمالىي قوۋۇقى يېنىدا قارشى ئېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپتۇ . سۈي شۇنىڭ قورۇسمۇ دەل مۇشۇ يەردە ئىكەن . پادىشاھ سۈي شۇ زىياپەتكە كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭ ئايالى بىلەن ئۇچرىشىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ .

سۈي شۇ پادىشاھنىڭ بۇ قەستىنى بىلىپ قاپتۇ ۋە كېسەل بولۇپ قالدىم دېگەن باھانە بىلەن زىياپەتكە كەلمەپتۇ . ئەتىسى پادىشاھ سۈي شۇنى يوقلاپ كېلىپتۇ . ئۇ دەرۋازىدىن كىرىشى بىلەنلا سۈي شۇنىڭ ئايالى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن ھويلىغا كىرىپ

كېلىپتۇ. پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن جىيا شۇ بىللە كەلگەن بارلىق مۇلازىملارنى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئۆزى پادىشاھقا ھەمراھ بولۇپ ئۆيگە كىرىپتۇ ۋە قولىنى شۇنداقلا ئۇزىتىپ ئىشىكنى يېپىۋاپتۇ. سۇي ئائىلىسىنىڭ چىش - تىرنىقىغىچە قوراللانغان شەخسىي لەشكەرلىرى تۇشمۇتۇشتىن سەكرەپ چىقىپ چى پادىشاھنى جۇاڭگۇڭنىڭ جىنىنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپتۇ.

## 4. پادىشاھنىڭ قېچىشى

پادىشاھ خەن شيەندى ئاسىي قوشۇن تەرىپىدىن پايتەخت چاڭئەن شەھىرىدە نەزەربەند ئاستىغا ئېلىنىپتۇ. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ پۇرسەت تېپىپ قېچىپ چىقىپتۇ ۋە ئۇدۇل لوياڭغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئەمما ئاسىي قوشۇننىڭ ئاتلىق لەشكەرلىرى ئىز بېسىپ قوغلاپ كېلىپ، پادىشاھقا يېتىشىۋالاي دەپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پېشقەدەم ۋەزىر دۇڭ چېڭ پادىشاھقا يېنىدا ئېلىۋالغان بارلىق زىبۇزىننەت، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى يولغا چېچىۋېتىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ.

پادىشاھ ئادەملىرىگە پېشقەدەم ۋەزىرنىڭ دېگىنىدەك قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەڭ ئاخىرىغا كەلگەندە خانىشنىڭ تاجىسىنى، زىبۇزىننەتلىرىنىمۇ تاشلىۋېتىپتۇ. پادىشاھنى قوغلاپ كەلگەن لەشكەرلەر يولدا چېچىلىپ ياتقان قىممەت باھا جاۋاھىراتلارنى كۆرۈپ ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئۇزەڭگىدىن پۇتىنى ئېلىشىپتۇ. ئەمەلدارلارنىڭ قارغاش - تىللاشلىرىغىمۇ پىسەنت قىلماي، ئۆرنۆپە بولۇشقىنىچە تاشلانغان نەرسىلەرنى تەرگىلى تۇرۇپتۇ. بۇنچە كۆپ قىممەت باھا نەرسىلەر ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر بۇزۇپ - چېچىشىغا يېتىپ ئاشىدىغىنى ئۈچۈن، پادىشاھنى قوغلاشنىمۇ يادىدىن چىقىرىشىپتۇ. ئاتلىق لەشكەرلەر پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ نەرسە - كېرەك تېرىپتۇ. پادىشاھمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، جىنىنى ئېلىپ قېچىپتۇ.

بۇ ھېكايە كىنىشگە جۇڭگولۇقلار ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلغاندا

دائىم ئىشلىتىدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپراق كېتىدىغان ئالدامچىلىق تەدبىرلىرىنى ئەسلىتىدۇ. رەقىبىنى ئالداش ئۈچۈن، ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپنىڭ بىرى ئالتۇن-كۈمۈش، تاۋار-دۇردۇن، ئاشلىق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالدىن تەييارلاپ قويىدۇ-دە، قارشى تەرەپنىڭ ئەسكەرلىرى بۇ نەرسىلەرنى تالىشىپ، قارشى تەرەپنىڭ لاگېرى قالايمىقانچىلىققا چۈشۈپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، رەقىبىنى ئامالسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

ئۇنداقتا، پۇرسەتنىڭ ھەرقانىدىقى پايدىلىنىشقا ئەرزىۋېرەمدۇ؟ بۇ پۈتكۈل ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. مۇھىمى، كىچىكىنى دەپ چوڭىنى قولدىن بېرىپ قويۇش خاتالىقىدىن ساقلىنىش كېرەك.

## 5. جېك خېنىڭ دېڭىز سەپىرىگە ئاتلىنىشى

1973-يىلى تەيبېيدە نەشر قىلىنغان بىر تەدبىر كىتابىدا مۇشۇ تەدبىردىن پايدىلىنىلغان بىر مىسال كۆرسىتىلگەن. بۇ مىسال تەقدىرىنىڭ نېمە بولغانلىقى نائېنىق بولغان مىڭ خۇيدى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مىڭ خۇيدى 1398-يىلى تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن سىياسەت بەلگىلەشتە ئاجىز كېلىپ ۋاڭلىق ئەملى بېرىلگەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئادەتتىنكى پۇقرالارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان. ئەڭ ئاخىرىدا جۇ لۇ قاتارلىق بىرقانچە كىشىلا ئېشىپ قالغان. مانا مۇشۇ سەۋەبلىك، جۇ لۇ لەشكەر باشلاپ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۈچ يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇشنى باشلاۋەتكەن. ئەڭ ئاخىرى ئۇ ئۆز ۋاقتىدىكى پايتەخت نەنجىڭنى ئىشغال قىلىپ پادىشاھ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتكەن. پادىشاھ مىڭ خۇيدى شۇنىڭدىن باشلاپ ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. ئۇ خانىش بىلەن بىللە ئوردىدا كۆيۈپ ئۆلگەن دېگەن گەپلەرمۇ بولغان. ئەمما باشقا بىر خىل رىۋايەتتە بۇ پادىشاھ راھىب قىياپىتىدە ياسىنىپ چەت ئەلگە قېچىپ كەتكەن دېگەن قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا چىققان. يۇڭلاڭ جۇ لۇ پادىشاھلىق ئورنىغا ئولتۇرغان، پادىشاھلىق نامىنى چېڭزۇ (1402 — 1424)

دەپ ئاتىغان.

مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چېڭزۇنىڭ تەختتە ئولتۇرغان چېغىدا كۆرسەتكەن گەۋدىلىك تۆھپىسى شۇ بولغانكى، ئۇ يۇننەننىڭ كۇنمىڭ شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جېڭ خې دېگەن ئەمەلدارنى دېڭىز سەپىرىگە چىقىپ تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەن. جېڭ خې 1405 - يىلدىن 1433 - يىلغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا يەتتە قېتىم دېڭىز سەپىرىگە چىققان. تۇنجى قېتىم سەپەرگە چىققاندا، ئۇ 300 نەچچە كېمە، 27 مىڭ ماتروسنى باشلاپ ماڭغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىز قىرغىقىغا، ياۋا، سۇنتارا ئاراللىرىغا، مالايشىيا، سىرىلانكا قاتارلىق جايلارغا بارغان. بۇ قېتىملىق سەپەردە جېڭ خې تېخى ياۋا پادىشاھلىقىدىكى ۋەلىئەھد ماجىراسىغىمۇ قول تىقىپ ئارىلاشقان. كېيىنكى سەپىرىدە يەنە بىرقانچە خانلىقنى مىڭ سۇلالىسىنىڭ دوست ئەللىرىگە ئايلاندۇرغان. جۇڭگو لەشكەرلىرى يەنە سومىنتارا پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغىمۇ ئارىلاشقان. جېڭ خې ئەڭ ئاخىرقى سەپىرىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىغا ۋە شەرقىي ئافرىقا دېڭىز قىرغاقلىرىغا بارغان.

جۇڭگو تارىخىي كىتابلىرىدىكى نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسلانغاندا، جۇڭگو پادىشاھىنىڭ بۇ ھەرىكىتى شەرقىي ئاسىيا دېڭىز - ئوكياندا يۈز - ئابرۇي قازىنىش ئۈچۈن بولغانىكەن. ئەمما تەيبېيدە نەشر قىلىنغان بۇ كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل يۈز - ئابرۇي مىڭ چېڭزۇنىڭ «پۇرسەتتىن پايدىلىنىشى» دىن ئىبارەت ئىكەن. ئەمما ئۇ ئالدىن مۆلچەرلىگەن مەقسىتىگە يېتەلمەي قالغان، بۇ مەقسەت بولسىمۇ، چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى دەپ پەرەز قىلىنغان مىڭ خۇيدىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىكەن. بۇ ئاساسىي مەقسەتنىڭ مەغلۇب بولغانلىقىنى يېپىش ئۈچۈنلا جېڭ خې سەپەرگە چىققاندا ئەكەلگەن سىياسىي جەھەتتىكى ئۈنۈم گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

بۇ ئاپتور ئۆز كۆز قارىشىنى شەرھلىگەن چاغدا، بۇرۇن ئۆتكەن جۇڭگو پادىشاھلىرىنىڭ ھېچقايسىسى مىڭ چېڭزۇغا ئوخشاش، ئۆز

يۈز ـ ئابرويىنى دۆلەت سىرتىغىچە كۆز ـ كۆز قىلىپ باقمىغان . بۇنىڭدىن سىرت ، چەت ئەلگە ئۆزىنىڭ ئابرويىنى نامايىش قىلماقچى بولغان جۇڭگو پادىشاھى ھەرقانچە بولغاندىمۇ بىر ئاددىي ئەمەلدارنى كېمە ئەترىتىنىڭ قوماندانى قىلىپ تاللىماس ئىدى . ئادەتتىكى بىر ئەمەلدار ھەرگىز جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي ۋەكىلى ھېسابلانمايدۇغۇ !

ئەمەلىيەتتە ، 1739 ـ يىلى نەشر قىلىنغان « مىڭ سۇلالىسى تارىخى » دا جېڭ خې ھەققىدە مۇنۇلار خاتىرىلەنگەن :

« مىڭ چېڭزۇ خۇيدىنى چەت ئەلگە قېچىپ كەتتى دەپ گۇمان قىلغان ، ئۇنىڭ ئىزىنى ئىزلاش ئۈچۈن چەت ئەلگە لەشكەر تارتماقچى بولغان . بۇ جۇڭگونىڭ باي ۋە قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئىدى . »

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى ، جېڭ خېنىڭ دېڭىز سەپىرىگە چىقىش مەقستى توغرىسىدا ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئىزاھاتىدا خۇيدىنىڭ ئىزىنى ئىزلاش مەقستى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان . قالغان مەقسەتلىرى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇلغان .

تەيۋەنلىك مەشھۇر ھازىرقى زامان تارىخشۇناسى فۇ لېچېڭ تۈزگەن «جۇڭگو ئومۇمىي تارىخى »دا جېڭ خېنىڭ دېڭىز سەپىرىگە چىقىش مەقسىتى ئاساسەن مۇشۇنداق تەھلىل قىلىنغان . جۇڭ شۇخې يازغان «دۇنياغا يۈزلىنىش » دېگەن ئەسەردىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشىشىپراق كېتىدىغان قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان .

جۇڭ شۇخېنىڭ كۆرسىتىشىچە ، جۇڭگو سىرتقا قارىتا ئىشىكنى تاقىۋېلىش سىياسىتى دەل مىڭ سۇلالىسىدىن باشلاپ ئومۇمىيۈزلۈك جىددىيلەشتۈرۈلدى . ھۆكۈمەت دېڭىز بويىدىكى ئاھالىلەرنىڭ يىراق ئوكيان كېمىسى ياسىشىنى مەنئى قىلدى . شۇنداق قىلغانلار جازالىنىش خەۋپىدىن قۇتۇلالمىدى . پەقەت 1369 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدە مىڭ سۇلالىسى پادىشاھى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ 15 دۆلەت بىلەن بولغان ئالاقىنى تامامەن ئۈزۈپ تاشلىدى . بۇنىڭ ئىچىدە كورىيە ۋە ياپونىيىلەرمۇ بار ئىدى .

## 6 . ئارغامچا ۋە كالا

تەيۋەندە نەشر قىلىنغان تەدبىر كىتابلىرىدا مۇنۇلار تىلغا ئېلىنىدۇ: بۇ بۇ تەدبىرنى قوللىنىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇكى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەپ ئالغاندا ئىنس ــ جىنغىمۇ تۇيدۇرماسلىق كېرەك. بۇ تەدبىرنى ئىشلىتىۋاتقاندا بۇنى باشقىلار بايقاپ قالسا، ھەرقانچە ئەپچىل بىرەر باھانە تېپىپ ئۇنى يۆگەپ كېتەلمەيدىغان بىلگىسى بولۇشى كېرەك. مانا بۇ بۇ تەدبىرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىشنىڭ زۆرۈر شەرتى. تەيۋەندىكىسى شياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان تەدبىرگە ئائىت كىتابتىن ئېلىنغان بىر ھېكايە:

بىر كالا ئوغرىسى يامۇلغا ئېلىپ بېرىلىپتۇ. بۇ ئوغرى ئۆزىنى ئاقلاپ: «مەن قاپاندىن باشلاپ كالا ئوغرىسى بولۇپ قالدىم؟ ياق، مەن كېتىۋېتىپ يولدا ئارغامچىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، ئۇنى شۇنداقلا ئېلىپ ئۆيۈمگە قايتتىم، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىغا باغلانغان كالا ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ماڭا ئەگىشىپ كەلگەن ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ.

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق يازغان: بۇ گەرچە بىر لەتىپە بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى شېجېڭلىق دورغۇن (1612 ــ 1651) نىڭ 1644 ـ يىلى جەنۇبىي مىڭ سۇلالىسى ئەسكەرخانىسىنىڭ كاتىبى شى كېفاغا يازغان مەشھۇر خېتى بىلەن يەنە قانداق پەرقى بار؟ دورغۇننىڭ بۇ خەتنى يېزىشىدىكى مەقسىتى شى كېفاغا تەسلىم بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىش ۋە مانجۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ شىمالىي قىسمىنى بېسىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قىلمىشنى يېپىش ئىدى. بۇ خەتتە مۇنداق بىر جۈملە گەپ بار:

«دۆلەت يەنجىڭنى پايتەخت قىلىشنى بېكىتكەن، ئەمما ئۇ ھازىرمۇ ئوغرىلارنىڭ قولىدا، ئۇ مىڭ سۇلالىسىگە تەئەللۇق ئەمەس.»

ئون ئىككىنچى تەدبىرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە، تەيۋەندە نەشر قىلىنغان بىر تەدبىر كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن:

پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىشنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە شەرتلىرى بار، ئۇ بولسىمۇ:

1) مەلۇم مۇددەتتا بولۇشى كېرەك.

2) ئېرىشكۈدەك نەپ بولۇشى كېرەك.

3) ھېچقاندىق بىر كىشى بىلىپ قالماسلىقى كېرەك (يەنى قارشى تۇرىدىغانلار بولماسلىقى لازىم)، ئاندىن نەپ ئالغىلى بولىدۇ.

4) نەپئىنە ئېرىشكەندىن كېيىن ئەسلىدىكى مەقسەتكە تەسىر يەتمەسلىكى كېرەك.

پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى، كىشىلەرنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى مەلۇم بىر ئىش ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈۋالماسلىقى. نەزەرىنى كەڭرەك قويۇۋېتىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتكەن نەپ ئېلىش مۇمكىنچىلىكىنى تولۇق چۈشىنىۋالغىلى ۋە پايدىلانغىلى بولىدۇ.

«كاۋاكلا بولسا كىرىش كېرەك، نەپلا بولسا ئېلىش لازىم.» ئىستايىن كىچىك، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمىگۈدەك نەپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا سەل قارىماسلىق لازىم. بۇ «تاما - تاما كۆل بولار» دېگەن داۋلى بىلەن ئوخشاش. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىشنىڭ رولى كۆرۈنگەنلا نەپنىڭ ھەرقاندىغىنى ئېلىۋېرىشتە ئەمەس. بەلكى يوچۇقتىن پايدىلىنىپ جەڭ پۇرسىتىنى تۇتۇش ئارقىلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش دېگەنلىكتۇر. پۇرسەت ۋە ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلەش، باشتىن - ئاخىرى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتسىيىسى بىلەن مەسىلىلەرنى جانلىق بىر تەرەپ قىلىش، ئەمما تەدبىر بەلگىلىگەندە تېز، كەسكىن بولۇش، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق لازىم.

## ئون ئۈچىنچى تەدبىر

# توخۇنى بوغۇزلاپ، مايمۇننى چۆچۈتۈش

يادرولۇق مەزمۇنى: دارتمىلىق، ۋاستىلىك تۈردە ئاگاھلان-
دۇرۇش، تەھلىكە، قورقۇتۇش ئېلىپ بارماق.
ۋاستىلىك ئاگاھلاندۇرۇش تەدبىرى. سەركەر-
دىنى جىلە قىلىش تەدبىرى.

ئون ئۈچىنچى تەدبىر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھېكايىلەر ئەڭ دەسلەپتە سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان جېڭ ۋېنباۋ يازغان «جەنۇبىي تاڭدىكى يېڭى ئىشلار» دېگەن كىتابتا تىلغا ئېلىنغان.

## 1. بىرنى جازالاپ كۆپكە ئىبرەت قىلىش

خەنشۈەندى زامانىسىدىكى دۇڭخەي (بۈگۈنكى سەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي شىمالى) دېگەن يەرنىڭ ۋالىيسى سۈن ۋېنگۈينىڭ قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە جۇڭگودا بۈگۈنكى كۈنكىچە تارقىلىپ كەلمەكتە. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىگە سادىق ئىكەن، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ ھەرقانداق دېلونى ئالدى بىلەن ئۆزى تەكشۈرۈپ چىقىدىكەن ھەمدە مۇھىم جىنايەتچىلەرنى كۈز ۋە قىش پەسىللىرىدىكى يىغىلىشلاردا ياكى سىرتقا تەكشۈرۈشكە چىققان چاغلىرىدا ئۆلتۈرىدىكەن. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىرنى ئۆلتۈرۈپ، مىڭغا ئىبرەت قىلىدىكەن. «خەننامە، سۈي ۋېنگۈي تەزكىرىسى» دە ئۇ ھەقتە: «جىنايەتكە قاراپ جازا بېرىپ، بىرنى ئۆلتۈرۈپ مىڭغا ئىبرەت قىلاتتى، پۇقرالار قايىل بولاتتى، قورقاتتى، يامان ئىشلىرىنى ئۆزگەرتىپ يېڭىباشتىن ئادەم بولاتتى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئۆز ۋاقتىدا، دۇڭخەيدە شۈي جۇڭسۈن دەيدىغان بىر چوڭ زومىگەر بولۇپ جىنايىتى چېكىدىن ئاشقانىكەن. بىراق ئۇنىڭ ئەملى چوڭ بولغاچقا، سۈن ۋېنگۈيدىن بۇرۇنقى ۋالىيلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا چېقىلىشقا پېتىنالمىغانىكەن. سۈن ۋېنگۈي ۋالىي بولۇپلا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. بۇ ئىش پۈتۈن دۇڭخەي ۋىلايىتىدە چوڭ زىلزىلە پەيدا قىلىپتۇ. پۇقرالار، لەشكەرلەر بۇنىڭدىن چۆچۈپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ دۇڭخەي ۋىلايىتىدە ئاسايىشلىق باشلانغانىكەن.

بۇ ھېكايىدىكى ئايرىم جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش ئەمەلىيەتتە «توخۇنى بوغۇزلىغانلىق» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تېخى بىخلانمىغان جىنايەت ئامىللىرىنى يوقىتىۋېتىش بولسا «مايمۇننى چۆچۈتكەن» لىك بىلەن باراۋەر.

## 2. توخۇنى بوغۇزلاپ، مايمۇننى چۆچۈتۈش

لى بويۈەن (1867 — 1906) يازغان سىياسىي ھېكايە «ئەمەل سورۇنىدىكى نەق كۆرۈنۈشلەر» نىڭ 53 - بابىدا جىياڭنەن ۋالىيسى ۋېي مىڭنىڭ ئون ئۈچىنچى تەدبىرنى قوللانغانلىقى توغرۇلۇق مۇنداق بىر ۋەقە بار:

ۋالىي بىر كۈنى چۈشلۈك غىزا يېۋاتقاندا بىر ئەجنەبىي كونسۇل ئۇنى يوقلاپ كېلىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ كېلىشىدە ئەلۋەتتە مەقسەت بار ئىدى. ئەسلىدە، ۋالىي تېخى يېقىندىلا ئۆزىنىڭ بىر مەھرىمىنى ئۆلتۈرىۋەتكەن ئىدى. قارىماققا بۇ ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇ ئادەم ئۆلتۈرگەندە مەيداننى خاتا تاللاپ قويغان. يەنى دەل كونسۇلخانىنىڭ يېنىدىلا ئۆلتۈرگەن. بۇ ئىشتىن قاتتىق غەزەپلەنگەن كونسۇل دەل مۇشۇ ئىش سەۋەبلىك ۋالىي بىلەن ھېسابلاشقىلى كەلگەنىدى. كونسۇل تېخى ۋالىي بىلەن سالام - سائەت قىلىشىشقا ئۈلگۈرمەيلا يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى بىر قۇر بايان قىلغان ۋە نېمىدەپ كونسۇلخانىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگىلى تۇرغان. بەختىگە يارىشا ۋالىي ياشتا چوڭايغان، كۆرگەن - بىلگەنلىرى كۆپ ئادەم بولغاچقا، ۋەزىيەتكە قاراپ ئۆزگىرىش قابىلىيىتىنى دەرھال ئىشقا سالغان ۋە كونسۇلغا مۇنداق دېگەن: «كونسۇل ئالىيلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدىن مەقسەت مەن ئۆلتۈرگەن ھېلىقى مەھرەمنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇشتىن ئىبارەت بولسا، مەن بۇ توغرىدا سۆزلەپ بېرەي. ئۇ مەھرەم ئەسلىدىلا ئوبدان ئادەم ئەمەس ئىدى، باندىتلار بىلەن بىر قاتاردا تۇراتتى، ھېلىقى يىلى مۇشتلاشچى باندىتلار بېيجىڭدە قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ دۆلەتلىرىنى ۋ

باشقا ئەللەرنى سېلىشتا ئۇنىڭمۇ ھەسسىسى بار ئىدى، كەمىنىلىرى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىقلاپ ئەمەلىيلەشتۈر-دۈم ھەمدە ئۇنىڭغا قانۇن بويىچە جازا بەردىم.» كونسۇل يەنە سوراۋەرگەن: «ئەمما ئۇ نېمە ئۈچۈن دەل كونسۇلخانىنىڭ يېنىدا ئۆلتۈ-رۈلۈشى كېرەك بولۇپ قالدى؟» ۋالىي بۇنىڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەرگەن: «بۇنىڭ بىر سەۋەبى بار، بۇنداق قىلمىشلاردا باشقىلارنى چۆ-چۈتكىلى بولمايتتى. بۇ باندىتنىڭ چىلىق سۆلىسىنى يۆلەپ، ئەجنەبىيلەرنى يوقىتىش تەرەپدارى ئىكەنلىكى كونسۇل ئەپەندىلىرىگە بەلكى نامەلۇم بولسا كېرەك. ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە بىرەر ئىش تېرىيدىغان بولسا، جەزمەنكى، ئالدى بىلەن باشقا ئەللەرنى ۋە دۆلەتلىرىنى تەگلىكتە قويىدۇ. كونسۇل ئەپەندىنىڭ ئۆزىگە ھەم پايدىلىق ئەمەس. شۇڭا ئىنى-لىرى ئالاھىدە بىر ھىيلە ئويلاپ تېپىپ، بۇ جىنايەتچىنى ھۆرمەتلىك كونسۇلنىڭ ئىشخانىسىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ ئۆلتۈردۈم. بۇنىڭدىن مەق-سەت، بۇنى ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە كۆرسىتىپ چۆچۈتۈپ قويۇشتىن ئىبارەت ئىدى. كونىلاردا «‹توخۇنى بوغۇزلاپ مايمۇننى چۆچۈتۈپ قويۇش›» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ توخۇنى بوغۇزلىساق مايمۇنلار چۆچۈپ قېچىپ كېتىشىدۇ. كەمىنىلىرى گەرچە بىرلا مەھرەم چېرىكىنى ئۆلتۈرگىنىم بىلەن، ھەنىنىۋا شېرىكلىرى بۇنى كۆرۈپلا تارقىلىپ كېتىشىدۇ، كېيىنكى كۈنلەردە چاتاق تېرىپ، قىممەتلىك دۆلەتلىرىنى ۋە باشقا ئەللەرنى تەگلىكتە قويۇشقىمۇ پېتىنالمايدۇ.» ئەجنەبىي كونسۇل بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتكەن ۋە ۋالىينىڭ تەدبىرچى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە ماختىغان.

ۋالىي مېھماننى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن ھالدا: «قاراڭلار، مېنى قارا تەر بېسىپ كەتكىنىنى، — دېگەن ۋە ئەمەلدارلىق كۈرسىغا ئولتۇرۇپلا مۇلازىملىرىنى چاقىرتىپ، — كونسۇلنىڭ باياتقى نوچىلىقىنى كۆردىڭلارمۇ. ئەگەر مەن ئۈچ-تۆت ئېغىز گەپ بىلەن ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋالمىغان بولسام يەنە نېمە ئىشلار چى-

قاتتىقكىن تېخى » دېگەن .

بۇ ۋەقەدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، ۋالىي ئەگەر ئۇن ئۇچىنچى تەدبىرنى قوللىنىپ ئەسلىدىلا ئۆزىگە پايدىسىز بولغان ۋەزىيەتنى ئوڭشىۋالمىغان بولسا ، ئۇ ئەكسىچە پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان بولاتتى . ئەمەلىيەتتە ئۇ جازا مەيدانىنى قەستەن كونسۇلخانىنىڭ يېنىدىن تاللىمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن . بەلكى ئۆزى ئېيتقاندەك مەقسىتىنىڭ بولۇشىمۇ ناتايىن . مانا بۇ سۆھبەت داۋامىدا تەدبىر - ھىيلە ئىشلىتىپ قىيىن ھالەتتىن قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ بىر تىپىك مىسالى . ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىققىنىدىن ئەھۋاللارمۇ بار ، يەنى باشقىلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتىنى نامۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىپ تەھلىل قىلغاندا ، ئەسلىدە يامان غەرەزى يوقلىمىغان كىشىلەرمۇ خەتەرلىك ، يامان ئادەملەرگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن .

## 3 . تويى قىلىش ئارقىلىق چىقىش يولى تېپىش

جۇڭشەن بەگلىكى پادىشاھىنىڭ ئىككى ئامراق خوتۇنى بولۇپ ، يىنىجى ۋە جياگجى دەيدىغان بۇ ئىككى خوتۇن خانىشلىقنى تالىشىپ ئاستىرتىن يوت تېپىشىدىكەن ، بەزىدە كەسكىن ئېلىشىپمۇ قالىدىكەن . بۇ ئىككى خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىش جۇڭشەن بەگلىكى پادىشاھىنىڭ ئەقلدارى سىما شىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۆز ئىشلىرىنى يۇرۇشتۇرۇۋېلىشىنىڭ ناھايىتى ئوبدان بىر پۇرسىتى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن . ئۇ يىنىجىنىڭ ئاتىسى بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا : «خانىشلىقنى تالىشىش ھەرگىز چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس . ئەگەر بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشسا جۇڭگو بويىچە بىرىنچى خانىم بولىدىغان گەپ ، يەرگىنىمۇ ، پۇقراغىنىمۇ ئىگە بولغىلى بولىدۇ . ئەگەر ئىشقا ئاشماي قالسا جېنىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۆزىمۇ تەسكە توختايدۇ . قىزلىرىغا ئېيتسىلا ، يا ئۇ بۇ نىيىتىدىن ۋاز كەچسۇن ، يا ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئوبدان تىرىشسۇن . بۇ ئىش يولىدا پېقىرلىرى ئازراق ياردەم بەرسەم ئە-

جەب ئەمەس، مېنى نېمدەپ قىزلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرمەيدىلا» دەپتۇ. يىنجىنىڭ ئانىسى سىما شىغا رەھمەت ئېيتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ گېپىنى يىنجىغا يەتكۈزۈپتۇ. يىنجى سىما شىنى خۇپىيانە زىيارەت قىلىپتۇ. سىما شى ئۇنىڭغا ھىيلە - تەدبىرلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. ئىككىيلەن بىرلىشىپ مۇۋاپىق بىر پىلان تۈزۈپ چىقىپتۇ. يىنجى: «مۇبادا بۇ تەدبىرلىرىمىز ئەمەلگە ئاشسا، مەن سىلىنى جەزمەن نۇرغۇن پۇل - مال بىلەن مۇكاپاتلايمەن» دەپ سىما شىغا ئۆز تەشەككۇرىنى بىلدۈرۈپتۇ. يىنجى ئۇ قېتىم زىيارەتكە كەلگەندىمۇ قۇرۇق قول كەلمىگەنىكەن.

يىنجى كەتكەندىن كېيىن، سىما شى پىلان بويىچە ئىش باشلاپ كېتىپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن جۇڭشەن پادىشاھىغا بىر ئۇزۇن خەت يېزىپ ئۆزىنىڭ ئېلىنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، جاۋ بەگلىكىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان بىر پىلانىم بار، دەپتۇ. بۇ خەتنى كۆرگەن جۇڭشەن پادىشاھىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال سىما شى بىلەن كۆرۈشۈپتۇ. سىما شى جۇڭشەن پادىشاھىغا جاۋ بەگلىكىنىڭ يەر شەكلىنى، ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى، پۇقرانىڭ ھال - كۈنىنى، ۋەزىر - ئەمەلدارلارنىڭ ياخشى - يامانلىقىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئەلچى سالاھىيىتى بىلەن جاۋ بەگلىكىگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىپتۇ ۋە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن تەپسىلىي بىر لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. جۇڭشەن پادىشاھى ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل كېلىپتۇ - دە، ئۇنى نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن جاۋ بەگلىكىگە يولغا سېلىپتۇ.

سىما شى جاۋ بەگلىكىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن جاۋ پادىشاھى بىلەن ئومۇمنىڭ ئىشى ھەققىدە پاراڭلىشىپتۇ ۋە ئاستا - ئاستا قۇرۇق گەپكە كۆچۈپتۇ. سىما شى جاۋ پادىشاھىغا مۇنداق دەپتۇ: «كەمىنىلىرىنىڭ ئاڭلىشىچە، جاۋ بەگلىكىنىڭ زېمىنى ساھىبجاماللار كۆپ چىقىدىغان يەر ئىمىش، مانا بۈگۈن جاۋ بەگلىكىگە كەلدىم، پايتەختكىمۇ كىردىم، جاۋ بەگلىكلىك نۇرغۇن قىز - چوكانلارنى كۆردۈميۇ، رەڭگى - رۇخساردا ئالاھىدە سانىلىدىغانلىرىنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم.

كەمىنە پۇقرالىرى تا مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە نۇرغۇن جايلارنى ئايلىنىپ چىقتىم، كۆرمىگەن يېرىممۇ ئاز، ئۇ يەرلەردە نۇرغۇن قىز - چوكانلارنىمۇ كۆردۈم. بىراق بەگلىكىمىزدىكى يىنجى بىلەن بەسلىشەلەيدىغان يەنە بىر قىزنى ئۇچراتمىدىم، پېقىرلىرىنىڭ قارىشىچە ئۇ پەرىشتىدىن پەرقلەنمەيدۇ، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنى سۆزلەپ بېرىشمۇ تەس، رەسىمىنى سىزىشنىڭ ئۆزىمۇ مۇشكۈل. ئۇنىڭ جامالى بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق ساھىبجامالدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ.»

بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھنىڭ يۈرىكى ئويناپ كېتىپتۇ. ئۇ: «يىنجىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ ئالدىراپ. سىماشى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «كەمىنىلىرى يىنجىنىڭ ساھىبجامالىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارىمدىن تاشقىرى بۇ گەپلەرنى قىلىپ تاشلىدىم. مۇبادا پادىشاھىم ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىسىلا مېنىڭ بۇنىڭغا ئامالىم يوقتۇر، ئۇ گەرچە كېنىزەك بولسىمۇ پادىشاھىمىز ئۇنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدۇ. بىنايىم ئۆزلىرىگە قىلىپ بەرگەن گەپلىرىمنى يېپىۋەتمەسلىكلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن: بولمىسا مەن بالا - قازاغا ئۇچراپ قېلىشىم مۇمكىن» دەپتۇ جاۋابەن. - جاۋ پادىشاھى مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قويۇپتۇ ھەمدە سىماشىغا قانداق بەدەل كېتىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ قىزنى قولغا كەلتۈرۈپ بېرىش توغرىسىدا بىشارەت بېرىپتۇ.

سىماشى ئۆز ئېلىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن جۇڭشەن پادىشاھىغا ئەھۋاللاردىن مەلۇمات بېرىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ: «جاۋ پادىشاھى ئاق كۆڭۈل ھۆكۈمرانلاردىن ئەمەس ئىكەن. شەھۋىتى چەكسىز، نومۇسسىز، ئەدەپنى ئۇقمايدىغان، خوتۇن - قىزلارغا قاش ئاتىدىغان، ئادالەتنى بىلمەيدىغان، ئۇرۇشخۇمار بىرنېمە ئىكەن. پېقىرلىرى تېخى ئۇنىڭ ئاستىرتىن يىنجىغا يامان نىيەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇنى ئۆز ئېلىگە ئەكېتىپ خوتۇن قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.»

بۇنى ئاڭلىغان جۇڭشەن پادىشاھى ئاغزىنى بۇزۇپ: «نېمىدېگەن بىنومۇس بىرنېمە بۇ؟» دەپتۇ.

سىما شى پادىشاھتىن ئۆزىنى ئېسىۋېلىشنى ئۆمىد قىلىپتۇ، شۇنىداقلا ئۇنىڭغا: «جاۋ بەگلىكى ھازىر بىزدىن كۆپ كۈچلۈك، مۇبادا جاۋ پادىشاھى يېنجىنى تەلەپ قىلىپ كەلسە بىزنىڭ ئۇنى سوۋغا قىلماقتىن ئۆزگە ئامالىمىز يوق. ئەگەر بىز ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆنمىسەك، ئۇ لەشكەر تارتىپ ئۈستىمىزگە بېسىپ كېلىدۇ. يېنجىنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىۋەتسەك ئەل ـ جامائەت بىزنى ئاجىز كەن دەپ ئۈستىمىزدىن كۈلىدۇ. پادىشاھىنىڭ ئامراق خوتۇنىنىمۇ باشقىلارغا قوش قوللاپ تۇتۇپ بېرىپتۇ دەپ مازاق قىلىشماي قالمايدۇ» دەپتىكەن، پادىشاھ ئۇنىڭدىن: «ئەمىسە قانداق قىلساق بولار؟» دەپ سوراپ قاپتۇ. سىما شى پادىشاھنىڭ سوئالىغا ئالدىرىماي ـ تەمتىرىمەي جاۋاب بېرىپتۇ: «پەقەت بىرلا ئۇسۇل بار، ئۇ بولسىمۇ پادىشاھ ئالىيلىرى يېنجىنى خانىشلىققا كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا جاۋ پادىشاھىنىڭ قەستىنى تارمار قىلغىلى بولىدۇ. دۇنيادا باشقا بىر ئەلنىڭ پادىشاھىنىڭ خانىشىنى بۇلاپ كېلىپ خوتۇن قىلغان ئىش بولغان ئەمەس!» پادىشاھ ئەقىلدارنىڭ مەسلىھەتىنى خوپ كۆرۈپتۇ ۋە شۇ بويىچە ئىش تۇتۇپتۇ. يېنجىمۇ خانىشلىق تەختىگە مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئولتۇرۇپتۇ.

## 4. يەنشەن تېغىدىكى بۆكتۈرمە

مىلادىدىن بۇرۇنقى 627 ـ يىلى، چىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى مۇگۇڭ ناھايىتى يىراقتا جايلاشقان جېن بەگلىكىگە قارشى ئۇرۇش قوزغاشنى قارار قىلغان. باش مەسلىھەتچى جيەن شۇ ئۇنى يىراق جايلارغا ھۇجۇم قىلغاندا ناھايىتى ئاز غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرغان. ئەمما مۇگۇڭ بۇ ھەقتىكى پىكىرلەرنى قايرىپ قويۇپ ھۇجۇم قوزغاش نىيىتىدىن يانمىغان. يىراقتا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇننى ئۇزاتقان چاغدا، جيەن شۇ باش سانغۇن مېڭ مىڭشىنى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قايتىپ يەنشەن تېغىدىن ئۆتكەن چاغدا بۆكتۈرمە لەشكەرلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ئالاھىدە ھوشيار بولۇشى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرغان. ئەمما تەكەببۇر مېڭ مىڭشى

ئۇنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى پىسەنتكە ئېلىپمۇ قويمىغان. كېيىنكى كۈنلەردە جىن قوشۇنى راستتىنلا يېڭىلىپ قالغان ۋە ئۆز بەگلىكىگە قاراپ چېكىنگەن. قوشۇن يەنشەن تېغىدىن ئۆتكەندە مىڭ مىڭشى جيەن شۇنىڭ دېگىنىدەك قىلمىغان، رازۋېتكىچى ئەۋەتىپ ئالدىن تەكشۈرۈشنىمۇ قىلمىغان. بەلكى چوڭ قوشۇننى تۆت يۆنىلىشكە بۆلۈپ ئادەتتىكىچە مېڭىۋەرگەن. قوشۇن تاغ ئاغزىدىن كىرەر-كىرمەيلا بۇ تاغدا ئاللىبۇرۇن مۆكۈنۈپ ياتقان جىن بەگلىكى لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن. لېكىن بۇ ھۇجۇمچى لەشكەرلەر ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا چېكىندۈرۈلگەن. بۇ بىر كىچىك ھۇجۇمنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا مىڭ مىڭشى ھېچقانچە ئويلانمىغان، ئالدىن رازۋېتكىچى ئەۋەتمەيلا قالماي، چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئالغا مېڭىۋەرگەن. نەتىجىدە بىر تار جىلغىغا كەلگەندە مۆكۈنۈپ ياتقان جىن قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قورشىۋېلىنغان ۋە پۈتۈن سەپ بويىچە يوقىتىلغان.

بۇ ھېكايە سىما چيەننىڭ «تارىخىي خاتىرىلەر» دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان. «36 تەدبىرنىڭ يېڭى نۇسخىسى» دېگەن كىتابتىمۇ مەزكۇر ھېكايە ئارقىلىق ئون ئۈچىنچى تەدبىر چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ بىزگە «توخۇنى بوغۇزلاپ مايمۇننى چۆچۈتۈش» تەدبىرىگە سەل قارىغانلىقنىڭ ئاپەت خاراكتېرلىك نەتىجىگە ئېلىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا بۇ تەدبىرنىڭ قوللىنىلىشى بويىچە ئېيتقاندا ئاۋۋال بىر ئالدىن يۈرەر لەشكەرلەر ئەترىتىنى ئەۋەتىپ دۈشمەننىڭ بۆكتۈرمە قوشۇننى ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇرلاش لازىم ئىدى. ھەرگىز رازۋېتكا قىلمايلا ئىلگىرىلەۋەرمەسلىك كېرەك ئىدى.

ئارىدىن 800 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋېي بەگلىكىنىڭ چوڭ سانغۇنى سىما يىنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى بۇنىڭغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

## 5. ئېھتىياتچان سىما يى

مىلادىنىڭ 220-يىلى، شەرقىي خەن خاندانلىقى يىمىرىلىپ، جۇڭگو شىمال تەرەپتىكى ۋېي، غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى شۇ، شەرقىي

جەنۇبتىكى ۋۇ بەگلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتكە بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇ بەگلىكنى بۇرۇن ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، خەن جەمەتىنىڭ تۇغقىنى لىيۇبېي تەرىپىدىن قۇرۇلغانىدى. شۇ بەگلىكى خەن جەمەتىنىڭ پۈتۈن جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن 225 - يىلىدىن 234 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ۋېي بەگلىكىگە قارشى كۆپ قېتىم ئۇرۇش ئېلىپ بارغانىدى.

مىلادى 231 - يىلى، شۇ بەگلىكنىڭ ۋەزىرى جۇگې لياڭ ۋېي بەگلىكىنى ئۈستىگە بەشىنچى قېتىم يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ رەقىبى بۇرۇنقىغا ئوخشاش، يەنىلا ۋېي بەگلىكىنىڭ قوماندانى سىما يى ئىدى. ئىككى قوشۇن چىشەن تېغىدا ئۇزۇنغىچە تىركەشتى، سىما يى قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇۋېلىپ شۇ قوشۇنلىرى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىشتىن ئۆزىنى تارتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا جۇگې لياڭ ۋېي بەگلىكى شەرقىي ۋۇ بەگلىكى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ جۇگې لياڭ جەڭ قىلغىلى سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ شۇ بەگلىكىگە غەربتىن ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قالدى. جۇگې لياڭ ئىككى تەرەپتىن كەلگەن دۈشمەنگە دۇچ كېلىپ قېلىش خەۋپىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇ بەگلىكىگە قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. بۇ خەۋەر سىما يىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ قالدى. ئەمما ۋېي بەگلىكى بىلەن ۋۇ بەگلىكىنىڭ بىرلىشىدىغان ئىشىدىن سىما يىنىڭ قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ جۇگې لياڭنىڭ «يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىش» ھىيلىسىنى ئىشلىتىۋاتامدىكىن دەپ گۇمان قىلدى ۋە قايتىپ كېتىۋاتقان شۇ قوشۇنلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا پېتىنالمىدى. ۋېي قوشۇنلىرىنىڭ چوڭ سانغۇنى جاڭ خې دەرھال شۇ قوشۇنىنى قوغلاش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سىما يى بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. سىما يى ئايغاقچىلارنىڭ جۇگې لياڭ قوشۇنلىرىنىڭ راستىنلا چېكىنىۋاتقىنىنى ئىسپاتلىغاندىلا ئاندىن بارگاھىدىن چىقىپ قوشۇن باشلاپ شۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنىنى قوغلىغىلى تۇردى. ئەمما ئۇ جۇگې لياڭ يېرىم يولدا بۆكتۈرمە قويۇپ قويىدىمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ ئالدى

بىلەن « توخۇنى ئۆلتۈرۈپ ، مايمۇننى چۆچۈتۈپ باقماقچى » بولدى .

ئالدىن يۈرەر قوشۇننىڭ ئاۋانگارتى جاڭ خې بۇ چاغدا قاچقان قوشۇن ئارقىسىدىن دەرھال قوغلاپ زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلدى . سىما يى ئۇنىڭغا 5000 لەشكەر بەردى ۋە يول ئۈستىدە ئېھتىيات قىلىشنى ، بۆك-تۈرمىدىن ھەزەر ئەيلەشنى تاپىلىدى . ئۆزى بولسا چوڭ قوشۇننى باشلاپ جاڭ خېنىڭ كەينىدىن ماڭدى .

جاڭ خې ئۆزىنى باسالماي ، شۇ قوشۇنى بىلەن تۇتۇشۇشقا ئال-دىراپ تۇراتتى . شۇڭا ئۇ 5000 لەشكەرنى باشلاپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى . ئەمما ، جۇگې لياڭ خۇددى سىما يى ئالدىن مۆلچەرلىگەندەك ، بىر تاغ جىلغىسىغا بۆكتۈرمە قۇرۇپ قويغانىدى . قارا كۈچى يار ، كاللىسى يوق جاڭ خې ئاشۇ تار يولدا ، دەل - دەرەخ ۋە چاتقاللار ئارىسىدا ئات چاپتۇرۇپ ماڭغىلى تۇردى . ئۇ ئات چاپتۇرۇپ تاغ جىلغىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا دەل - دەرەخ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالغان شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنلىرى قىقاس - چۇقان كۆتۈرگىنىچە يوپۇرۇلۇپ كەلدى . شۇ بەگ-لىكنىڭ قوشۇننىڭ سەردارى ۋېي يەن جاڭ خېنى توسۇۋالدى ۋە ئۇلار بىر قەپەس ئېلىشتى . ئېلىشىپ بولۇپلا قېچىپ كەتتى . جاڭ خې بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايلا ۋېي يەننى قوغلاشقا باشلىدى . بۇ قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان چاغ بولۇپ ، ۋېي قوشۇنى تار ۋە قاراڭغۇ بىر جىلغىدا كەلمەكتە ئىدى . دەل شۇ چاغدا تۇشمۇ تۇشتىن چۈشكەن يوغان ياغاچ - تاشلار ئۇلار كېتىۋاتقان يولنى توسۇۋالدى . ئەگىشىپلا تاياق - توقماقنىڭ شەپىسى كەلدى ، ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچقىلى تۇردى . جاڭ خې ۋە ئۇ باشلاپ كەل-گەن قوشۇن بىرىمۇ قالماي ئۆلدى .

سىما يى بۇنى ئۇققاندىن كېيىن تەلىيىگە يارىشا « توخۇنى ئۆلتۈرۈپ ، مايمۇننى چۆچۈتۈش » تەدبىرىنى قوللانغانلىقىدىن خۇشال بولدى . جاڭ خېنى ئەۋەتىپ رازۋېتكا قىلدۇرمىغان بولسا چوڭ قوشۇننىڭ تامامەن تۈگىشىدىغانلىقىنى بىلدى .

## 6 . يالغان پاراشوتچىلارنى ئېتىش

«36 تەدبىرنىڭ يېڭى نۇسخىسى» دېگەن كىتابتا ئەنگلىيە ـ فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ 1956 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى سەئىدە پورتىدا قۇرۇقلۇققا چۈشۈپ ئۇرۇش قىلىش ئەھۋالى مىسال قىلىپ ئېلىنغان . شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى مىسىر پرېزدىنتى ناسىر سۈۋەيش قانىلىنى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالغانلىقىنى جاكارلىغان . شۇنىڭ بىلەن ، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە دۆلەتلىرى 80 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى سەپەرۋەر قىلىپ ، ئىسرائىلىيە بىلەن بىرلىشىپ قوراللىق ئارىلىشىش ئېلىپ بارغان. 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەئىدە پورتىغا ھاۋادىن ئەسكەر تاشلىغان . ئەمما ، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدە تاشلىغىنى زور تۈركۈمدىكى ياغاچ ئادەملەر ۋە رېزىنكە ئادەملەر بولغان . نەتىجىدە ، مىسىر ئەسكەرلىرى ئۇلارنى راست ئادەم دەپ قاراپ يەر يۈزى زەمبىرەكلىرى ئارقىلىق قاتتىق توپقا تۇتقان . ئارقىدىنلا ئارمىيە ـ خەلق بىرلىشىپ قورشاپ تۇتۇشقا سەپەرۋەر قىلىنغان . مىسىرلىقلارنىڭ ئوت كۈچى ، خادىملىرى ئۆزىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ھاۋا ئارمىيىسى شىددەتلىك ئوققا تۇتۇپ ، مىسىر ئارمىيىسىنى زور تالاپەتكە ئۇچراتقان .

ئەمما ، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ئون ئۇچىنچى تەدبىرنى ئىشلەتكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ۋەقە بەزى كىتابلاردا ئىسپاتلانمىغان . بۇ كىتابلار : لونىر تىرىخور دافى يازغان « راست ـ يالغان غالىبىيەت — ئەرەب ـ ئىسرائىلىيە ئۇرۇشى » ، (لوندون ، 1978 ـ يىل نەشرى ) ۋە ياكوس ماسسو يازغان «1956 ـ يىلىدىكى سۈۋەيش ئۇرۇشىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى » (پارىژ ، 1978 ـ يىل نەشرى ) لاردىن ئىبارەت .

## 7 . ھەر خىل گۈللەر چۈشى

شياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان بىر تەدبىر كىتابىدا ئون ئۇچىنچى تەدبىر چۈشەندۈرۈلگەندە مۇنداق بىر مىسالنى ئالغان :

1957 ـ يىلى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى « بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش » فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كىشىلەرنى كەڭ كۆشادە سۆزلەشكە چاقىردى. بۇ بىر چاقىرىق مەملىكەت مىقياسىدا كۆچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى، ئادەتتىكى پۇقرالاردىن تارتىپ زىيالىيلارغىچە بولغان سان ـ ساناقسىز جۇڭگولۇق ئۆزلىرىنىڭ غەملىرىنى ۋە نارازىلىقلىرىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما بۇ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن باشلانغىنى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى بولدى. «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش » ھەرىكىتى داۋامىدا ئۆز نارازىلىقلىرىنى بايان قىلغان زور بىر تۈركۈمدىكى كىشىلەر بۇ ھەرىكەتتە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. 1957 ـ يىلىدىكى بۇ ھەرىكەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن نۇرغۇنلىغان جۇڭگولۇقلار «توخۇنى بوغۇزلاپ مايمۇننى چۆچۈتكەندەك »لا دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قالدى.

1986 ـ يىلى، يەنى «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش » فاڭجېنى ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىغا 30 يىل تولغان چاغدا جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى گېزىتلەر خاتىرىلەش ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى، بۇ بىر فاڭجېنىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن جىددىي ۋە ئەستايىدىل تۇردە داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەندەك قىلدى.

## 8. جۇباجىېنىڭ مايمۇن پادىشاھنى جىلە قىلىشى

سۇن ۋۇكۇڭ ئاق سۆڭەك ئالۋاستىغا ئۇدا ئۈچ مەرتە زەربە بەرگەندىن كېيىن ئۇستازى تاڭ سېڭ تەرىپىدىن خۇاگوشەن تېغىغا ھەيدىلىپتۇ. سۇن ۋۇكۇڭ يولغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۇستازىغا ئۈچ قېتىم تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ ـ دە، شاشىڭغا: «ئۇستازنى قاچانكى ئالۋاستىلار تۇتۇۋالغۇدەك بولسا، سەن ئاكاڭ سۇن ۋۇكۇڭنى ئۇنىڭ چوڭ شاگىرتى دېگىن، كۇنپېتىشتىكى تۇكلۇك ئالۋاستىلار مېنىڭ بىكىستىمنى ئاڭلىغان، شۇڭا ئۇستازىمغا چېقىلىشقا پېتىنالمايدۇ » دەپتۇ ـ دە، بىرلا مۇللاق ئېتىپ

بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كېتىپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي، تاڭ سېڭ سېرىق چاپانلىق ئالۋاستىلارنىڭ سېھرى بىلەن بىر شىرغا ئايلاندۇرۇلۇپ قەپەسكە سولىنىپتۇ. بۇنىڭغا شاگىرتلىرىنىڭمۇ ئامالى بولماپتۇ، ئاق ئات جۇباجىيىگە چاپسان بېرىپ سۇن ۋۇكۇڭنى چىللاپ كېلىپ ئۇستازىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئېيتىپتۇ.

جۇباجىي سۇن ۋۇكۇڭنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇستازىنىڭ سۇن ۋۇكۇڭنى سېغىنىپ قالغانلىقى ھەققىدە يالغان ئېيتىپتۇ ۋە: «سېنى چىللاپ كېلىشكە ئۇ مېنى مەخسۇس ئەۋەتتى» دەپتۇ.

ئەمما، سۇن ۋۇكۇڭ جۇباجىينى يېتىلەپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ گۈزەل پادىشاھلىقىنى ساياھەت قىلدۇرۇپتۇيۇ، قايتىش مەسىلىسى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قويۇپتۇ. جۇباجىي يالۋۇرۇپ - يېلىنىپ بېقىپتۇ، ئۇ يەنىلا بۇنىڭغا قوشۇلماپتۇ.

جۇباجىي سۇن ۋۇكۇڭنىڭ مىجەزىنى ئوبدان چۈشىنىدىكەن. ئۇنى زورلاشمۇ قولىدىن كەلمەيدىكەن، شۇڭا ئۇ ئامالسىز تاغدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۈچ - تۆت چاقىرىم يول ماڭمايلا كەينىگە بۇرۇلۇپ سۇن ۋۇكۇڭنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىلى تۇرۇپتۇ. ئوغرىلىقچە ئەگىشىۋالغان ئۇششاق مايمۇنچاقلار بۇ ئاھانەتلەرنى ئاڭلىۋېلىپ دەرھال سۇن ۋۇكۇڭغا مەلۇمات يەتكۈزۈپتۇ. غەزەپتىن يېرىلاي دېگەن سۇن ۋۇكۇڭ مايمۇنچاقلارغا جۇباجىينى باغلاپ كېلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. جۇباجىي يالغان سۆزلەشنىڭ ئەمدى كېرەككە كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ بۇ سەپەرنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى سۇن ۋۇكۇڭغا دەپ بېرىپتۇ. سۇن ۋۇكۇڭ:

— سەن كالۋانى نېمە دېسەم بولار، مەن خوشلاشقاندا ئالۋاستىلار ئۇستازنى تۇتۇپ كەتسە مەن ۋۇكۇڭنى ئۇنىڭ چوڭ شاگىرتى دەڭلار دېمىگەنمىدىم. سىلەر نېمىشقا ئۇ گەپنى قىلمىدىڭلار؟ دەپ سوراپتۇ.

جۇباجىي ئۇنى تەكلىپ قىلغىنىمدىن كۆرە جىله قىلغىنىم تۈزۈك دەپ ئويلاپتۇ - دە ئۇنى جىله قىلغىلى تۇرۇپتۇ:

— ئاغا، سىنىڭ گېپىڭنى قىلمىساق بوپتىكەن، سىنىڭكى گېپىڭ چىققان ھامان بالاغا قالدۇق ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. سۇن ۋۇكۇڭ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قانداق دېدىڭلار؟

— مەن: ھەي جىن - شاياتۇنلار، سىلەر ھۆرمەتسىزلىك قىلماڭلار، ئۇستازىمغا زىيانكەشلىك قىلماڭلار، مېنىڭ يەنە سۇن ۋۇكۇڭ دەيدىغان بىر چوڭ ئاغام بار. ئۇنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق، جىن - ئالۋاستىلارنى بوي ئەگدۈرۈشكە ماھىر، ئۇ قايتىپ كېلىپ قالسا ئۆلۈۋالاي دېسەڭلەرمۇ كىرىدىغانغا بىرەر گۆر تاپالمايسىلەر، دېدىم. ئۇ ئالۋاستىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپلا تېخىمۇ بەكرەك چىچاڭشىپ كەتتى ۋە ئاغزىنى بۇزۇپ سىنى تىللىغىلى تۇردى. ئۇلار: سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن نېمىكەن ئۇ، مەن تېخى ئۇنىڭدىن قورقامدىمەن، ئۇ كېلىپ قالسا تېرىسىنى سويىۋېلىپ، پەيلىرىنى سۇغۇرۇۋالىمەن، سۆڭەكلىرىنى غاجىلاپ، يۈرىكىنى يەيمەن، ئۇ ئورۇق بولسا بولۇۋەرسۇن، يامىنى كەلسە گۆشىنى توغراپ مايغا مىلەپ يېۋېرىمەن، دېيىشتى.

— مېنى بۇنداق تىللايدىغان كىمكەن ئۇ! — سۇن ۋۇكۇڭ بۇ گەپنى ئىشىتىپ ئاچچىقىدىن چېكىسىنى، ئېڭەكلىرىنى تاتىلىغىلى تۇرۇپتۇ. يېرىلغۇدەك بولۇپ سەكرەپ كېتىپتۇ. جۇ باجيې يەنە مۇنداق دەپتۇ:

— ئاغا، ئاچچىقلانمىغىن، ھېلىقى سېرىق چاپانلىق ئالۋاستى سىنى تىللىغىلى تۇرغاندا ساڭا ئېيتىپ بېرەرمەن دەپ يادلىۋالغانىدىم.

سۇن ۋۇكۇڭ تېرىكىپتۇ. ئۆڭكۈرگە قايتىپ كىرىپ ئۈستىباشلىرىنى يەڭگۈشلەپتۇ - دە، جۇباجيې بىلەن بىللە خۇاگوشەن تېغىدىن جۆنەپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، جۇباجيې «سانغۇننى جىلە قىلىش تەدبىرى» نى قوللىنىپ سۇن ۋۇكۇڭنى تاغدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا باشلاپ چىقىپتۇ ۋە ئۇستازىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى مېڭىپتۇ.

بۇ رېئال تۇرمۇشتا كۈندە دېگۈدەك ئۇچراپ تۇرىدىغان ئون ئۈچىنچى تەدبىرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان «سانغۇننى جىلە قىلىش»

تەدبىرى، يەنى «سەردارنى جىلە قىلىش» ئۇسۇلى.

«سانغۇننى جىلە قىلىش تەدبىرى» (يەنى قۇۋلۇق، ئەپچىللىك بىلەن چىچاڭشىتىش) قوللىنىلغان ئوبيېكتى ھامان ھېسسىياتتا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا تەكلىپ قىلىنسىمۇ، مەسلىھەت بەرسىمۇ قوبۇل قىلىشى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى قىلىپ سالىدۇ. تەدبىر ئىشلەتكۈچى رەقىبىنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان ھاكاۋۇرلۇقىنى ئۆرلىتىپلا قالماي، بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ. خۇددى بېيجىڭ داشۆسىدىكى بىر تارىخچىنىڭ ئېيتقىنىدەك، رەقىبىنى ئۆزى ھەممىگە قادىر دېگەن ھېسسىياتقا كەلتۈرگىلى، شۇنداقلا ئۇنى باشقىلارنى بويسۇندۇرغۇدەك قۇدرىتى بارلىقىنى ھېس قىلدۇرغىلى بولىدۇ. تەدبىر ئىشلەتكۈچى رەقىبىنىڭ غەزەپ تۇيغۇسىنى، نومۇس تۇيغۇسىنى، غۇرۇر تۇيغۇسىنى، ئىچى تارلىق تۇيغۇسىنى، مەستلىكى كېلىش تۇيغۇسىنى ئويغىتالايدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ھاياجانلىنىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان ئوبيېكتى سانغۇننى جىلە قىلىش ھىيلىسىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالىدۇ. ئۇ تەدبىر ئىشلەتكۈچى تەرىپىدىن بۇرنىدىن يېتىلىپ مېڭىپ، تەدبىر ئىشلەتكۈچىگە پايدىلىق بولغان ئىشنى ئورۇندايدۇ.

## 9. مىس قوشقاچ پەشتىقى

سىناۋ ساۋنىڭ چوڭ قوشۇنى چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىپتۇ. شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ كۆپ سانلىق ئەمەلدارلىرى يارىشىپ قېلىشنى تەشەببۇس قىلىپتۇ. ئەمەلدارلىرى بولسا قەتئىي تاقابىل تۇرۇشنى قۇۋۋەتلەپتۇ. ۋۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى سۈن چۈەن ئارىسالدى بولۇپ قاپتۇ. سۈن چۈەننىڭ ئاتىسى سۈن سې قازا قىلىش ئالدىدا ئۇنىڭغا «بىر قارارغا كېلەلمىسەڭ جۇ يۈدىن سورا» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىكەن. ۋەسىيەتكە ئاساسەن سۈن چۈەن جۇ يۈنى چاقىرتىپ كېڭەش قىلىپتۇ ۋە ئۇرۇشۇش ياكى يارىشىش توغرىسىدا جۇ يۈنىڭ قارار چىقىرىشىنى تەلەپ قىلىپتۇ.

جۇگې لياڭ دەل مۇشۇ چاغدا شەرقىي ۋۇ بەگلىكىگە يېتىپ كې-

لىمىپتۇ . ئۇنىڭ مەقسىتى شەرقىي ۋۇ يەگلىكى بىلەن بىرلىشىپ ساۋساۋغا تاقابىل تۇرۇش ئىكەن. چۈنكى ، شەرقىي ۋۇ بەگلىكى ساۋ ساۋغا تەسلىم بولۇپ قالسىلا ساۋ ساۋ ئۆزىنىڭ بۇ ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ ھەممە يەرگە خوجايىن بولىۋالىدىكەن ـ دە ، ليۇ بېيىنىڭ خەن جەمەتىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇش ئارزۇسى كۆپۈككە ئايلىنىپ كېتەتتىكەن . شۇڭا ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى چوڭ ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن .

جۇگې لياڭ دەسلەپتە ساۋ ساۋغا بىرلىشىپ قارشى تۇرۇش ئىشىنى جۇ يۈگە لۇ سۇ ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانىكەن . ئەمما جۇ يۈ ئۆزىنىڭ ساۋ ساۋ بىلەن قارشىلىشىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ :

ــ ساۋ ساۋنىڭ تەگرىنىڭ ئەركىسى دېگەن نامى بار ، ئۇنى توسىۋالغىلى بولمايدۇ . قۇدرىتى چوڭ ، ئۇنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقۇچىلار يېڭىلىدۇ ، تەسلىم بولسا ئامان قالىدۇ ، ــ دەپتۇ .

لۇ سۇ بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيران بولۇپ :

ــ تەقسىرىم ، بەك ئوسال گەپ قىلىۋاتىدىلىغۇ ، دەريانىڭ شەرقىدە 300 يىلدىن بېرى باشقۇرۇپ كەلگەن بۇ ئىگىلىكنى نېمىدەپ باشقىلارغا تاشلاپ بەرگۈلۈك ؟ سانغۇن قانداقلارچە بۇنداق بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدىلا ؟ ــ دەپتۇ .

جۇ يۈ جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ :

ــ دەريانىڭ شەرقىدە ئالتە ۋىلايەت بار ، بۇ يەردە ياشايدىغانلار سان ـ ساناقسىز ، ئۇلار ئۇرۇش ئاپىتىگە ئۇچرىسا ، جەزمەنكى مەندىن ئاغرىنىدۇ . شۇڭا تەسلىم بولۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم .

لۇ سۇ مۇنداق دەپتۇ :

ــ ئۇنداق بولمايدۇ ، سانغۇن قەھرىمان ئادەم ، شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ مۇداپىئەسى مۇستەھكەم ، ساۋ ساۋ قانداقمۇ بۇ يەرگە تېگەلەيدۇ ؟

بۇ ئىسكىيلەن تالىشىۋېرىپتۇ . جۇگېپ لياڭ بولسا بىر تەرەپتە قول قوشىتۇرۇپ سوغۇق كۈلۈپ تۇرۇۋېرىپتۇ . جۇ يۈ ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق كۈلۈۋاتقىنىنى سوراپتۇ . جۇگېپ لياڭ جاۋاب بېرىپ :

— مەن باشقىلار ئۈستىدىن كۈلمىدىم ، پەقەت لۇ سۇنىڭ پەمسىز-لىكىدىن كۈلۈۋاتىمەن ، — دەپتۇ .

لۇ سۇ سوراپتۇ :

— ئەپەندىم ، نېمىدەپ مېنى پەمسىز ھېسابلايدىلا ؟

جۇگېپ لياڭ دەپتۇ :

— جۇ يۈ جانابلىرى ساۋ ساۋغا تەسلىم بولسا نېمىشقا بولمايدىكەن ؟

جۇ يۈ دەپتۇ :

— جۇگېپ لياڭ پەم - پاراسەتلىك ئادەم ، ئۇ ماڭا ھېسداشلىق قى-لىدۇ .

لۇسۇ دەپتۇ :

— جۇگېپ لياڭ ، سىلى نېمىشقا مۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىلا ؟

جۇ گېپ لياڭ دەپتۇ :

— سانغۇن جانابلىرى ساۋ ساۋغا تەسلىم بولسا خوتۇنىنى ساقلاپ قالالايدۇ ، راھەت - پاراغەت كۆرىدۇ ئەمەسمۇ ...

لۇسۇ غەزەپلىنىپ مۇنداق دەپتۇ :

— نېمىدەپ جانابلىرىنى تىز پۈكۈپ ئوغرىلارنىڭ قولىدا خورلانسۇن دەيدىلا !

جۇگېپ لياڭ مۇنداق دەپتۇ :

— مۇنداق بىر تەدبىر بار ، بۇ تەدبىرنى قوللىنىشقا سوۋغا - سالام كۆتۈرۈپ يۈرۈپ چارچاش كەتمەيدۇ ، يەر - زېمىنىنى ئۆتۈنۈپ بېرىپ ، مۆھۈرنى تەقدىم قىلىش كەتمەيدۇ ، شەخسەن ئۆزلىرى دەريادىن ئۆتۈشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق . پەقەت بىر ئەلچى بىلەن يەنە ئىككى ئادەمنى

قولۋاقتا ئولتۇرغۇزۇپ دەريا يۈزىگە چىقارساقلا بولىدۇ. ساۋ ساۋ بۇ ئىككى ئادەمنى قولغا كەلتۈرەلىسىلا ئۇنچە كۆپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ساۋۇت-دۇبۇلغىلىرىنى چۆرۈۋېتىپ، تۇغ-ئەلەملىرىنى چۈشۈرۈپ چېكىنىپ كېتىدۇ.

جۇ يۈ ئالدىراپ سوراپتۇ:

— ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرەلەيدىغان قانداق ئىككى ئادەم ئۇ؟

جۇگې لياڭ دەپتۇ:

— بۇ ئىككى ئادەمنىڭ دەريانىڭ شەرقىغە كېتىشى خۇددى چوڭ دەرەختىن بىر تال يوپۇرماق ئۈزۈلۈپ چۈشكەندەك، قازناقتىن بىر تال دان يوقالغاندەكلا بىر ئىش. ئەمما ساۋ ساۋ ئۇلارغا ئېرىشسە خۇشال-خۇرام قايتىپ كېتىۋېرىدۇ.

جۇ يۈ يەنە جىددىيلىشىپ سوراپتۇ:

— قانداق ئادەمنى چىقىرىپ بېرىمىز؟

جۇگې لياڭ مۇنداق دەپتۇ:

— يېقىندا لۇڭجۇڭدا تۇرۇۋاتقان چېغىمدا ساۋ ساۋنىڭ جاڭخېدا مىس قۇشقاچ راۋىقى دەيدىغان ناھايىتى كۆركەم بىر راۋاق ياسىتىپ، يەر-يۈزىدىكى ھەممىۋا ساھىبجامالىلارنى شۇ يەرگە توپلىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. ساۋ ساۋ ئەزەلدىن خوتۇنباز ئادەم، ئۇ دەريانىڭ شەرقىدىكى چياۋ گوڭ دېگەن ئادەمنىڭ ئىككى قىزى بارلىقىنى، چوڭىنىڭ ئىسمى داچياۋ، كىچىكىنىڭ ئىسمى شياۋچياۋ ئىكەنلىكىنى؛ ھۆسنى-جامالدا تەڭداشسىز، خۇددى گۈل غۇنچىدەك رەڭگى-رۇخسارلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغىلى ئۇزۇن بولغانىكەن. شۇڭا ساۋ ساۋ، بىرىنچى ئارزۇيۇم يەر-جاھاننى تىنچىتىپ پادىشاھ بولۇش، ئىككىنچى ئارزۇيۇم دەريانىڭ شەرقىدىكى ئىككى چياۋنى قولغا كەلتۈرۈش. ئۇلارنى مىس قۇشقاچ راۋىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈش، ئەگەر مۇشۇلارنى ئىشقا ئاشۇرسام، ئۆلسەممۇ ئارمانىم يوق، دەپ قەسەم قىلىپتۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ سان-ساناقسىز لەشكەر بىلەن دەريانىڭ

جەنۇبىغا تىكلىنىپ ياتقىنى بىلەن ئۇنىڭ مەقسىتى ئاشۇ ئىككى چياۋنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر . سانغۇن جانابلىرى نېمىشقا چياۋ گۇگىنى ئىزدەپ تېپىپ بىر جۈپ قىزنى ھەر نېمە كەتسىمۇ سېتىۋېلىپ ساۋ ساۋغا ئەۋەتىپ بەرمەيدىلا ، ساۋ ساۋ بۇ بىر جۈپ قىزغا ئېرىشكەن ھامان چىن كۆڭلىدىن رازى بولىدۇ ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ چېكىنىپ كېتىدۇ . سانغۇن جانابلىرى چاپسان تۇتۇش قىلغايلا .

— ساۋ ساۋنىڭ بۇ ئىككى قىزغا ئېرىشىشنى ئويلايدىغانلىقىنى قانداق ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىلا ؟ — سوراپتۇ جۇ يۈ .

جۇگې لياڭ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ :

— ساۋ ساۋنىڭ ساۋجى دەيدىغان بىر ياش ئوغلى بار، ئۇنىڭ ئىسمى زىجيەن . بۇ ئوغۇل قولىغا قەلەم ئالسىلا شېئىر - نەزمە يازالايتتى . ساۋ ساۋ « مىس قۇشقاچ راۋىقىغا نەزىرە » دەيدىغان بىر نەزمە يازدۇرغان . نەزمىدە مەن يەر - زېمىننى بىرلەشتۈرۈپ تەگرىنىڭ ئەركىسى بولىمەن ، چياۋ فامىلىلىك ئىككى قىزنى ئېلىشقا قەسەمياد قىلىمەن ، دېيىلگەن . پېقىر بۇ نەزمىنىڭ گۈزەللىكىنى ياقتۇرىمەن . داۋاملىق ئېسىمدە ساقلايمەن .

— قېنى بىر يادلاپ باقمامدىلا ، — دەپتۇ جۇ يۈ ئۇنىڭغا .

جۇگې لياڭ « مىس قۇشقاچ راۋىقىغا نەزىرە » نى دەرھال يادلىغىلى تۇرۇپتۇ . بۇ ئۇزۇن نەزمىدە ساۋ ساۋنىڭ يەر - جاھاننى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىنكى روھى ۋە « مىس قۇشقاچ راۋىقى » غا چىقىپ ھۇزۇر - ھالاۋەت كۆرۈش ھېسسىياتى ئەكس ئەتكەن . جۇگې لياڭ نەزمىنى يادلاپ كېلىپ « ئىككى راۋاق ياسايمەن سولغا ، ئوڭغا ، باردۇر قاشتېشى ئەجدىھا ۋە ئالتۇن سۇمۇرغ ئۇندا . شەرق - جەنۇبنى تۇتاشتۇرار « ئىككى كۆۋرۈك » . ئۇندا باردۇر راھەت - پاراغەت ماڭا ... » دېگەن مىسرالارنى ئالاھىدە ئۇرغۇلۇق ئوقۇپتۇ .

جۇ يۈ بۇ نەزمىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق غەزەپكە كېلىپتۇ ۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ شىمال تەرەپنى كۆرسىتىپ تىللاپتۇ .

— قېرى ئوغرى مېنى مۇشۇنداقمۇ بوزەك قىلامدۇ !

جۇگې لياڭ بىر چامداپلا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپتۇ ـ دە، نەسىھەت قىلىپ دەپتۇ:

— ئۆتمۈشتە تەڭرىقۇت چېگرىغا بىرقانچە قېتىم پاراكەندىچىلىك سالغاندا خەن پادىشاھى مەلىكىسىنى خوتۇنلۇققا بېرىپ قۇدا بولغان. بۈگۈن ئىككى قىزنىڭ قىلمايدىغان نېمىسى بار؟

جۇ يۈ دەپتۇ:

— جانابلىرى بەلكى ئۇقمىسىلا كېرەك، داچياۋ دېگىنى سۈن سې سانغۇننىڭ چوڭ خوتۇنى، شياۋچياۋ دېگىنى بولسا كەمىنە جۇ يۈنىڭ رەپىقىسى بولىدۇ!

جۇگې لياڭ ھەيران قالغان قىياپەتتە كىرىشىپتۇ ـ دە:

— كەمىنىلىرى بۇنى راستىنلا ئۇقمايدىكەنمەن، ئېغىزىمنى قويۇۋېتىپ، ئاغزىمغا كەلگەننى دەۋېرىپتىمەن. مەن ئۆلەي، مەن ئۆلەي ...، — دەپتۇ.

جۇ يۈ يېرىلغۇدەك بولۇپ:

— مەن ئۇ ئوغرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايمەن! — دەپتۇ.

بۇ ھېكايە «ئۈچ دۆلەت ھەققىدە قىسسە» دېگەن كىتابتا ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە ساۋ ساۋ راستىنلا بىر «مىس قۇچقاچ راۋىقى» ياساتقان. ئەمما جۇگې لياڭ يادلاپ ئوقۇغان «مىس قۇشقاچ راۋىقىغا نەزىرە» دېگەن بېيىتتىكى «ئىككى چياۋ» دېگىنى ئەسلى تېكىستتە «ئىككى كۆۋرۈك» ئىدى. ئۇ «مىس قۇشقاچ راۋىقى» ئارىسىدىكى ئىككى كۆۋرۈكنى كۆرسەتتى. جۇگې لياڭ بۇ ئىككى خەتنىڭ ئاھاڭداشلىقىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ ئۇنى بۇرمىلىغان ۋە بۇ ئارقىلىق ساۋ ساۋنىڭ سۈن سې ۋە جۇ يۈنىڭ خوتۇنلىرىنى تارتىۋالماقچى بولغانلىقىغا پاكىت قىلىپ كۆرسەتكەن. راست گەپنى قىلغاندا ئۇنىڭ «ئىككى چياۋ» نىڭ زادى قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئەلۋەتتە بىلەتتى. ئۇ بۇ چارىنى ئىشلىتىپ جۇ يۈنى جىلە قىلغان ۋە گەپ ئەگىتىپ يۈرۈپ ئۆزمەقسىتىگە يەتكەن، يەنى جۇ يۈنى ساۋ ساۋغا قارشى ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش قارارىغا كەلتۈرگەن.

## 10 . توشقاننىڭ ھىيلە ئۆگىنىشى

تەگرى ئالدىغا بېرىپ شوخ توشقان ،
دەپتۇ: ئەي ، ماڭا تەدبىر ئاتا قىل .
تەگرى ئېيتىپتۇ : تەدبىر ئۆگەنسەڭ،
ساڭا شەرتىم بار ، تۆگەل ئادا قىل !

ماڭا ئەكېلىپ بەر بىر ئۈزۈن يىلان ،
تىرىك بولسۇن ئۇ ، مىدىرلاپ تۇرسۇن .
ماڭا ئەكېلىپ بەر شۇنداق بىر كوزا ،
كالا سۈتى ھەم ئاڭا لىق تولسۇن .

ماڭا ئەكېلىپ بەر بىر يوغان كاۋا ،
تولدۇر ئۇنىڭغا لىقمۇ لىق چىۋىن .
يەنە ئەكېلىپ بەر شۇنداق بىر كاۋا ،
ئىچىگە تولدۇر كۈمۈت ـ پاشىدىن .

تەييارلاپ بولۇپ ئەنە شۇلارنى ،
ئەكەل ئوۋچىنىڭ ئىتىدىن بىرنى .
ئورۇندىساڭ گەر دېگەنلىرىمنى
تەقدىم قىلاي ساڭا ھىيلىنى .

تەگرى ئالدىدىن ئۇزاپتۇ توشقان ،
يوغان كاۋىدىن بىرنى ھاپاشلاپ .
سۇدا ياتقان بىر كالىنى كۆرۈپ ،
تولدى ، تولمىدى ، دەپتۇ يېنىشلاپ .

— نېمە دەيسەنوي توشقانچاق بالا،
دەپتۇ، سوراپتۇ شۇئاندا كالا.
— ئەمچەكلىرىڭنىڭ ساغسام بېرىنى
كاۋامنىڭ ئىچى تولمايدۇ يەنە.

كالا دەپتۇ - دە، توختاپتۇر بىلسەڭ،
سەن دېگەندەكلا بولماس ھەممە ئىش.
توشقۇزۇپتۇ - دە كاۋىنى توشقان،
سېغىۋېرىپتۇ كالىنى مىچ - مىچ.

يېيىپ شۇ ھامان كاۋىنى ھىملاپ،
چىۋىنجانلارنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ.
— توشتى، توشمىدى، توشتى، توشمىدى —
دېگەن گەپلەرنى يېنىشلاپ دەپتۇ.

— ئەي توشقان ئاكا، غۇدۇڭشىپ كەتتىڭ،
ئېيتقىنا نېمە گەپلىرىڭ باردۇر؟
— كاۋام شۇ تاپتا دەيدۇ، چىۋىنلەر —
كىرسە ئىچىمگە قانداق بولادۇر؟

چىۋىنلەر راسا ۋىڭ - ۋىڭ قىلىشىپ،
كاۋا ئىچىگە ئۇچۇپ كىرىپتۇ.
يولىغا يەنە جۆنەپتۇ توشقان،
كاۋا ئاغزىنى چىڭلاپ يېپىپتۇ.

كۇمۇت - پاشىنى كۆرۈپلا ئەمدى،
— تولغاي، تولمىغاي، — دەپتۇ يەنە ئۇ.
— ئەي توشقان ئاكا نېمە ئەرزىڭ بار،
قېنى ئېيتقىنا بىزلەرگە دەپتۇ.

دەيدۇ سىلەرگە كاۋام مېنىڭكى ،
پۈتۈن پاشىلار ئۇچۇپ گەر كىرسە .
تولمىغاي ئىچىم ، تولمىغاي ئىچىم ،
مۇشۇ ئەرزىمنى پاشىلار بىلسە .

قېنى توشقانجان قاراپ باقايلى ،
تولدۇرايلى بىز كاۋاكنى كېرىپ .
جۆنەپتۇ يەنە بۇ يەردىن توشقان ،
كاۋىنىڭ ئۇ ئاغزىنى يېپىپ .

بېرىپتۇ شۇئان دەرەخ يېنىغا ،
ئوشتۇپتۇ بىر تال ئۇزۇن شېخىنى ،
دەپتۇ يىلانمۇ : يېنىمىزغا سەن —
تاشلاپ قويغانسەن ئەمدى نېمىنى ؟

دەپتۇ توشقانجان : تەگلىشىپ كۆرسەڭ ،
ئۇزۇنلۇقۇڭ ھېچ يەتمەيدۇ شاخقا .
— قاراپ تۇرغىن سەن دەپتۇ يىلانمۇ ،
بىلمەمدۇق ياكى سىناپ بېقىپلا .

يىلان شۇ ھامان قىلتاقتا چۈشۈپ ،
يېتىپتۇ بويلاپ شاخنى سوزۇلۇپ .
باغلاپ يىلاننى شاخ بىلەن قوشۇپ ،
كېتىپتۇ توشقان يىلاننى يۈدۈپ .

ئىتنىڭ ئىزىنى ئىزلاپ مېڭىپتۇ ،
ئۇچراپتۇ ئىتمۇ يولدا توساتتىن .
دەپتۇ ئىت : يۈدۈپ شۇنچە نەرسىنى ،
نەلەرگە ماڭدىڭ سوراي مەن سەندىن .

جاۋاب بىرىپتۇ : توشقان ھەي ئىتجان ،
يۈرگىنى كەينىمدىن ئەگەشكىنى ماڭا .
ئۇبدان غىزانى يېگەيسەن بىلسەڭ ،
يولدا يېتىپتۇ ئۆلگەن بىر كالا .

— راستمۇ دېگىنىڭ ، سوراپتۇ ئىتمۇ ،
— ئەزبىرايى راست دەپتۇ توشقانجان.
— مېنى يۇدۇۋال ئەي ئىت ئادىشىم ،
— يۇدسەم يۇدەي دەپتۇ ئىت شۇئان .

ئىتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بوينىدىن ،
سىيرتماق سېلىپلا باغلىۋاپتۇ ئۇ .
سىغماي قاپتۇ ـ دە شادلىق ئىچىگە ،
ناخشىنى ھەم باشلىۋاپتۇ ئۇ .

— تەگرىم دېگەنكى ، كالا سۈتى تاپ ،
ئۇ دېگەن سۈتنى تاپتىمغۇ مانا .
تەگرىم دېگەنكى ، چىۋىن كاۋا تاپ ،
ئېلىپ كەلدىمكى كاۋىنى يەنە ،

— تەگرىم دېدىكى پاشا بىلەنلا،
تولغان كاۋىنى يەتكۈزگىن ماڭا .
سوۋغا قىلىپ مەن كۆتۈرۈپ كەلدىم ،
پاشىلارنى لىق سولاپ كاۋىغا .

ئۇلۇغ تەگرىم ھەم تاپشۇرغان ماڭا ،
تۇتۇپ كەلگىن دەپ بىر تىرىك يىلان .
يىلان دېگەنمۇ مانا ئېلىكىمدە ،
تەگرىگە تۇتقان سوۋغىتىم ئۇبدان .

تەڭرىم دېگەنكى ، تۇتۇپ كەل ئىت دەپ ،
ئىت دېگەننىمۇ تۇتتۇم ئاسانلا .
توشقانجاننىڭ بۇ گېپىنى ئىتمۇ ،
ئاڭلاپتۇ ۋە ئۇ دەپتۇ ئاستىلا:

— تىلىڭغا ئالدىڭ ئىت دەپ ھېلىلا:
چۈشەنمەي قالدىم ناخشاڭنى بىزە .
توشقان دەپتۇكى ، سورايسەن نېچۈن ،
ئالاقىسى يوق گەپنى ئۆزۈڭگە ،

ئىتتىك ماڭايلى ، دەپتۇ ئۇ يەنە ،
ناخشىنى ھەم توۋلاپتۇ راسا .
مېڭىپتۇ ئۇلار ، يۈگۈرۈپتۇ ئۇلار ،
كېلىپمۇ قاپتۇ تەڭرى ئالدىغا .

كېلىپلا توشقانجان جىمى سوۋغاتنى ،
تاپشۇرۇپتۇ ھەم ئاڭا قوش قوللاپ .
تەڭرى دەپتۇ: قويۇپ سوۋغاتنى —
ماڭا ، يوقالغىن بۇ يەردىن تاقلاپ .

«پارت» قىلىپ يۈگۈرۈپ ، دۈمچەك توشقانجان ،
سەكرەپ تاقلاپ ھەر يولغا چۈشۈپتۇ .
«مانا» — دەپتۇ — دە ، تەڭرى ئۇنىڭغا ،
نېمىنىدۇ ھەم تاشلاپ بېرىپتۇ .

توشقان توختاپتۇ ، لېكىن ئۇ نەرسە ،
ئۇچۇپ ئاسماندا بولۇپتۇ غايىب .

ھاڭ ـ تاڭ بولۇپتۇ توشقان شۇئاندا،
تەڭرى سۆزلەپتۇ ئۇنىڭغا كايىپ :

ـــ گەر ساڭا بەرسەم تەدبىرنى يەنە ،
ئاڭلا ئەي توشقان قۇلاقنى دىڭلاپ .
چۈشەرسىكىڭ ھەم ئەجەب ئەمەسكەن،
مېنىمۇ بەلكى تەختىمدىن قوغلاپ ...

بۇ شەرقىي ئافرىقا رايونلىرىدا كەڭ تارقالغان مەسەل . بۇ مەسەلدە ، توشقان تەدبىر ـ ھىيلە جەھەتتىكى بىلىملىرىنى ئاشۇرۇپ ، باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئەقىلگە ئىگە بولۇپ ھەممە ھايۋانلاردىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەڭرىنى ئۇستاز تۇتماقچى بولىدۇ . تەڭرى ئۇنى «ئورۇنداش مۇمكىن بولمايدىغان» بىرمۇنچە ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ كېلىشكە بۇيرۇيدۇ . ئەمما توشقان ھەر خىل ھىيلە ـ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، بۇ قىيىن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ قايتىدۇ . ئۇ ھەر قېتىم ھەرخىل گەپلەرنى قىلىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ ۋە ئۇلارنى گەپ قىلدۇرىدۇ . گەپ رەسمىي تېمىغا كۆچكەن ھامان ئۇ «سانغۇنني جىلە قىلىش » تەدبىرىنى ئىشلىتىپ قارشى تەرەپنىڭ غۇرۇرىنى قوزغايدۇ . قارشى تەرەپ توشقان قىلىشقا مۇمكىن بولمايدۇ دېگەن ئىشنى قىلىشقا مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ھامان توشقاننىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ كەتكەن بولىدۇ .

تەڭرى ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا بېشىنى سىلىپ ئالغا قاراپ يۈگۈرۈش ۋەزىپىسىنى بېرىدۇ ، ئاندىن كېيىن تەڭرى قانداقتۇر بىر نەرسىنى توشقانغا تاشلاپ بېرىدۇ . ئۇ نەرسىنىڭ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان شەپىسىنى ئاڭلىغان توشقان قەدىمىنى توختىتىپ قارايدۇ . بىراق بۇ تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش ئىدى ، ئەمما ئۇ شۇ توختاش بىلەن ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان زەربىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ . شۇنداقتىمۇ ، بۇ

ئافرىقا تەگرىسى توشقانغا يەنە تەدبىر ــ ھىيلە ئۆگىتىپ قويۇشنى باش تارتىپتۇ. چۈنكى توشقان تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىۋالسا تەگرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالاتتى، بۇ تەگرى ئۈچۈن خەۋپلىك ئىدى، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇ مەسىلىدە يەنىلا تەگرى بارلىق تەدبىر ــ ھىيلىلەرنىڭ خوجايىنى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن.

ئالبېرت ئېينشتېين 1921 ــ يىلى 5 ــ ئايدا پرونسونغا:«خۇدا پەم ــ پاراسەتكە باي، ئەمما ئۇ ھەرگىز قۇۋ ئەمەس» دېگەن بىر ئېغىز گەپنى قىلغانىدى. ستونگارت داشۆسى تارىخ ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى ئامىن ھورمان دوكتور 1987 ــ يىلى 9 ــ ئايدا ماڭا يازغان خېتىدە: «ئېينشتېين تەبىئەتكە چوقۇناتتى، تەبىئەتنىڭ ئادەملەشتۈرۈلگەن ئوبرازى ـــ خۇداغىمۇ چوقۇناتتى. ئۇ خۇدانى سفىنكىس دەپ بىلەتتى، ئەمما ئەزەلدىن خۇدانى قۇۋ دەپ ھېسابلىمايتتى، ئالدامچى دەپ تېخىمۇ ھېسابلىمايتتى» دەپ يازغانىدى.

## 11. «جىلە قىلىش تەدبىرى»نىڭ سۆھبەتلەردە قوللىنىشى

تەيبېيدە نەشر قىلىنغان «36 تەدبىرنىڭ مەخپىي ئۇسخىسىنىڭ شەرھى» دېگەن كىتابتا بۇ تەدبىرنى ئادەتتىكى سۆھبەتلەردە قوللىنىش تەۋسىيە قىلىنغان. بۇ كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا توختىماي ۋاتىلداپ كېتىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، بەلكى بەزى ئاددىي گەپ ــ سۆزلەر بىلەن قارشى تەرەپنى جىلە قىلىپ ئۇنى ئېغىز ئاچتۇرۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر قارشى تەرەپ توختىماي سۆزلەۋەرسە سىز مۇنازىرە خاراكتېرلىك بىرنەچچە جۈملە سۆز بىلەن ئۇنى غەزەپلەندۈرۈڭ، ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ رەددىيە بەرگىلى تۇرغاندا ئۇنىڭ گېپىدىن ئۇنىڭ ھەقىقىي كۆز قارىشىنى بىلىۋالالايسىز. ئەمما سىز ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئارىسىغا بەك ئۇزۇن بولغان مۇھاكىمە خاراكتېرلىك گەپلەرنى قىستۇرماڭ. ئۇنداق بولمىغاندا، قارشى تەرەپ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سوغۇققانلىق تەپەككۇرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالىدۇ ــ دە، كۆڭلىدىكى ھەقىقىي ئويىنى

يوشۇرۇۋالىدۇ.

بۇ يەردىكى غىدىقلاش خاراكتېرلىك بەزى سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلاشنىڭ ئۆزى «توخۇنى بوغۇزلاش» بولۇپ، قارشى تەرەپكە تەسىر كۆرسىتىش، ئۇنى تەپەككۇر قىلمايلا كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغۇزۇش بولسا «مايمۇننى چۆچۈتۈش» تىن ئىبارەتتۇر.

گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ شونبىھارد بولسا سۆھبەتلەردە بۇ تەدبىرنى قوللىنىشنىڭ يۇقىرىقىغا ئوخشىشىپراق كېتىدىغان بىر ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىختىلاپ ۋە تالاش ـ تارتىش كۆز قاراشنى مۇبالىغە قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بىز رەددىيە خاراكتېرلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ سۆھبەتدىشىمىزنى ئەسلىدە توغرا بولغان ياكى مۇۋاپىق دائىرە ئىچىدە توغرا بولغان كۆزقاراشنى ئەمەلىيەت دائىرىسىدىن ھالقىغان ھالدا كۆپتۈرۈۋېتىشكە باشلىۋېتىشىمىز لازىم. بىز بۇ كۆپتۈرۈۋېتىلگەن كۆزقاراشنى رەددىيە بىلەن بېسىپ چۈشەلىسەكلا، ئاڭلىغۇچىلارغا قارشى تەرەپنىڭ ئېپتىدائىي ئاساسلىرىنى تامامەن ئاغدۇرۇۋەتكەندەك تەسىر بېرەلەيمىز.» بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا جىلە قىلىش تەدبىرىنى قوللىنىشىمىز قارشى تەرەپنى جىلە قىلىپ چېكىدىن ئاشقان كۆزقاراشلىرىدىن ۋاز كەچتۈرۈشتىن ئىبارەت. ئاندىن كېيىن تەدبىر ئىشلەتكۈچى قارشى تەرەپنىڭ كۆزقارىشىغا ناھايىتى ئاسانلا رەددىيە بېرەلەيدۇ ياكى ئۇنى ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئادەم قاتارىغا چىقىرىۋېتەلەيدۇ.

شونبىھارد ئۆزىنىڭ «ئىررىست دىئالېكتىكىسى» دېگەن كىتابىدا «23 ئەپچىل چارە» ئۈستىدە توختالغاندا ئۇ كىشىلەرگە يەنە مۇنداق تەكلىپ بەرگەن: «شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە كۆزىمىزنى ئوبدان قوغدىشىمىز، باشقىلارنىڭ ئوخشاشمىغان پىكىرلىرىنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچراپ، ئۆز كۆزقارىشىمىزنى مۇۋاپىق دائىرىدىن ھالقىغان ھالدا كۆپتۈرۈۋەتمەسلىكىمىز كېرەك.» ئەمەلىيەتتە، رەقىبنى گەپىدىن يېڭىۋېلىشقا ئازدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن پەقەت تىل ۋاستىسىگىلا تايانغان بىلەن بولمايدۇ. بۇ ھەقتە بىز «زو چيۇمىڭ تەپسىرى» دېگەن ئەسەردە خاتىرە قالدۇرۇلغان مىلادىدىن بۇرۇنقى 625 ـ يىلى يۈز بەرگەن بىر ھېكايىنى كۆرۈپ باقايلى.

## 12. بېھۇرمەت ساھىبخان

چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى چېڭۋاڭ يۇقىرى ـ تۆۋەننىڭ نارازىلىقىغا قارىماي ، شاڭ چېننى ۋەلىئەھدلىككە تەيىنلەپتۇ . ئەمما بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ پۇشايمان يەپ قاپتۇ ۋە جىنى ۋەلىئەھدلىككە تەيىنلەپ شاڭ چېننىڭ ۋەلىئەھدلىكىنى بىكار قىلىپ تاشلاپتۇ . شاڭ چېن بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا بىر. نېمە دېيەلمەي قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇستازى فەن چۇڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، قانداق قىلغاندا بۇ ئىشنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىشكە مۇمكىن بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مەسلىھەت سوراپتۇ . فەن چۇڭ مۇنداق دەپتۇ :

— زىياپەت ھازىرلاپ جياڭ مىنى كۈتۈۋېلىڭ ، جياڭ مى بولسا پادىشاھىمىزنىڭ سىڭلىسى ، زىياپەتتە سىز قەستەنگە ئۇنىڭغا بىھۆرمەتسىز. لىك قىلغان بولۇۋېلىڭ .

شاڭ چېن بۇ تەدبىر بويىچە يول تۇتۇپتۇ . نەتىجىدە بۇ چوڭ سۆپەت ئايال ئىنتايىن غەزەپلىنىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ :

— قاملاشمىغان بىرنېمە ئىكەنسەن ، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ سېنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ جىنى ۋەلىئەھد قىلىپ تىكلىمەكچى بولغىنىدىن ئەجەبلەنمىسەك بولغۇدەك !

شاڭ چېن ئۇنىڭ بۇ گېپىنى فەن چۇڭغا يەتكۈزۈپتىكەن ، فەن چۇڭ مۇنداق دەپتۇ :

— بۇ ئىشتىن گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن.

كېيىنكى كۈنلەردە شاڭ چېن ئوردىدا سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپتۇ . چۇ پادىشاھى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ . شاڭ چېن پادىشاھلىق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۆزىنى مۇۋاڭ دەپ ئاتاپتۇ (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 625 ـ يىلىدىن 614 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.)

شاڭ چېن بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق جياڭ مىنى جىلە قىلىپ ، ئۇنى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر قىلغان .

ئەگەر بۇ تەدبىر قارىغۇلارچە قوللىنىلسا چاپىقىنى ئالمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇپتۇ دېگەنىدەك ئىش بولىدۇ . كىشىلەر ئېيتقان «ئۇخلاۋاتقان يىلاننىڭ بېشىغا دەسسەش» ، «ھەرە ئۇۋىسىغا ياغاچ تىقىش » دېگەنلەر مانا مۇشۇ مەنىدە قوللىنىلدى .

## 13 . گىراسىنىڭ ئىبرەتلىك نەسىھەتلىرىدىن

ئەيساچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىسپانىيىلىك ئەزاسى بارتاساگىدانىڭ بىر ئىبرەتلىك نەسىھەتلەر قوللانمىسى بولۇپ بۇ قوللانما تۇنجى قېتىم 1653 ـ يىلى نەشىر قىلىنغان . بۇ كىتابتىكى بىر ئابزاس سۆز بەلكى بۇ تەدبىرنىڭ بەزى مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەر . تۆۋەندىكىسى بۇ قوللانمىدىكى شونبىھارد تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بىر ئابزاس سۆز .

«مەلۇم پىلان ، فاكچىن ، بولۇپمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولمىغان نىيەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ، ئالدى بىلەن چېكىپ كۆرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك . مەلۇم بىر ئىشنى يولغا قويغىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتىن بۇرۇن باشقىلارنىڭ قانداق ئىنكاس قايتۇرىدىغانلىقىنى كۆزىتىش ، قانداق يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىش ، نېمىلەرگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئۇقۇۋېلىش لازىم . بۇنداق قىلغاندا ئۆزىگە چېكىنىش يولىنى قويۇپ قويغىلى ، تەشەببۇسكارلىقنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ . سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ، باشقىلارغا ھاجىتى چۈشۈپ قالغان ۋە قىزغىن مۇھەببەتلىشىۋاتقانلار بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىم . »

## ئون تۆتىنچى تەدبىر

# بىرىنى قۇربان قىلىپ، بىرىنى تىرىلدۈرۈش

يادرولۇق مەزمۇنى :

ئا ) يېڭى نامدىن پايدىلىنىپ ، كونا شەيئىنى تىرىلدۈرۈش . يېڭىسى ئارقىلىق كونىسىنى تىرىلدۈرۈش .

ب ) ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن شەكىللەر ئارقىلىق كونا شەيئىلەر ( كونا ئىدىيە ، كونا ئەنئەنە ، كونا ئۆرپ ـ ئادەت ، كونا ۋاسىتە ، كونا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى قاتارلىقلار ) گە يېڭى تون كىيدۈرۈپ ، ئۇنىڭدىن هازىرقى زامان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي كۈرىشىنىڭ قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىش . قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش .

س ) ئەمەلىيەتتىكى تامامەن يېڭى بولغان نەرسىگە قەدىمىي ئەمما كىشىنىڭ هۆرمىتىنى قوزغايدىغان تۈس بېرىش ، قەدىمكىگە تەقلىد قىلىش.

د) يېڭى مۇئەسسەسە ، يېڭى تۈزۈمنى كونا هەرىكەت شەكلىنىڭ قورالى قىلىش . يېڭى كىشىلەرنى كونا سىياسەتنىڭ ئىجراچىسى قىلىۋېلىش . يېڭى ئاياغ كىيىپ ، كونا يولدا مېڭىش . يېڭى شىشىگە كونا هاراق قاچىلاش ، يېڭى كىيىم كىيدۈرۈش .

ئې ) باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ، يەر ـ زېمىن تارتىۋېلىش . ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچ دائىرىسىنى تىكلىۋېلىش ، تەييار تاپلىق قىلىش .

ف ) هەر خىل ۋاسىتىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتىۋېلىش ، قايتا تۇغۇلۇش .

ئون تۆتىنچى تەدبىرنىڭ نامى ئەڭ دەسلەپ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى يۈ بوچۈەن (1271 ـــ 1368) يازغان ئەبجەش تىياتىر « تۆمۈر ھاسىلىق يۈ » دە ئۇچرايدۇ . بۇ تىياتىر مارتىن كىم باش مۇھەررىرلىكىدىكى «جۇڭگونىڭ يۈەن دەۋرى تىياتىرلىرى» دېگەن توپلامغا كىرگۈزۈلگەن . بۇ تىياتىر ئارفىلىد فورك تەرىپىدىن نېمىسچىغا تەرجىمە قىلىنغان . بۇ تەدبىرنىڭ نامى بۇ تىياتىردا ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئالتە قېتىم تىلغا ئېلىنىدۇ.

## 1. پادىچى بالىنىڭ پادىشاھ بولۇشى

ئەمىنلىك دەۋرىدە جۇڭگونىڭ كەڭ زېمىنىدا 170 نەچچە كىچىك بەگلىك بار ئىدى . ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىگە كەلگەندە بولسا يەنىلا 20 نەچچە بەگلىك بار بولدى . بۇلارنىڭ ئىچىدە چىن ، چۇ بەگلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەتتە بەگلىك ئەڭ كۈچلۈك ھېسابلىناتتى . ئۇلار جۇڭگوغا خوجا بولۇش ئۈچۈن توختىماي ئۇرۇش قىلىپ تۇراتتى . بىراق ، ئەڭ ئاخىرىدا چىن بەگلىكى باشقا بەگلىكلەرنى يېڭىپ تاشلىدى . مىلادىدىن بۇرۇنقى 223 ـ يىلىغا كەلگەندە چۇ بەگلىكىنى ئەل قىلدى . چۇ بەگلىكى ئۆز ۋاقتىدا نىسبەتەن ئېيتقاندا زېمىنى ئەڭ كەڭ بەگلىك ھېسابلىناتتى .

مىلادىدىن بۇرۇنقى 210 ـ يىلى چىن شىخۇاڭ كېسەل بىلەن ئۆلدى . ئۇنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خۇخەي پادىشاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلدى . ئۇ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش ئىچىگە غەرق بولدى ، نامرات پۇقرالارنىڭ يۈكىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى . ئۇ تەختكە چىققان تۇنجى يىلى چېن شېڭ ، ۋۇ گۇاڭلار ئەسلىدىكى چۇ بەگلىكىنىڭ زېمىنىدا باش كۆتۈرۈپ چىقتى . چېن شېڭ گەرچە مىلادىدىن بۇرۇنقى 208 ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ ئىسيانى پۈتۈن مەملىكەت پۇقرالىرىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولدى . ئەينى ۋاقىتتىكى كۈچلۈك

ئىسيانچى ئارمىيە ئۆتمۈشتىكى چۇ بەگلىكى دىيارىدىن باش كۆتۈرگەنلىكى ھەرگىز تاسادىپىي ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، چۇ بەگلىكى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلىشتىن بۇرۇن چۇ بەگلىكى خېلى كەڭ ۋە ئەركىن سىياسەت يۈرگۈزگەنىدى. ئۇنىڭدىن ئۆزگە چۇ بەگلىكىنىڭ پادىشاھى خۇەيۋاڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 299 - يىلى چىن بەگلىكىگە ئالداپ ئېلىپ بېرىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولغاچقا، چۇ بەگلىكىنىڭ پۇقرالىرى چىن بەگلىكىگە قارىتا ئىچى - ئىچىدىن ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەنىدى. بۇ نومۇس كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنىڭ قات - قاتلىرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى.

قوزغىلاڭچىلار ئارىسىدا چۇ بەگلىكلىك شياڭ لياڭ ۋە ئۇنىڭ جىيەنى شياڭ يۈلەر بار ئىدى. شياڭ لياڭ چۇ بەگلىكىنىڭ بىر داڭلىق سانغۇنىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا قوزغىلاڭچى قوشۇن چۇ بەگلىكى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ئەۋلادىنى تېپىپ ئۆزلىرىگە داھىي قىلىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. بۇنداق داھىينىڭ ئەلۋەتتە چاقىرىق كۈچى بولاتتى. ئاقىلدار فەن زېڭ شياڭ لياڭغا چۇ بەگلىكى پادىشاھ جەمەتىنىڭ ھەقىقىي ئەۋلادىدىن بىرنى تېپىپ پادىشاھلىققا كۆتۈرۈش تەكلىپىنى بەردى. بۇ ئىش ئەمەلگە ئېشىپلا قالسا شياڭ لياڭ چۇ بەگلىكىنىڭ پۇقرالىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىيالايتتى. بەلكى، ئەسلىدىكى چۇ بەگلىكى رايونىدىكى باشقا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قوللىشىنىمۇ قولغا كەلتۈرەلەيتتى.

شياڭ لياڭ بۇ تەكلىپكە ماقۇل كەلدى. تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ چۇ پادىشاھى خۇەيۋاڭنىڭ بىر نەۋرىسىنى تېپىپ كەلدى، بۇ بالىنىڭ ئىسمى شيۇڭشىن بولۇپ، پادىچىلىق قىلاتتى. ئۇ شياڭ لياڭ تەرىپىدىن چۇ بەگلىكى پادىشاھلىقىغا كۆتۈرۈلدى. چۇ خۇەيۋاڭ دېگەن نام بېرىلدى. يېڭى بىر چۇ خۇەيۋاڭنىڭ پەيدا بولۇشى چۇ بەگلىكى پۇقرالىرىنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە بولغان قارشىلىشىش كەيپىياتىنى قوزغىۋەتتى. شياڭ لياڭ، شياڭ يۈلەرنىڭ ئەسكەرلىرى شۇنىڭدىن باشلاپ كۈنسېرى زورايغىلى تۇردى. چىن سۇلالىسىگە قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئۇرۇشلاردا شانلىق جەڭ مۆۋەپپەقىيەتلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى.

بۇ بىر ھېكايىدە، چۇ خۇەيۋاڭنىڭ نەۋرىسى، پادىچى شيۇگشىن پايدىلىنىش ئوبيېكتى بولدى. چۇ بەگلىكى ئاللىبۇرۇنلا چىن بەگلىكى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتى ئاللىبۇرۇن ئاخىرلاشقانىدى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆتمۈشتىكى چۇ بەگلىكى پادىشاھ جەمەتىنىڭ قانۇنلۇق ئەۋلادى ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شياڭ لياڭ بىلەن شياڭ يۈ چۇ بەگلىكىنى قايتا تىرىلدۈرۈش ئۈمىدىنى ئۇنىڭغا باغلىدى. شۇنداق قىلىپ، 88 يىل بۇرۇن چىن بەگلىكى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن چۇ خۇەيۋاڭ قايتىدىن ھاياتقا ئېرىشتى. چۇ بەگلىكى پۇقرالىرىنىڭ چىن سۇلالىسىگە بولغان ئۆچمەنلىكىمۇ قايتىدىن ئۇرغۇپ تاشتى. شاڭ لياڭ بىلەن شياڭ يۈ ئون تۆتىنچى تەدبىرنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن چىن سۇلالىسىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭنى ئۆتمۈشتە پۇقرالارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن سۇلالىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ قانۇنلۇق كۆرۈنۈشكە ئايلاندۇرالىدى. بۇنىڭدىن ئۆزگە، 1983 ـ يىلى گۇيجۇدا نەشر قىلىنغان «36 تەدبىر توغرىسىدا ھېكايىلەر» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورلىرى بولغان جياڭ گوۋېي، جياڭ يۈگاڭلارنىڭ تەھلىللىرىگە ئاساسلانغاندا، دېھقان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ كاتتىباشلىرى بولغان چېن شېڭ، ۋۇ گۇاڭلارمۇ ئون تۆتىنچى تەدبىرنى قوللانغان. ئۇلار ئەسلىدىكى چۇ بەگلىكىنىڭ زېمىنىنى تايانچ بازا قىلىپ، «ئۇلۇغ چۇ» دېگەن بايراقنى كۆتۈرگەن. چېن شېڭ، ۋۇ گۇاڭ، شياڭ لياڭ، شياڭ يۈلەردىن ئۆزگە قوزغىلاڭچى قوشۇنلارمۇ كونا بايراقنى كۆتۈرۈپ چىقىشقان ۋە يېڭى كۆرەشنى قانات يايدۇرغان. خەن گۇاڭ ئۆزىنى «يەن پادىشاھى» دەپ ئاتىغان. يەن بەگلىكى ئەمەلىيەتتە مىلادىدىن بۇرۇنقى 222 ـ يىلى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. تيەن دەن ئۆزىنى «چى پادىشاھى» دەپ ئاتىۋالغان. چى بەگلىكى بولسا مىلادىدىن بۇرۇنقى 221 ـ يىلى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوقىتىلغان. ۋېي جۇ ئۆزىنى «ۋېي پادىشاھى» دەپ ئاتىغان. ۋېي بەگلىكى مىلادىدىن بۇرۇنقى 225 ـ يىلى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن يوق قىلىنغان. ۋۇ چېن ئۆزىنى «جاۋ پادىشاھى» دەپ

ئاتىغان . جاۋ بەگلىكى ئەمەلىيەتتە مىلادىدىن بۇرۇنقى 228 ـ يىلى چىن بەگلىكى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان .

1989 ـ يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلىنغان «36 تەدبىرنىڭ يېڭى نۇسخىسى» دېگەن كىتابتا مۇنداق كۆرسىتىلگەن : «تارىختا ھەرقېتىم سۇلالە ئالماشقان چاغلاردا مۇنقەرز بولغان دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ ئالدىنقى سۇلالىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالدۇ ـ دە، «جاھاننى ماللىمان قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى قاراشلىرىدىن پايدىلىنىپ، قەدىمكىنى تىرىلدۇرمەكتە . » بۇ كىشىگە 1911 ـ يىلى ئاغدۇرۇۋېتىلگەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى فۇ يىنىڭ 1932 ـ يىلى ياپونىيە كانتۇن ئارمىيىسى تەرىپىدىن پادىشاھلىق تەختىگە چىقىرىلغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ . ئەمەلىيەتتە ئۇ ياپونلارنىڭ قورچىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى .

## 2 . ۋاڭ ماڭنىڭ قەدىمكىنى تىرىلدۇرۇشى

ئون تۆتىنچى تەدبىر كىشىگە ئوخشاشلا ۋاڭ ماڭنىڭ قەدىمكىنى تىرىلدۇرۇش ھىيلە ـ مىكرىنى ئەسلىتىدۇ . ئۇ مىلادى 8 ـ يىلىدىن 23 ـ يىللىغىچە تەختتە ئولتۇرغان . ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن قەدىمكى كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۆزىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشىغا خىزمەت قىلدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇۋالغان .

چىن شىخۇاڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 213 ـ يىلى زور تۈركۈمدىكى كۇڭزىچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن . چىن شىخۇاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، كىشىلەر كۇڭزىچىلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى كلاسسىك ئەسەرلىرىنى قايتا رەتلەپ چىقماقچى بولۇشقان . خەن ۋۇدى زامانىدا ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 140 ـ يىلىدىن 87 ـ يىللىغىچە ) كىشىلەر كۇڭزىنىڭ ئولتۇراق جايىدىكى تام يوچۇقىدىن ئويلىمىغان يەردىن قەدىمكى ئىرىگلۇپ يېزىقىدا يېزىلغان زور بىر تۈركۈمدىكى كۇڭزىچىلار ئەسەرلىرىنى تېپىۋېلىشقان .

كۆگزىچىلارنىڭ بۇ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى زەتلەيدىغان كىشىلەر «قەدىمنامىچىلەر» دەپ ئاتالغان. بۇ كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا گۇمان تۇغۇلغاچقا، نۇرغۇن ئىلىم ئەھلى ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەلمەي قېلىشقان. ۋاڭ ماڭ ۋە ئۇنىڭ ھىمايىچىلىرى «قەدىمنامىچىلەر» تەرەپتە ئالاھىدە چىڭ تۇرغان. ئاشۇ كلاسسىك ئەسەرلەرنى قايتىدىن بېسىپ چىقىرىشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىغا بەزى ئايرىم خەت ـ ئاتالغۇلارنى ئوغرىلىقچە كىرگۈزۈۋەتكەن. ۋولفۇرۇم ئەبھانىتىنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ۋاڭ ماڭنىڭ سىياسىي پىلانىغا ماسلاشقانلىق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزى قەدىمىي ئەسەرلەرمۇ قايتا نەشىر قىلىنغان، ئەلۋەتتە. بۇ ئەسەرلەرمۇ ئۆزگەرتىۋېتىلىشتىن قۇتۇلۇپ قالالمىغان.

ۋاڭ ماڭنىڭ بۇنداق ۋاستىلەرنى قوللىنىشى كىشىلەرگە مۇنداق بىر تەسىراتنى بېرىشتىن، يەنى ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئەۋلىيالارنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى، ئۆز سۇلالىسىنىڭ قەدىمكى كىتابلاردىكى ئاسايىشلىق زامانلار بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى، بەزى يېڭى ئۇسۇل ـ چارىلىرى قەدىمكى ئاسايىشلىق زامانلاردىكى قانۇنىنىڭ قايتا ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى ئىكەنلىكىنى، ھەممە قىلىنغان ـ ئەتكەنلىرى قەدىمكى كىتابلاردىكىگە ئاساسلانغانلىقىنى نامايىش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما ئۇ ئېيتقان «كونا قانۇن» ئەزەلدىن يولغا قويۇلۇپ باقمىغانىدى. ۋاڭ ماڭ پەقەتلا قەدىمكى كىتابلارنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرىدىن ئۈزۈۋالغان ۋە ئۇنىڭدىكى مۇناسىپ ئىزاھ ـ شەرھلەرنى ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ۋاڭ ماڭ ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى دەسلەپتىلا قەدىمىي كىتابلارنى قەستەن ئويدۇرۇپ چىقارغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇنىڭ بىر ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىگە ۋاڭ ماڭنىڭ ئۆزىمۇ ئىشەنگەنىدى.

ۋاڭ ماڭ سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قەدىمكى كلاسسىك كىتابلارنى قوراشتۇرۇپ چىققان ۋە ئۆزگەرتىۋەتكەن، تارىخنى

بۇرمىلىغان . بۇ نۇقتىغا ئاساسەن شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ئۇ ئون تۆتىنچى تەدبىر بىلەن يەتتىنچى تەدبىرنى بىرلەشتۈرگەن .

## 3. ۋىيېتناملىقلارنىڭ تىرىلدۈرۈش ماھارىتى

«خەلق گېزىتى» 1978 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى «كىم مىللىي ئاداۋەتنى ئۇلغايتىۋاتىدۇ» دېگەن تېمىدا بىر ئوبزورچى ماقالىسى ئېلان قىلىنغان . جۇڭگولۇق ئوبزورچى ۋىيېتناملىقلارنى ئۆتمۈشتىكى تارىخىي رېئاللىقنى بۈگۈنكى سىياسىي مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇۋاتىدۇ دەپ ئەيىبلىگەن . شۇغىنىسى بۇ ئوبزوردا ئون تۆتىنچى تەدبىر تىلغا ئېلىنمىغان .

ۋىيېتنامنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى ، رادىئولىرى ئۇزۇندىن بۇيان جۇڭگو فېئودال ھاكىمىيىتىنىڭ ۋىيېتنامغا تاجاۋۇز قىلغانلىقىدىن ئىبارەت تارىخقا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنى كۆپلەپ بازارغا سالغان . بۇ خەۋەرلەردە جۇڭگونىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا جۈرئەت قىلغان ۋىيېتنام سۇلالىلىرىنىڭ قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلىرى ھازىرقى زامان پرولېتارىيات قەھرىمانلىرىدىنمۇ ئۆتە گەۋدىلىك ۋە ئۇلۇغ قىلىپ تەسۋىرلەنگەن . ۋىيېتنام دائىرىلىرى ھەر يىلى ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق جۇڭگو فېئودال سۇلالىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن تارىخىي ۋەقە ۋە شەخسلەرنى خاتىرىلىگەن . بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي تىياتىرلار ، ھېكايىلەر ، خەۋەرلەر ، تەشۋىقات رەسىملىرى ھەمدە فوتو سۈرەتلەر جاي - جايلاردا تارقىتىلغان . ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرىنى تەشكىللەپ ، قەدىمكى ۋىيېتنامنىڭ جۇڭگو فېئودال ھۆكۈمرانلىرىغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلىغىلى سالغان . «شىمالدىن كەلگەن تاجاۋۇز» دېگەن گەپ ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق سىڭدۈرۈلگەن . مانا بۇ بىر خىل ئۆتمۈشتىكىدىن پايدىلىنىپ بۈگۈنكىنى تىللاشتىن ئىبارەت ئويۇن .

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، ئايغى ئۆزۈلمەيدىغان تەشۋىقات جۇڭگونىڭ ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالغان ۋەيرانىغا تاجاۋۇز قىلىش تارىخى ھەممە ۋەيرانچىلىقنىڭ جۇڭگو تاجاۋۇزچىلىرىغا باتۇرلارچە قارشى تۇرغان كۈرەش تارىخىنى ئۇلار ۋەيرانلىق يۇقىرىلىرىنىڭ جۇڭگوغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى قوزغاشنىڭ بىر ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇلغان .ئاللىقاچان توپىغا ئايلىنىپ جۇڭگو تاجاۋۇزچىلىرى ، شۇنداقلا تارىختىكى جۇڭگو تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرغان ۋەيرانلىقلار بۈگۈنكى ۋەيرانلىق ھوقۇقدارلىرى قۇتراتقان جۇڭگوغا قارشى كەيپىياتى تەرىپىدىن تىرىلدۈرۈلگەن .

## 4 . يېڭى دېموكراتىزم

تەيۋەننىڭ بىر تەدبىر كىتابىدا ماۋ زېدۇڭ ئون تۆتىنچى تەدبىرنى ئىشلەتتى دەپ ئەيىبلەنگەن . ئېيتىلىشىچە ، ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن كىشىلەر تەرىپىدىن قارشى ئېلىنىدىغان كونا «مەسىلەك» دىن پايدىلانغان . بۇ ماۋ زېدۇڭ ھاكىمىيەت تۇتۇشتىن بۇرۇن بولغان ئىش . ئۇ چاغدا ئۇ بەلكى يۇقىرىلارنىڭ ماركسىزمنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىدىنمۇ ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى ، مىللەت ، خەلق ھوقۇقى ، خەلقپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئۈچ مەسىلەكنى بولسا قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بولسا كېرەك .

بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى مۇنداق دېگەن : ئۈچ مەسىلەكنى سۈن جۇڭشەن ئوتتۇرىغا قويغان . ئەلنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ، گومىنداڭنى پارچىلاش ئۈچۈن ، ماۋ زېدۇڭ « يېڭى دېموكراتىزم ھەققىدە» دېگەن ئەسەرنى يازغان . ماۋ زېدۇڭ بۇ ئەسەردە سۈن جۇڭشەن ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ مەسىلەكنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنىڭ مۇھىم پروگراممىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ . شۇڭا ئۇ : ئىنقىلاب پەقەت قارشى ئېلىنمايدىغان ئاشۇ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىلا ئاغدۇرۇپ

تاشلايدىغانلىقىنى، ئەمما گومىنداڭ ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان سۇن جۇڭشەننىڭ ئۈچ مەسلىكىنىڭ دۈشمىنى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن. شۇڭا ئۇ كونا ئۈچ مەسلەكتىن ئىبارەت بۇ نەرسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ كوممۇنىزمدىن ئىبارەت مەقسىتىگە جان كىرگۈزگەن. ماۋ زېدۇڭ مانا مۇشۇ شەكىلدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇنلىغان ئىلىم ئەھلىنىڭ مايىللىقىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغان.

ماۋ زېدۇڭنىڭ يېڭى دېموكراتىزملىق نەزەرىيىسىنى ئون تۆتىنچى تەدبىر بىلەن چېتىۋالغان تەيۋەنلىك ئاپتور ماۋ زېدۇڭنىڭ 1940 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئېلان قىلىنغان يېڭى دېموكراتىزمغا ئائىت ماقالىسىنى ئوقۇپ كۆرگەنمۇ يوق؟ بۇ شۈبھىلىنىشكە تېگىشلىك بولغان بىر مەسىلە. چۈنكى ئاپتورنىڭ تەھلىلىدە ماۋ زېدۇڭنىڭ ماقالىسىدە قوللىنىلغان «يېڭى دېموكراتىزم» دېگەن گەپلەرلا ئاساس قىلىنىپ، ئاندىن ئون تۆتىنچى تەدبىر قوللىنىپ ئىزاھلانغاندەك قىلىدۇ. ئەمما ماۋزېدۇڭ يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدىكى بايانلىرىدا يېڭى دېموكراتىزمنى ئېنىق قىلىپ: روسىيە بىلەن بىرلىشىش، كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش، دېھقان ـ ئىشچىلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش دەپ يازغان. بۇ سۇن جۇڭشەن كېيىنكى كۈنلەردە كومپارتىيە بىلەن ھەمكارلاشقان چاغدا ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى چۈشەنچە. ئوخشاش بىر پارچە ئەسەردە، ھېچ دېمىگەندىمۇ دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن تارقىتىلغان كىتابلاردا ماۋ زېدۇڭ يېڭى دېموكراتىزم بىلەن كونا دېموكراتىزمنى ئېنىق پەرقلەندۈرگەن. گەپنى قىسقارتقاندا، بۇ ماقالىنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان نۇسخىلىرىدا ماۋ زېدۇڭ قوللانغان تىل ناھايىتى ئېنىق. شۇڭا ئەل مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش دېگەنلەردىن ئەسلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نەرسە دەل تەيبېيلىك تەدبىر كىتابى يازغان ئاپتورنىڭ مىسال كەلتۈرگەندە، قوللانغان شەكلى ۋە تۆت مەسىلىسى، يەنى تەيۋەندە ياشاۋاتقان بىر جۇڭگولۇقنىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر پارچە ئەسىرىگە نىسبەتەن قانداق قىلىپ تەدبىر نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەسەرنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت.

## 5 . جۇگې لياڭنىڭ ئۆلۈمى

مىلادى 234 ـ يىلى ، جۇگې لياڭ ۋېي بەگلىكىگە قارشى ئالتىنچى قېتىم ئۇرۇشقا چىققان . ئەمما ئۇنىڭ رەقىبى سىما يى دەريانىڭ ئۇ قېتىنى ساقلاپ يېتىۋېرىپ ، ئۇرۇشقا چىققىلى ئۇنىمىغان .

ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن جۇگې لياڭ سىما يىغا بىر ئەلچى ئارقىلىق بىر دانە قۇتا ئەۋەتكەن . سىما يىنىڭ قول ئاستىدىكى ئۇرۇش خۇمارى تۇتۇپ كەتكەن سەردارلار بۇنى جۇگې لياڭ ئەۋەتكەن ئۇرۇ- شۇشقا دەۋەت قىلىش خېتى بولسا كېرەك دەپ قېلىشقان . ئۇلار قىستىلىپ ، سىقىلىپ دېگەندەك بارگاھقا كىرىشكەن ، بۇنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرىۋېلىش ئۈچۈن سىما يىغا تىكىلىشكەن . سىما يى قۇتىنى ئېچىپىلا بىر پارچە خەتنى ئېلىپ ئوقۇغان . جۇگې لياڭ بۇ خەتتە سىما يىنى ئۆزى بىر سەردار بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۆلۈمدىن قورققان قورقۇنچاق ، تۇشقان يۈرەك ، خوتۇن خەقكە ئوخشىشىدۇ دېگەندەك گەپ- لەر بىلەن بولۇشىغا تىللىغان . سىما يى خەتنى كۆرۈپ دەرغەزەپكە كەلگەنۇ ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈمسىرىگەن پېتى قۇتىنى ئاختۇرغىلى باشلىغان . قۇتىدىن ئەينەك ، خوتۇن كىشىلەرنىڭ ياغلىقى، كىيىم ـ كې- چەك قاتارلىق بۇيۇملار چىققان .

ئۆز سەردارىنىڭ بۇ دەرىجىدە خورلانغانلىقىنى كۆرگەن لەشكەر باشلىقلىرى جۇگې لياڭنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ ، جۇگې لياڭ بىلەن تازا بىر تۇتۇشۇشنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەلەپ قىلىشقان .

سىما يى ئۇلارنىڭ تەلپىگە كۆڭزىنىڭ « كىچىككىنە سەۋرسىز- لىك چوڭ پىلاننى بۇزىدۇ » دېگەن سۆزى بىلەن جاۋاب بەرگەن . ئۇ جۇگې لياڭنىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈرمەيلا قالماي ، ئەكسىچە زىياپەت بېرىپ ئۇنى مېھمان قىلغان . زىياپەت داۋامىدا سىما يى ئۇرۇش توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ ئاچمىغان . پەقەت جۇگې لياڭنىڭ ئىشتىھاسى ، يېتىپ قو- پۇشى دېگەندەك كىچىك ئىشلىرى ئۈستىدە سوراشتۇرغان .

ئەلچىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، سىما يى ئەتراپىدىكىلەرگە: «جۇگې لياڭ ماڭا جىلە قىلىش تەدبىرىنى ئىشلىتىۋاتىدۇ. مەن بولسام بۇنداق قىلتاققا ھەرگىز دەسسىمەيمەن. ھازىر جۇگې لياڭنىڭ ئەھۋالى قىيىن. ھەربىي يۈكى تولىمۇ ئېغىر، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدۇ، ئۆزىمۇ بەكلا بىئارام ئىكەن — مەن ئۇنىڭ ئانچە ئۇزاق ياشىيالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، سەركەردىلىرىمنىڭ پۇختىراق تەييارلىق كۆرۈشىنى سورايمەن. جۇگې لياڭنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يېتىپ كەلگەن ھامان ئۇرۇشقا ئاتلىنىمىز» دېگەن.

ۋېي بەگلىكىنىڭ قوشۇنى مۇستەھكەم ئورۇنلاردا يېتىۋەرگەن. بۇنىڭدىن جۇگې لياڭنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ كەتكەن. بۇ يەردە يېتىۋەرگىلىمۇ 100 كۈندىن ئاشقان. جۇگې لياڭ كۈندۈزلىرى سەردارلىرىنى بىر يەرگە يىغىۋېلىپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق جەڭ توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەن، كېچىلىرى بولسا سىما يىنى قانداق قىلىپ يېڭىپ تاشلاش توغرۇلۇق كىرپىك قاقماي ئويلانغان. ئارتۇقچە ھېرىپ — چارچاش ئۇنى ئاخىر كېسەلگە مۇپتىلا قىلغان. قان قۇسقان، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆز بارگاھىدا جان ئۈزگەن.

شۇ بەگلىكىنىڭ سەردار — لەشكەرلىرى قاتتىق قايغۇغا چۆككەن ۋە ۋەزىرنى دەرھال دەپنە قىلماقچى بولۇشقان. ئەمما، ياڭ يى بىلەن جياڭ ۋېي جۇگې لياڭنىڭ ھايات ۋاقتىدا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان ھېيلىسىنى كۆپچىلىككە يەتكۈزگەن ۋە دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزمەسلىكنى تەلەپ قىلىشقان. ئۇلار جۇگې لياڭنىڭ جەسىتىنى تاۋۇتقا سېلىپ، شۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنلىرىنى باشلىغان پېتى خەنجۇڭغا قاراپ يولغا چىققان. ئەتىسى ئەتىگەندە، سىما يى جۇگې لياڭنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن، شۇ بەگلىكى قوشۇنىنىڭ چېكىنگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال قوشۇنىنى باشلاپ بازىسىدىن ئايرىلىپ، شۇ بەگلىكى قوشۇنىغا قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن ئاتلانغان. ئۇ يېرىم يولغان كەلگەندە ئېگىزرەك بىر تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، شۇ قوشۇنلىرىغا نەزەر سالغان ۋە

كېتىۋاتقان لەشكەرلەر سىپىنىڭ رەتلىك ئىكەنلىكىنى، تۇغ ـ ئەلەملىرىنىڭ خۇددى جۇگې لياڭ ھايات ۋاقتىدىكىدەك لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن. سىما يى جۇگې لياڭنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن دەرھال شۈبھىلىنىشكە باشلىغان ۋە بۇنى لەشكەرلەرنى ئالداش ھىيلىسىمىكىن دەپ قالغان. ئەمما قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۇ قوغلاشنى يەنىلا داۋاملاشتۇرغان. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، شۇ بەگلىكى قوشۇنى بىرلا ئاۋاز بىلەن ئىلگىرىلەشتىن توختىغان ۋە بۇرۇلۇپلا قوغلاپ كېلىۋاتقان ۋېي بەگلىكى قوشۇنىغا قاراپ ئېتىلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇگې لياڭنىڭ كۆرسەتكەن پىلانى بويىچە بولغان. سىما يى يېڭى بىر گۇمان ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ تۇرغان. شۇ ئەسنادا، دەرەخزارلىقتىن شۇ بەگلىكى قوشۇنىنىڭ باش سەردار كۆرۈنگەن، ئەلەم ئېسىلغان ھارۋىدا جۇگې لياڭنىڭ راۋۇرۇس قېتىپ ئولتۇرغانلىقى سىما يىنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرغان. مەڭدەپ تۇرغان سىما يى شۇ ھامان قوشۇن چېكىندۈرۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن. شۇ بەگلىكى قوشۇنىمۇ ئۆز يولىغا راۋان بولغان. شۇ بەگلىكى قوشۇنى پەقەت بىخەتەر بىر يەرگە كەلگەندىلا ئاندىن ئاقلىق تاقاپ، ئۆز ۋەزىرى ئۈچۈن دەپنە ئۆتكۈزگەن. سىما يى پەقەت شۇ چاغقا كەلگەندىلا ئاندىن جۇگې لياڭنىڭ راستىنلا ئۆلگەنلىكىگە، ھارۋىدا ئولتۇرغان جۇگې لياڭ بولسا ياغاچ ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن. سىما يى قوغلاش تەرەددۇتىگە چۈشكەندە، شۇ بەگلىكى قوشۇنى ئاللىقاچان ئۇزاپ كەتكەن.

ۋېي بەگلىكى سەردارلىرى شۇ بەگلىكىنىڭ قوشۇنىنى يوقىتىۋېتىدىغان شۇنداق ئوبدان بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغىنىغا ئۆكۈنۈۋاتقان چاغدا، سىما يى: «ياڭ يىنىڭ ھەربىي ئىشلاردا تۇتقان يولى جۇگې لياڭنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئۆلگەن جۇگې لياڭ ياڭ يى بىلەنلا قايتا تىرىلگەن. مەن ‹بىرىدىن ۋاز كېچىپ، بىرىنى تىرىلدۈرۈش تەدبىرى›نىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن» دەپ ئۇھ تارتقان.

## 6 . ۋېي سۇلالىسىدىن جىن سۇلالىسىگىچە

«جۇڭگو پادىشاھلىرى تەزكىرى» (تەيبېي 1981 ــ يىل نەشرى) دېگەن كىتابتا ئاپتور ئون تۆتىنچى تەدبىرنى باشقىچە بىر قاتلامدا قويۇپ چۈشەندۈرگەن :

مەزكۇر تەدبىرنى ئىشلەتكەن ئادەم پارازىت قۇرت ۋاسىتىسىنى قوللىنىپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرىدۇ . ئۇنداقلار خۇددى پارازىت قۇرتقا ئوخشاش دۈشمىنىنىڭ ئىچكى قىسمىغا كىرىۋېلىپ ، ئۇنىڭ تېنىدىكى ئوزۇقلۇقنى قويماي شورىۋالىدۇ ۋە دۈشمىنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ، بىر تېرە ، بىر ئۇستىخانغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ . ئۇنىڭ بەدىلى بىلەن پارازىت قۇرتمۇ ھەم چوڭىيىدۇ ، ھەم سەمرىيدۇ .

بۇ ئاپتورنىڭ سىما يى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ روناق تېپىش جەريانى ئۈستىدىكى چۈشەنچىسى ، ئۇ بۇنى ئون تۆتىنچى تەدبىرنى ئىشلىتىشنىڭ بىر خىل شەكلى دەپ ھېسابلىغان .

سىما يى تەخمىنەن 208 ــ يىلىدىن باشلاپ ساۋساۋغا كەتمەن چېپىشقا باشلىغان . ساۋ ساۋ خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە جۇڭگونىڭ شىمالىي رايونىنى بېسىۋالغان ، ئۇنىڭ ئوغلى ساۋ پېي مىلادى 220 ــ يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ۋېي سۇلالىسىنى قۇرۇپ چىققان . سىما يى پۈتۈن ئۆمرىدە ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ تۆت نەپەر خوجىسى ئۈچۈن ئىشلىگەن . بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچى ۋېي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ئىدى . بۇ جەرياندا ، ئۇنىڭ ھوقۇقى بارغانسېرى چوڭىيىپ بارغان . گەرچە ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە چەتكە قېقىلىشقا ئۇچراپ ئورنىدىن سىقىپ چىقىرىلغان بولسىمۇ ، ئەمما تەسىر دائىرىسى يەنىلا چوڭ بولۇۋەرگەن . مىلادى 249 ــ يىلىغا كەلگەندە ئۇ پايدىلىق پۇرسەتنى تۇتۇۋېلىپ ئۆز ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن . شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇ بىر باھانە بىلەن ئۆزىنىڭ بارلىق سىياسىي دۈشمەنلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئۈچ

جەمەت تۇغقانلىرىنى تامامەن قىرىپ تاشلىغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇنىڭ ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلغان. ئۇنىڭ بۇ ھوقۇقى شۇنچىلىك مۇستەھكەم ئىدىكى، ئۇنىڭ بىر ئوغلى مىلادى 260 ـ يىلى ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھىنى ھېچ كۈچىمەيلا ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. كېيىن سىما يىنىڭ نەۋرىسى سىما يەن 265 ـ يىلى ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىپ جىن سۇلالىسىنى قۇرغان. شۇنداق قىلىپ ئاللىقاچان يوقالغان ۋېي سۇلالىسى قايتا تىرىلىپ جىن سۇلالىسىگە ئايلانغان. جىن سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقتى 265 ـ يىلدىن 316 ـ يىلىغىچە بولۇپ، ئۇ بىرقانچە ئون يىل ئىچىدىلا جۇڭگونى يېڭىباشتىن بىرلىككە كەلتۈرگەن.

## 7. نوستىر داماسىنىڭ تىرىلدۈرۈلۈشى

ئەيرىك ھاۋ يازغان «قارا ئويۇن ـــ ئەنگلىيىنىڭ 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيىدە ئېلىپ بارغان ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرى»(ميۇنخىن 1983 ـ يىلى نەشرى) دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۇلۇغ برىتانىيە بىر پارچە نېمىس تىلىدىكى كىتابنى نەشر قىلغان. كىتابقا «نوستىر داماس ئۇرۇش تەرەققىياتى ئۈستىدە مۇنداق بېشارەت بېرىدۇ» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. بۇ كىتاب ئۇزاق ئۆتمەيلا گېرمانىيىدە تارقىتىلغان. بۇ كىتابقا يەنە نوستىر داماسنىڭ گېپلىرىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بېشارىتى قوشۇمچە قىلىنغان. بۇنىڭدىن مەقسەت: خۇراپىيلىقتا ئىشىنىدىغان نېمىسلارنى پاراكەندە قىلىشتىن ئىبارەت بولغان. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ۋاپات بولغىنىغا بىرقانچە يۈز يىل بولغان نوستىر داماس قايتا تىرىلدۈرۈلۈپ، ناتسىستلارغا قارشى تەشۋىقات ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغان.

## 8. كۆكزى ئىبادەتخانىسىغا بېرىش

مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، «بېيجىڭ ھەپتىلىك گېزىتى» ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنۇلارنى بىلدۈرگەن:

X X ئەسىردىكى زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلەر ۋە ئەكسىلئىنقىلابى سىنىپ-
نىڭ سىياسىي گۇماشتىلىرىنىڭ نىسپىي ماھىيىتى مىلادىدىن بۇرۇنقى
VI ئەسىردىن V ئەسىرگىچە بولغان زاۋاللىققا يۈز تۇتقان
قۇلدارلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش. كۇڭزى دەل كېيىنكىسىنىڭ ۋەكىلى،
جۇڭگودا بارلىق چېكىنىش ۋە تىرىلىش ھەرىكەتلىرى بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى كۇڭزىنىڭ روھىدىن مەدەت
تىلىگەن. ئۇنى ئەكسىلئىنقىلابىي تىرىلىش ھەرىكىتىنىڭ ئىدىيىۋى قورا-
لىغا ئايلاندۇرۇۋالغان. يۈەن شىكەي بۇنىڭ بىر مىسالى. 1911 ـ يىلى،
جۇڭگودىكى 2000 يىلدىن كۆپرەك تارىختا ئىگە فېئوداللىق سۇلالە يىمى-
رىلگەندىن كېيىن، يۈەن شىكەي جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق چوڭ
زۇڭتۇڭلۇق ئورنىنى تارتىۋالدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇ ئولتۇرسا ـ
قوپسا تىرىلىشنىلا ئويلايدىغان بولدى. فېئوداللىق خانلىق تۈزۈمىنى تى-
رىلدۈرۈپ، ئۆزى خان بولۇپ پۈتۈن ھوقۇقنى ئۆز ئىلكىگە توپلىماقچى
بولدى. ئۇ مۇشۇ بىر مەقسىتى ئۈچۈن كۇڭزىنىڭ تۇغۇلغان يېرىگە بېرىپ
باش ئۇرۇش ئويۇنىنى ئويناپ چىقتى. ئۆزىنىڭ خانلىق تۈزۈمىنى تىرىل-
دۈرۈش مەقسىتى ئۈچۈن جامائەت پىكرى ھازىرلىماقچى بولدى.

جياڭ جيېشىمۇ بۇنىڭ يەنە بىر مىسالى. ئۇ تارىختا ئۆتكەن
فېئودال خانلارنىڭ كۇڭزىنىڭ دەرگاھىغا باش ئۇرۇش ئادىتىنى دوراپ،
كۇڭزى تۇغۇلغان جايغا بېرىپ باش قويدى. ئۇ كۇڭزىنىڭ دەسلەپكى
دەۋرلەردىكى «چوڭ بىرلىككە كېلىش» ئىدىيىسىنى ئۆزىنىڭ رېئال «ئەك-
سىيەتچىل چوڭ بىرلىككە كېلىش» مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت
قىلدۇرماقچى، بۇنى «دۆلەت قۇرۇشنىڭ دەسمايىسى» غا ئايلاندۇرماقچى
بولدى. «ئېسىلزادىلەرنىڭ ھوقۇقنى تەڭرى بەرگەن» دېگەندەك
فېئودالىلىق نەزەرىيىنىمۇ زوراۋانلىق ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەكسىيەتچىل نەزە-
رىيىۋى ئاساسى قىلىۋالدى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى «كۇڭزى، مېڭزى
يولى» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق كوممۇنىزملىق ئىدىيىنىڭ جۇڭ-
گودىكى تەسىرىنى بېسىش ۋە ئاجىزلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

ماركسنىڭ سۆزى ئارقىلىق يۇقىرىقىلار ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بېرىشتىنىمۇ ئويدانىراق ئۇسۇل يوق. بۇ بىر ئابزاس سۆز بەئەينى ئۇن تۆتىنچى تەدبىرنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىگىلا ئوخشىشىدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»مەزگىلىدە، جۇڭگونىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى بۇ سۆزنى دائىم دېگۈدەك ستاتا ئېلىپ تۇرغان:

«... ئۇلار ھەدېسىلا ئۆلگەن روھلارنى چىللاپ كېلىپ ئۆزىگە ياردەملەشتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىسمى، كۈرەش شوئارى، كىيىملىرىدىن پايدىلىنىدۇ، ئۇزۇن مۇددەت ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان بۇنداق كىيىملەرنى كىيىۋالىدۇ، ئارىيەت ئېلىنغان تىل ئارقىلىق دۇنيا تارىخىدىكى يېڭى ئويۇنلارنى ئويناپ چىقىدۇ.»

## 9. جۇڭگودىكى ئايال پادىشاھ

ۋاڭ بەيشى «نۇر گېزىتى» نىڭ 1977 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىكى سانىدا تەھلىل يۈرگۈزۈپ مۇنداق دەپ يازغان:

جياڭ چىڭنى بىۋاستە ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈش ھەرىكەتلىرىدىن ئامما نارازى بولۇشقا باشلىدى. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پەقەت «بىرىنى قۇربان بېرىپ، بىرىنى تىرىلدۈرۈش» تەدبىرىدىنلا پايدىلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار قەدىمدە ئۆتكەن كىشىلەردىن پايدىلىنىپ ئەگىتىپ تەشۋىق قىلىش يولى بىلەن ئۆزلىرىنى ماختىدى. شۇنىڭ بىلەن، لۈي خۇ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 241 - يىلدىن 180 - يىلىغىچە ياشىغان) «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ يالالىنما ئەدىبلىرى تەرىپىدىن ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈلدى.

لۈي خۇنىڭ ئەسلى ئىسمى لۈي جى بولۇپ، خەنگاۋزۇ لىيۇ باڭغا ياردەملىشىپ ئالەمنى تىنچىتقان. لىيۇ باڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ ۋەكالىتەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن. لىيۇ باڭنىڭ سىياسىتىنى ساداقەتمەنلىك بىلەن يۈرگۈزگەن. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بۇ خىل تەشۋىقاتى ۋاڭ بەيشىنىڭ قارىشىچە، جياڭ چىڭنىڭ ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا بەل باغلىغانلىقىنىڭ بىر ھەقىقىي پاكىتى

ئىكەن.

1974 - يىلى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ بېيجىڭدىكى يېزىقچىلىق بەنزىسى لياڭ شياۋ بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ ۋۇ زېتيەن (624 — 705) نى ماختاپ كۆككە كۆتۈرگەن ۋە: «ۋۇ زېتيەن ئىككى لۇشيەن كۈرىشى داۋامىدا چوڭ قەدەملەر بىلەن جۇڭگونىڭ تارىخ سەھنىسىگە چىققان» دېگەن. 1977 - يىلى «نۇرلۇق گېزىتى» دە بېسىلغان بىر پارچە ئوبزوردا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: ئەمەلىيەتتە، ۋۇ زېتيەن ئۆز ۋاقتىدا ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىش ۋە ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشپىيونلاردىن پايدىلىنىش، سىياسىي دۈشمەنلىرىنى دەھشەتلىك تۈردە باستۇرۇش ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلانغان. ئەمما لياڭ شياۋ نىڭ ماقالىسىدە بولسا بۇلارنىڭ ھەممىسى «كونسېرۋاتىپ كۆچلەرگە زەربە بېرىش»، «ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى كۈرەش يۈرگۈزۈش» دەپ مەدھىيە ئوقۇلغان. ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشى ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، لياڭ شياۋ ئۇنى ئىلغارلىقتا چىڭ تۇرغان ۋۇ زېتيەن بىلەن ئەكسىيەتچىلىكتە چىڭ تۇرغان كۇڭزىچىلار ئوتتۇرىسىدىكى بىر مەيدان «سىياسىي لۇشيەن كۈرىشى» دەۋالغان. ۋۇ زېتيەن ھەتتا «يېڭى ئىدىيىگە ئىگە ئايال» دەپ مەدھىيىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە جياڭ چىڭنى گۈزەللەشتۈرۈش ئىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆلگىلى 1000 يىلدىن ئارتۇق بولغان ۋۇ زېتيەننىڭ جەسىتىگە X X ئەسىرنىڭ ۋۇ زېتيەنى بولۇش كويىدا يۈرگەن قارا نىيەتچى جياڭ چىڭنىڭ جېنى كىرگۈزۈلگەن. بۇنىڭدىن جياڭ چىڭنى پىپەن قىلغۇچىلار قىلچە گۇمانلانمايدۇ.

كىشىلەر تۆۋەندىكى ئون تۆتىنچى تەدبىرنىڭ باشقىچە بىر خىل چۈشەندۈرۈلۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسىمۇ بولىدۇ: سىرتىدىن قارىغاندا يىپيېڭى بولغان، ئەمما شۇ يېڭى تەن ئىچىدىكى «جان» كونا بولغان ھالەتلەر مۇشۇ تەدبىرنىڭ بىر خىل چۈشەندۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت. ئادەتتىكى تىل بويىچە ئېيتقاندا بۇنداق ھالەتلەرنى «يېڭى بوتۇلكىغا كونا ھاراق قاچىلاش»، «يېڭى كەش كىيىپ، كونا يولدا مېڭىش»، «كونا مەھسۇلاتنىڭ يېڭى قىياپىتى» دېگەندەك ئوخشىتىشلار ئارقىلىقمۇ چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

## 10 . ليۇ بېينىڭ شۇ بەگلىكىگە بېرىشى

تۆۋەندىكى تارىخىي ماتېرىيال سىما گۇاڭ يازغان « ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۈرنەكلىرى» دىن ئېلىنغان .

مىلادى 208 ـ يىلىدىكى چىبى ئۇرۇشىدىن كېيىن ، ليۇ بېي بىلەن سۇن چۈەن شۇ بەگلىكىنىڭ زېمىنىنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىش كويىدا بولۇشقان . ئەمما ليۇ بېينىڭ كۈچى ئاجىز بولغانلىقتىن بۇ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالماي قالغان .

ساۋ ساۋ مىلادى 214 ـ يىلى قىشتا لەشكەر تارتىپ خەنجۇڭ رايونىغا ھۇجۇم باشلىغان . شۇ بەگلىكىدىكى يىجۇ دېگەن يەردە ئىچكى بۆلگۈنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ليۇ جاڭ ساۋ ساۋنىڭ بۇ ھۇجۇمدىن خەۋپسىرەپ قالغان . ساۋ ساۋنىڭ خەنجۇڭ رايونىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىشىدىن قورققان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ليۇ بېينىڭ شۇ بەگلىكىگە كېلىشىنى ئىلتىماس قىلغان . ليۇ بېي بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قوشۇن باشلاپ شۇ بەگلىكىگە كىرىپ كەلگەن . ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ليۇ بېي ليۇ جاڭنى بىكار قىلىپ يىجۇنى بېسىۋالغان . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شۇ دۆلىتىنى قۇرۇشقا ئاساس سېلىپ ، سىياسىي جەھەتتە باش كۆتۈرۈش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى شۇ رايونىنى بېسىۋېلىش ئارزۇسىغا يەتكەن . جۇگې لياڭ ئاللىبۇرۇن « سىياسىي جەھەتتە چوڭ ئىش تەۋرىتىش ئۈچۈن شۇ بەگلىكى رايونىنى بېسىۋالماي بولمايدۇ » دېگەن . ئەمما ، لەشكىرىي كۈچى جەھەتتىن ئالغاندا ليۇ بېينىڭ بۇ رايونىنى بېسىۋېلىشقا قۇربى يەتمەيتتى . بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ، ئۇنىڭ شۇ رايونىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىنىشى ليۇ جاڭنى قۇربان قىلىشقا سەۋەب بولغان . شۇنىڭ بىلەن ليۇ بېي ليۇ جاڭنى قۇربان بېرىش ھېسابىغا ناھايىتى كەڭ بىر رايونىنى قولغا كەلتۈرگەن .

## 11 . ئېگىزلىكتىكى تۇمان

چاۋشيەن ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جۇڭگو خەلق پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ مەلۇم قىسىم 2 ـ يىڭى بۇيرۇققا بىنائەن خەنجاڭ دەرياسىنىڭ ساھىلىدىكى تاغ چوققىسىنىڭ 584 ـ ئېگىزلىكىنى مەھكەم ساقلاپ ياتماقتا ئىدى. بەش كېچە ـ كۈندۈزلۈك جەڭ ئاخىرلاشتى، دۈشمەن جەڭ مەيدانىدا مىڭدىن ئارتۇق جەسەتنى قويۇپ كەتتى. كېيىنچە، ئوق ـ دورىنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن ئۆلۈم ـ يېتىم كۆپ بولۇپ كەتتى، پىدائىيلار پوزىتسىيىنى قولدىن بېرىپ قويدى. 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىز ئەتراپىدا ئامېرىكا ئارمىيىسى بىر يىڭلىك ئەسكىرىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئېگىزلىكنى ئىگىلىۋالدى. بۇ چاغدا تۇيۇقسىز تۇمان كۆتۈرۈلۈپ، ئون قەدەم نېرىدىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ھاۋا شارائىتى دۈشمەنگەن مەخپىي ھالدا يېقىنلىشىشنىڭ ناھايىتى ئەپلىك پۇرسىتى ئىدى. 2 ـ يىڭ كوماندىرىنىڭ تەھلىلىچە، دۈشمەن بۇ ئېگىزلىكنى ئەمدىلا ئىشغال قىلىۋالغان، خورىكىمۇ ئۆسۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مەغرۇرلۇق بىلەن دۈشمىنىنى سەل قارىماي قالمايتتى. مۇداپىئەنى بوشاشتۇرۇۋېتىشمۇ جەزمەن ئىدى. مۇشۇنداق ئەپلىك پۇرسەتتە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش بەكمۇ زۆرۈر ئىدى.

سائەت سەككىزدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، 2 ـ يىڭنىڭ ساق قالغان 26 نەپەر جەڭچىسى ئامېرىكا ئەسكەرلىرىنىڭ فورمىسىنى كىيىپ، قاتتىق تۇمان ئىچىدە ئېگىزلىككە قاراپ ياماشقىلى تۇردى. پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ ئوڭ يۆنىلىش زەربىدارلىرى تېز سۈرئەت بىلەن ھەرىكەت قىلىپ دۈشمەنگە 100 مېترچە قالغان چاغدا دۈشمەنلەرنىڭ تاماق يېۋاتقانلىقىنى، ھېچقانداق مۇداپىئە سەزگۈرلۈكى يوقلۇقىنى كۆردى. ئۇلار يۈرەكلىك ھالدا ئىلگىرىلەپ دۈشمەن تۇرغان يەرگە تۆت ـ بەش مېترلا قالغاندا تۇيۇقسىز ئوت ئاچتى. بۇ ھال دۈشمەنگە ئىنكاس قايتۇرغۇدەكمۇ پۇرسەت بەرمىدى. بۇ چاغدا پىدائىيلار قوشۇنىنىڭ سول يۆنىلىش زەربىدارلىرىمۇ

دۈشمەنگە خۇددى يولۋاستەك تاشلاندى. ئامېرىكا ئەسكەرلىرى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوت كۈچىنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلمىگەچكە چاشقان مىسالى قېچىشقا باشلىدى. پۈتكۈل جەڭ ئاران ئون نەچچە مىنۇتلا داۋام قىلدى، دۈشمەننىڭ 30 نەچچە ئەسكىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈپ ئېگىزلىك قايتۇرۇۋېلىندى.

بۇ جەڭدە پىدائىي جەڭچىلەر قويۇق تۇماندىن پايدىلىنىپ قولدىن كەتكەن ئېگىزلىكنى قايتۇرۇۋېلىش، يەنى «تىرىلدۈرۈش» مەقسىتىگە يەتتى.

## ئون بەشنچى تەدبىر

## يولۋاسنى تاغدىن چۈشۈرۈش ( قىلتاقتا چۈشۈرۈش )

ياردۇلۇق مەزمۇنى : ئا) يولۋاسنى تۈزلەڭلىككە باشلاپ كېلىپ ئەدىبىنى بېرىش .

ب ) تاغنى ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئىگىلەش ئۈچۈن يولۋاسنى تاغدىن چۈشۈرۈش .

س ) يولۋاسنىڭ ئەڭ مۇھىم ياردەمچىسىنى يوقىتىۋېتىپ ، ئۇنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىش .

د ) يولۋاس بىلەن يولۋاسنىڭ ھەمراھىنى ئايرىپ تاشلاپ ، ئۇنى ئاسانلا يوق قىلىۋېتىش . يېتىم قالدۇرۇش .

جۇڭگودا «پېڭياڭغا كەلگەن يولۋاس ئىتتىن بوزەك بوپتۇ» دېگەن بىر تەمسىل كەڭرى تارقالغان.

خەن فېي مۇنداق دېگەن: «يولۋاس ئىتنى شۇنىڭ ئۈچۈن بويسۇندۇرالايدۇكى، ئۇنىڭ تىرنىقى ۋە چىشى بار. ئەگەر شۇنداق تىرناق بىلەن چىش ئىتتا بولسا يولۋاس ئىتتىن يېڭىلىشى تەھقىق.»

مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردە ياشىغان خەن فېي جۇڭگودىكى قەدىمكى قانۇنچىلارنىڭ مۇھىم ۋەكىلى. ئۇن بەشىنچى تەدبىردە تىلغا ئېلىنغان «يولۋاس» — دۈشمەننى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىر خىل ئوبرازلىق ئوخشىتىش. «تاغ» دېيىلگىنى بولسا دۈشمەنگە پايدىلىق بولغان يەر-جاي، شارائىت. بۇمۇ بىر ئوبرازلىق ئوخشىتىش. ئۇن بەشىنچى تەدبىرنى ئىشلىتىشتىن مەقسەت شۇكى، يولۋاسنى ئۇ بېسىپ ياتقان تاغدىن ئايرىۋېتىش، بولۇپمۇ ناھايىتى يوغان يولۋاسقا يولۇقۇپ قالغاندا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئەگەر كىشىلەر ئەسلىدىنلا كۈچلۈك بولغان يولۋاسقا دوقۇرۇشۇپ قالغاندا ئۇنى يەنىلا ئۇنىڭغا پايدىلىق بولغان جەڭ مەيدانىدا قويۇۋەرسە ئۇنداقتا يولۋاسقا قانات ئاتا قىلغاندەك بىر ئىش بولۇپ قالامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق قىلىدىكەن، ئەسلىدىلا كۈچلۈك بولغان يولۋاس تېخىمۇ كۈچكە تولۇپ كېتىدۇ.

ئەلۋەتتە شۇنداقمۇ «يولۋاس»لار بولىدۇكى، ئۇلاردا قارا كۈچ ۋە ۋەھشىيەت ئالامەتلىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەقىلمۇ بولىدۇ. مۇشۇنداق يولۋاسلارنى «تاغ»دىن ئايرىۋېتىش ئاسانغا توختايدىغان ئىش ئەمەس. بۇنداق يولۋاسلارنى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئودىساغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. ئۇ بىر قېتىم كېمە بىلەن دېڭىز شاياتۇنلىرى تۇرىدىغان بىر ئارالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ، دېڭىز شاياتۇنلىرى ئۆزىنىڭ سېھىرلەنگەن ناخشىسى بىلەن ئۆتكەن - كەچكەن دېڭىزچىلارنى ئالداپ ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدىكەن ۋە ئۇلارنى دەم تارتىۋالىدىكەن. ئودىسا شاياتۇنلارنىڭ

ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كېمىدىكى بارلىق دېڭىزچىلارنىڭ قۇلىقىنى شام قۇيۇپ ئېتىپ تاشلاپتۇ، ئۆزىنى بولسا كېمە ماچتىسىغا مەھكەم باغلاپ قويۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئۆزىمۇ، كېمىدىكى دېڭىزچىلارمۇ سېھىرگەر شاياتۇنلارنىڭ ناخشىسىنىڭ ئالدىمىغا چۈشۈپ كەتمەپتۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ دېڭىز سەپىرىگە ئامانلىق ئاتا قىپتۇ.

ئون بەشىنچى تەدبىرنىڭ ھەر خىل ئۆزگەرگەن شەكىللىرى بار. تۆۋەندىكىسى ئەنە شۇنداق شەكىللەرنىڭ بىرى.

## 1. ئىككى ئوغۇل

جېڭ ۋۇگۇڭ ( مىلادىيدىن بۇرۇنقى 770 – يىلىدىن 744 – يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان. جېڭ بەگلىكى ھازىرقى خېنەن ئەتراپىدا ) نىڭ ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. چوڭ ئوغلى ۋۇشېڭ قىيىن تۇغۇتتا تۇغۇلغاچقا، تۇغۇلغاندا ئانىسى ۋۇجياڭنى قاقشىتىۋەتكەنىكەن. شۇڭا ئانىسى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۆچ چىقىپتۇ. ئەكسىچە، كىچىك ئوغۇل شۇدۇەن ئانىسى تەرىپىدىن بەكمۇ ئەتىۋارلىنىدىكەن. ئانىسمۇ ئۇنى جېڭ ۋۇگۇڭنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىپ تىكلەشنى ئويلاپ يۈرىدىكەن. ئەمما چوڭ ئوغۇلمۇ ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ باقمىغاچقا، جېڭ ۋۇگۇڭ كىچىك ئوغلىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ تىكلەشكە قوشۇلمايدىكەن. شۇڭلاشقا ۋۇشېڭ نەسەب ۋارىسى قىلىپ بەلگىلىنىپتۇ، ئەمما گوڭ شۇدۇەنگە كىچىككىنە بىر مەنسەپ بۆلۈپ بېرىلىپتۇ. جېڭ ۋۇگۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن ۋۇشېڭ پادىشاھ بوپتۇ ۋە جېڭ جۇاڭگوڭ دەپ ئاتىلىپتۇ.

ۋۇجياڭ ئامراق كىچىك ئوغلىنىڭ كىچىككىنە مەنسەپكە ئېرىشكىنىگە بەكمۇ نارازى بولۇپ يۈرىدىكەن. ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە جېڭ جۇاڭگوڭغا جىڭدى دېگەن يەرنى ئىنىسىغا سۇيۇرغال قىلىپ بېرىشنى تەكلىپ قىلىپتۇ. جېڭ جۇاڭگوڭ بۇ تەكلىپكە قوشۇلماپتۇ. چۈنكى جىڭدى دېگەن جاي تەبىئىي خەتەرلىك يەر بولغاچقا ئەلنىڭ ئامانلىقىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتەلەيدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ۋۇجياڭ كىچىك

ئوغلىغا جىدى دېگەن يەرنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ.

ئەقىلدار جى جۇڭ ئىشقا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپتۇ. ئۇ: «بۇرۇن ئۆتكەن شاھەنشاھلارنىڭ تۈزۈملىرىدە چوڭ شەھەرلەرنىڭ يېرى بەگلىك زېمىنىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك دېگەن بەلگىلىمە بار ئىدى. جىدىنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىۋېتىش مەزكۇر تۈزۈمگە مۇۋاپىق ئەمەس» دەپتۇ. جى جۇڭنىڭ قارىشىچە، كۆكتە ئىككى قۇياش بولماسلىقى، ئەلدە ئىككى پادىشاھ بولماسلىقى كېرەك ئىكەن. جىڭدى مۇھىم ئۆتكەلگە جايلاشقان جاي بولۇپ، يېرى كەڭرى، ئادىمى كۆپ، سىياسىي، ھەربىي جەھەتتە بەگلىك پايتەختىدىن قېلىشمايدىغان مۇھىم يەر سانىلىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، گۇڭ شۇدۇەن ۋۇ جياڭنىڭ ئەڭ ئامراق ئوغلى بولغاچقا، بۇ يەر ئۇنىڭغا بۆلۈپ بېرىلسە ئاقىۋەت بىر كۈن ئۇنىڭ ئىككىنچى خاقان بولۇۋېلىش ئېھتىمالىمۇ بار ئىكەن. بۇ كىشىلەرنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقىغا باغلىق بولمىغان ئىش ئىكەن.

ئەمما، جېڭ جۇاڭگۇڭ بۇ ئىشتا تەڭلىكتە قاپتۇ ۋە: «بۇ ئانامنىڭ بۇيرۇقى ئەمەسمۇ» دەپتۇ ۋە جىڭدىنى گۇڭ شۇ دۇەنگە سۆيۇرغال قىلىپ بېرىۋېتىپتۇ. ۋۇجياڭ ئوغلى يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە ۋاقتى كەلگەندە ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئوبدان ھازىرلىق كۆرۈپ قويۇشنى تاپىلاپتۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە گۇڭ شۇدۇەن جېڭ بەگلىكىنىڭ غەربىي، شىمالىدىكى يۇقرالارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ ئۇلار تېرىكچىلىك قىلىۋاتقان زېمىندىن ئۆزى پايدىلىنىش قەستىگە چۈشۈپتۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ كۈنسايىن قۇدرەت تاپقىلى تۇرۇپتۇ.

بۇ خەۋەر ئوردىغا يېتىپ كېلىپتۇ، جېڭ جۇاڭگۇڭنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئەقىلدارى گۇڭ زىلۈي جېڭ جۇاڭگۇڭغا گۇڭ شۇدۇەننى پاتىراق بىر تەرەپ قىلىۋېتىش توغرۇلۇق مەسلىھەت

كۆرسىتىپتۇ. جېك جۇاڭگۇك: «ئۇنى جايلىۋېتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، كەلگۈسىدە ئۇ جەزمەن ئۆز جاجىسىنى تاپىدۇ» دەپتۇ.

گۇك زىلۇينىڭ قارىشىچە، ھالقىلىق پەيتلەردە ئارىسالدى بولۇش كىچىك ئاپەتنى چوڭ ئاپەتكە ئايلاندۇرۇۋېتىدىكەن. بالايىئاپەت باشقا كەلگەندە، بۇ پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ بىكار ئىكەن.

جېك جۇاڭگۇك مۇنداق دەپتۇ: «مەن بۇ ئىشنى بۇرۇنلا ئويلاپ يەتكەن، ئىنىم راستىنلا پادىشاھلىق ئورنۇمنى تارتىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمما ئۇ تاھازىرغىچە ئاشكارا ئىسيان كۆتۈرگىنى يوق. مۇبادا مەن ئۇنى ھازىرلا يوق قىلىۋەتسەم ئانام بۇ ئىش ئۈچۈن ماڭا ئازار بېرىشى مۇمكىن. باشقىلار ئاڭلىسىمۇ مېنى ئىنىسىنىڭ يۈزىنى قىلماپتۇ، ئانىسىغا ۋاپاسىز ئىكەن دەپ ئەيىبلىشىمۇ تۇرغان گەپ. مەن ھازىر ھېچنېمىنى ئۇقمايدىغان كىشى بولۇۋېلىپ ئۇنىڭ ماڭا ئاسىيلىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋېرىمەن. ئۇ تەييارلىق قىلسا قىلىۋەرسۇن، قاچانكى ئۇ راستىنلا ئىسيان كۆتۈرگەن چاغدا مەن ئۇنىڭ جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاشقا ئۈلگۈرىمەن.»

گۇك زىلۇي مۇنداق دەپتۇ: «سىلىنىڭ ئويلىرى دۇرۇس بولسىمۇ ئەمما ئىنىلىرىنىڭ كۈچى كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغىيىۋاتىدۇ. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇ سىلىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاشكارىلاش پۇرسىتىنى بۇرۇنراق يارىتىپ بېرىدىغان بولساق ئۇنى ئوڭۇشلۇق ھالدا يوقىتىۋېتەلەيمىز، بۇنداق قىلساق بولارمۇ؟».

ئارقىدىنلا گۇك زىلۇي مۇنداق بىر ئەقىل كۆرسىتىپتۇ: «پادىشاھ ئالىيلىرى ئۇزۇندىن بېرى ئىنىسىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىدىن ئەندىشە قىلىپ بەگلىكىمىزنىڭ بېشىغا چىقىپ باقمىدى. ئۆزلىرى ئەمدى جۇ تېيەنزىنى يوقلاپ كەلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئەل سىرتىغا چىقىپ كېتىشلىرى بىلەن تەڭ ئىنىلىرى ئاستانىمىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا مەن قوشۇن باشلاپ جىڭدى ئەتراپلىرىدا بۆكتۈرمە قويۇپ ياتىمەن. مۇبادا ئىنىلىرى لەشكەر تارتىپ كېلىپ قالىدىكەن، ئۇ

هالـدا مەن ئۇلارنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن يېڭىپ تاشلايمەن . ئىنلىرى ئۆزـ
ـنىڭ تايىنىدىغان يېرىدىن ئايرىلسىلا ئۇنى بويسۇندۇرۇش ھېچقانچە گەپ
ئەمەس !»

جېڭ جۇاڭگوڭ ئەقبلدارى گوڭ زىلۇينىڭ تەشەببۇسىنى ماقۇل
كۆرۈپتۇ . ئۇ چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەندە جى جۇڭنىڭ ئەل ئىشلىرىنى
ۋەكالـەتەن باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ . جېڭ جۇاڭگوڭنىڭ
ئانـىسى ۋۇ جىياڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشنىڭ پۇرسىتى يېتىپ
كەلگەنلىكىنى تۇيۇپتۇ ۋە كىچىك ئوغلىغا بىر پارچە مەخپىي خەت ئەۋەـ
تىپ بەگلىكنىڭ ئاستانىسىنى ئىشغال قىلىش ۋاقتىنى بەلگىلەپ بېرىپتۇ ،
ئۆزى بولسا ئىچىدىن ماسلاشماقچى بوپتۇ . گوڭ زىلۇي خەت ئېلىپ ماڭـ
غان ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ . خەت جېڭ جۇاڭگوڭنىڭ
قولىغا تاپشۇرۇلۇپتۇ . گوڭ زىلۇي باشقا بىر ئادەمنى خەت ئېلىپ ماڭغان
كىشىنىڭ قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ مەزمۇن جەھەتتىن ھېلىقى خەتكە
ئوخشىشىدىغان خەتتىن بىرنى گوڭ شۇدۇەننىڭ ئالدىغا يوللاپتۇ . گوڭ
شۇدۇەن خەت ئېلىپ بارغان بۇ كىشىگە ئانىسىغا يازغان بىر پارچە خەتنى
تاپشۇرۇپتۇ ۋە خەتتە سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغاشنىڭ كونكرېت ۋاقتىنى
بەلگىلەپتۇ . بۇ خەت يەنە گوڭ زىلۇينىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ . ئۇ ئوخشاش
مەزمۇندىكى خەتتىن يەنە بىرنى يېزىپ ۋۇجىياڭغا يەتكۈزۈپتۇ .

بۇ چاغدا جېڭ جۇاڭگوڭ ئۆزى ئارزۇ قىلغان ئىسپاتقا ئېرىشىپتۇ .
ئۇ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ ، داقا ـ دۇمباق ۋە كاناي ـ سۇناي ساداسى
ئىچىدە جۇ تيەنزىنى تاۋاپ قىلغىلى يولغا ئاتلىنىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بىرلا
ۋاقىتتا ، گوڭ زىلۇي جىڭدى ئەتراپىدىكى قويۇق دەل ـ دەرەخلىككە يېـ
تىپ بېرىپ ، لەشكەرلەرنى مۆكتۈرۈپتۇ ۋە يولۋاسنىڭ تاغدىن چۈشۈشىنى
كۈتۈپ تۇرۇپتۇ .

دېگەندەك ، گوڭ شۇدۇەن نۇرغۇن لاۋۇ ـ لەشكەرنى باشلاپ
ئاكىسى چەت بەگلىككە كەتكەن مەزگىلدە بەگلىك ئاستانىسىنىڭ ئامانلىـ
قىنى ساقلايمەن دېگەن باھانە بىلەن ئاستانىگە قاراپ يول ئاپتۇ . شۇنىڭ

بىلەن جىگدى شەھىرى قۇرۇق شەھەرگە ئايلىنىپ قاپتۇ. گۇڭ زىلۇي ئىشتىن ئاۋۋال شەھەرگە يوشۇرۇپ قويغان بۇزغۇنچىلار شەھەرگە ئوت يېقىۋېتىپتۇ. گۇڭ زىلۇي شەھەر ئىچى پاتىپاراقلىقتا چۈشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىپتۇ ـ دە، شەھەرنى ئىشغال قىلىۋاپتۇ.

شەھەرنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىدىن يېرىم يولغا كەلگەندە خەۋەر تاپقان گۇڭ شۇدۇەن قوشۇننى قايتۇرۇپ كېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ. ئۇ شەھەر سىرتىغا كېلىپلا چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىكلەپ، جىگدىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھازىرلىق كۆرگىلى تۇرۇپتۇ. ئەمما لەشكەرلىرى روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپتۇ. گۇڭ زىلۇي دۈشمەن بارگاھىغا جاسۇس ئەۋەتىپ گۇڭ شۇدۇەننىڭ ئاسىيلىق قىلماقچى بولغانلىقىنى پۇر كەتتۈرۈۋېتىپتۇ. نەتىجىدە، گۇڭ شۇدۇەن لەشكەرلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى بىر كېچىدىلا قېچىپ كېتىپتۇ.

گۇڭ شۇدۇەن ئۆزىگە سادىق بولغان بىرقانچە كىشىنى باشلاپ جەندىنگە قېچىپ بېرىپتۇ. لېكىن بۇ يەرمۇ ئاللىقاچان جىڭ جۇاڭگۇڭ تەرىپىدىن ئىشغال قىلىپ بولغانىكەن. ئاخىرىدا، گۇڭ شۇدۇەن گۇڭ بەگلىكىگە قاراپ قېچىپتۇ. جىڭ جۇاڭگۇڭنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئۇنىڭغا سوڭدىشىپلا كېلىپتۇ. گۇڭ بەگلىكى بەك كىچىك بەگلىك بولغاچقا، جىڭ جۇاڭگۇڭنىڭ لەشكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمەپتۇ. ئۆزىدىن دو قاچقان گۇڭ شۇدۇەن ئاخىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ.

## 2. يۈنىڭ سەپىرى

خەن شىن (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 196 ـ يىللار ئەتراپىدا) دەسلەپتە شىياڭ يۈگە ئەگەشكەن. كېيىنكى كۈنلەردە لىيۇ باڭغا خىزمەت قىلغان ۋە چوڭ سەركەردە ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇ لىيۇ باڭنىڭ ناھايىتى كەڭ زېمىنلارنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىش ئۈچۈن كۆپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەچكە چۇ ۋاڭ دېگەن بىلەن تارتۇقلانغان. شىياڭ يۈ ۋۇجياڭ دېگەن يەردە

ئۆلـۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇھىم سەركەردىسى جۇڭ لىۋېي قېچىپ كـەتـكـەن . لـيـۇ باڭ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى قوغلاتقان . ئەمما ئۇ خەن شىن تـەرىـپـىدىن يوشۇرۇپ قويۇلغان . ليۇ باڭ خەن شىنگە جۇڭ لىۋېينى چىـ قىـرىـپ بېرىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن بولسىمۇ ، خەن شىن بۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتقان .

مىلادىـدىـن بـۇرۇنـقـى 201 ـ يىلى ، بىرى پادىشاھ ليۇ باڭغا خەن شـىـن ئـىـسيان كۆتۈرۈش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ دېگەن مەزمۇندى مەكتۇپ سـۇنـغان . ليۇ باڭ ئەقىلدارى چېن پىڭنىڭ كۆرسەتكەن ھىيلىسى بويىچە ئـىـش تـۇتـۇپ ، يۈنمېڭنى ئايلىنىپ كېلىمەن دېگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە يـەنـە ئەلـچى ئەۋەتىپ ھەرقايسى بەگلەر بىلەن چېنىدى دېگەن يەردە ئۇچـ رىشىشنى ئۇقتۇرغان . خەن شىن بۇ ئۇقتۇرۇشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن بـاشقىلارغا ئوخشاشلا ليۇ باڭ بىلەن كۆرۈشكىلى چېنىدىغا بېرىشقا مەجبۇر بـولـغـان . ئۇلـيۇ باڭنىڭ پۇرسەت تېپىپ ئۆزىنى تۇتۇشىدىن ئەندىشە قىـ لـىـپ ، جـۇڭ لـىۋېينى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ لـيـۇ بـاڭـغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن جۇڭ لىۋېينىڭ بېشىنى ئېلـىـپ لـيـۇ ياڭ بـىلەن كۆرۈشلىكى بارغان . ئەمما ليۇ باڭ يەنىلا خەن شىننى تۇتۇۋالغان .

بـۇ مىسالدا ليۇ باڭ بەگلەر بىلەن كۆرۈشىمەن دېگەن باھانە بىلەن خـەن شـىـنـنـى ئۆزىگە قاراشلىق زېمىندىن ئايرىۋەتكەن ۋە شۇ يول بىلەن ئۇنـى بـاش ئەگدۈرگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە خەن شىن بىلەن جۇڭ لىـ ۋېينىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلىغان .

### 3. ئالداش توغرىسىدا

يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ھېكايە ئون بەشىنچى تەدبىرنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىگە مەنسۇپ . مەزكۇر تەدبىرنى يەنە مۇنازىرە مەيدانىدا قوللىنىشقىمۇ بـولـىـدۇ . مـۇنازىرىلەشكۈچى قارشى تەرەپ پەقەت تامامەن يات ياكى تو- نۇشلۇقى بولمىغان تېما ئۈستىگە باشلىۋېتىلسىلا ئانچە كۆپ كۈچ كەتمەيلا مات قىلىنىشقا ئۇچرايدۇ .

يەنە، سودا سۆھبىتى ۋە توختام تۈزۈش قاتارلىق سودا پائالىيەتلىرىدىمۇ مەزكۇر تەدبىرنى قوللانغىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ توختامغا چېتىلىدىغان مۇنازىرىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ۋە سوت داۋامىدىكى ھۆكۈم چىقارغۇچى ئورۇنلار بىلەن بولغان سۆھبەتتىمۇ بۇ تەدبىر كارغا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تالاش - تارتىش داۋامىدا قارشى تەرەپنى ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان قانۇن مۇھىتىدىن ئايرىۋېتىپ، ئۇنى ئۆزىگە يات بولغان، قانۇنىي ماددىلار جەھەتتە ئۇنىڭغا پايدىسىز بولغان چەت ئەل قانۇن رايونلىرىغا ئېلىپ بېرىپ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

## 4. سۈن سېنىڭ مەدەت تىلىشى

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، كەڭ جۇڭگو زېمىنى ھەر خىل ھەربىي كۈچلەر تەرىپىدىن بۆلۈۋېلىنغانىدى. چاڭجياڭ دەرياسى بىلەن خۇەيخې دەرياسىنىڭ ئارىسىنى كونترول قىلىدىغان ئىككى ئادەم بار ئىدى. سۈن سې (175 — 200) بۈگۈنكى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب رايونلىرىنى باشقۇراتتى. بۈگۈنكى ئەنخۇي ئۆلكىسىگە تەۋە رايونلار بولسا لۇجياڭ ۋالىيسى ليۇ شۈننىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى.

بۇ ئىككى كۈچ چاڭجياڭ دەرياسى بىلەن خۇەيخې دەرياسى ئارىسىدىكى رايونلارنى تالىشىپ ئۇرۇشۇپلا يۈرەتتى. 199 - يىلىغا كەلگەندە، ليۇ شۈننىڭ ئەمەلىي كۈچ دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ سۈن سېغا خەۋپ يەتكۈزۈش دەرىجىسىگە قەدەر بېرىپ يەتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ سۈن سېنىڭ ئاكا بىر ئەشرەپلىرى ۋە ئەقىلدارلىرى ليۇ شۈن بىلەن تىغمۇ تىغ تۇتۇشۇپ ئۇنى بىر جەڭ بىلەنلا يىغىشتۇرۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىشتى. ئەمما باشقا بىر تۈركۈم سەردارلار بولسا ليۇ شۈننى پەم ئىشلىتىپ بىر تەرەپ قىلىشنى قۇۋۋەتلىدى. ئۇلار بۇ كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن تىغمۇ تىغ تۇتۇشۇپ قېلىشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى. جۇ يۈ بۇ بىر

يولۋاسنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنى تاغدىن ئايرىۋېتىشنى ئويتتۇرىغا قويدى ۋە بىر ھىيلىنى تۈزۈپ چىقتى ، سۇن سې ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە يول تۇتتى . چۈنكى ئۇ ليۇ شۈننىڭ غايىلىك ، كۈچلۈك ، مال ـ دۇنياغا قىزىقىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن سۇن سې بىر ئەلچى بەلگىلەپ ، ئۇنىڭغا خەت ۋە نۇرغۇن ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى كۆتۈرتۈپ ، ليۇ شۈننى تاۋاپ قىلغىلى ئەۋەتىۋەتتى .

بۇ ئەلچى ليۇ شۈن تۇرۇۋاتقان لۇجياڭ شەھىرىگە بېرىش يولىدا نۇرغۇن ھەربىي تۇرالغۇلارنى كۆردى . بۇ تۇرالغۇلاردا چوڭ ئۇرۇشقا تەيـ ـيارلىق كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى . ليۇ شۈن بىلەن كۆرۈشۈش ۋاقتىدا ، ئەلچى سەپراس بولۇپ تۇرۇپ كەتكەن ئىككى قاتار قوراللىق لەشكەرلەر- نىڭ ئارىسىدىن ئۆتتى . ئەلچى ليۇ شۈننىڭ ئالدىغا كېلىپ سۇن سېنىڭ خېتىنى تاپشۇردى . بۇ خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى :

«بىز ۋالىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئابرويىنى بەكمۇ ئىززەتلەپ ، ۋالىي بى- لەن ئىتتىپاق ئۆتۈشنى خالايمىز . يېقىنقى يىللار مابەينىدە ئۇرۇشنىڭ ئوتى ئۆچۈپ كەتمىگەچكە ئۆزلىرىنى يوقلاپ كېلىشكە پۇرسەت تاپالمى- دۇق . ھازىر شاڭلياۋلىقلار دائىم لەشكەر ئەۋەتىپ ئاجىز ۋە كىچىك بولغان جياڭنەن رايونىنى پاراكەندە قىلىۋاتىدۇ . كۈچىمىز ئاجىز ۋە زەئىپ بولغاچقا يىراققا سەپەر قىلىشقا قۇربىمىز يەتمەي قالدى . شۇڭا ۋالىي ھەزرەتلىرىنى لەشكەر چىقىرىپ شاڭلياۋلىقلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويارمىكىن دېگەن تەمەدە خەت ۋە سوۋغا ـ سالاملىرىمىزنى يوللىدۇق . مۇبادا ۋالىي ھەزرەتلىرى بۇ تەلىپىمىزگە ماقۇل كېلىدىغان بولسا ، بۇ چاغ جياڭنىڭ جەنۇبىدىكى ئاجىز بەگلىككە بېرىلگەن كاتتا ياردەم ۋە مەدەت بولۇپ قالار ئىدى . »

ئەلچى ئارقىدىنلا سوۋغا ـ سالاملارنى ليۇ شۈنگە ھەدىيە قىلدى . سۇن سېنىڭ خەتتە ئىپادىلەنگەن ساداقىتىگە ليۇ شۈن ھېچقانداق شۈبھىدە بولمىدى . شاڭلياۋ رايونىنىڭ باي ۋە مۇنبەت ئىكەنلىكىنى ئۇمۇ ئاڭلىغانىدى . ئەگەر بۇ رايوننى ئىشغال قىلىۋالسا بەگلىكنى قۇدرەت

تاپقۇزۇشقا چوڭ ياردىمى تېگىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. لىيۇ شۈن دەل مۇشۇ چاغدا سۈن سېنىڭ مەدەت تىلىگەنلىكىدىن ۋە شۈنچىلىك كۆپ سوۋغا ـ سالام ئەۋەتكىنىدىن تازا خۇشال بولماقتا ئىدى. ئەلچىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۇ ناھايىتى كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزدى. زىياپەتتە سۈن سېنىڭ ئەلچىسى ئارقىمۇ ئارقا قەدەھ كۆتۈرۈپ، لىيۇ شۈننىڭ شاڭلياۋلىقلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ غەلىبە قازىنىشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇردى. لىيۇ شۈننىڭ چوڭ ـ كىچىك سەردارلىرىمۇ لىيۇ شۈننى ئارقىمۇ ئارقا مۇبارەكلەشتى. بىراق، بۇ زىياپەتكە ئىشتىراك قىلغان قەلەمدار لىيۇ خۇالا باشتىن ـ ئاخىر پەرىشان ھالدا ئولتۇردى. زىياپەت تۈگىگەندە لىيۇ شۈن ئۇنىڭدىن پەرىشانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىۋىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «شاڭلياۋ گەرچە كىچىك بولسىمۇ شەھەرلىرى مۇستەھكەم، خەندەكلىرى چوڭقۇر، مۇداپىئە قىلماق ئاسان، ھۇجۇم قىلماق تەس، ئۇنى ئىشغال قىلماقمۇ خېلى قىيىنغا توختايدۇ. پېقىر سۈن سېنىڭ بىزگە قارىتا 〈يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش ھىيلىسى〉نى ئىشلىتىپ، لەشكەرلىرىمىزنى دالا سەپىرىدە چارچىتىپ، ئىچكى ئاجىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ بىزگە ھۇجۇم قىلارمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.» ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىدىغان لىيۇ شۈن بىردىنلا خاپا بولۇپ ئۇنىڭغا: «سۆزلىمەيراق قويسىلا، ئەگەر سۈن سې مەن بىلەن راستتىنلا تۇتۇشماقچى بولغان بولسا ئەلچى ئەۋەتمەسلىكى مۇمكىن ئىدى» دېدى. ھەممەيلەن بۇ گەپنى قۇۋۋەتلەشتى. لىيۇ شۈن شۇنداق قىلىپ شاڭلياۋغا جازا يۈرۈشى قىلىشنى قارار قىلدى. لىيۇ شۈننىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شاڭلياۋلىقلار مۇداپىئەنى پۇختىلاپ، ئۇرۇشقا ھازىرلىنىپ تۇردى. كۆپلىگەن لەشكەرنى باشلاپ ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەن لىيۇ شۈن شاڭلياۋغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا شەھەر سېپىلىنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئارقىدىنلا بارلىق لەشكەرلەرگە شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىدىن ھۇجۇم باشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. روھى ئۇرغۇپ تۇرغان شاڭلياۋ لەشكەرلىرى ئارام ئېلىپ كۈچ توپلىۋالغاچقا تاجاۋۇزچىلارغا قارشى شىددەتلىك ئوت ئاچتى. ئوقلار ۋىژىلداپ

ئۇچۇشتى. يوغان ياغاچ ـ تاشلار شەھەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان لەشكەرلەرگە قاراپ دومىلاپ كەلگىلى تۇردى. لىيۇ شۈننىڭ بۇ ھۇجۇمى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى، لەشكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈپلا كەتتى.

لىيۇ شۈن شاڭلىياۋغا قاراپ لەشكەر تارتىش بىلەن تەڭلا سۈن سېمۇ لۇجياڭ شەھىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلاشقا ھازىرلىنىپ تۇرغانىدى. ئۇ لىيۇ شۈننىڭ يولغا چىققانلىقىنى، لۇجياڭنى ساقلاشقا پەقەت ئاجىز ـ ئورۇق، قېرى ـ چۆرىلەرلا قالدۇرۇلغانلىقىنى ئۇققان ھامان قول ئاستىدىكىلەرگە: «ھازىر يولۋاس تاغدىن ئايرىۋېتىلدى. بىز ئالدى بىلەن بۇ يولۋاسنىڭ ئۇۋۇسىنى ئىگىلەپ بولۇپ ئاندىن ئۇنىڭغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرەيلى» دېدى.

شۈننىڭ بىلەن سۈن سې باشلامچىلىقىدىكى لەشكەرلەر لۇجياڭ شەھىرىگە قۇرۇقلۇقتىنمۇ، سۇدىنمۇ ھۇجۇم قوزغىدى ۋە شەھەرگە قاراپ بوراندەك ئۇچتى. لۇجياڭنى ساقلاپ تۇرغان ئاغرىق ۋە يارىدار لەشكەرلەر ھېچقانچە قارشىلىق كۆرسەتمەيلا تەسلىم بولدى. سۈن سې لۇجياڭ شەھىرىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن لىيۇ شۈن تەرەپكە قاراپ قوشۇن تارتتى. لۇجياڭ شەھىرىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان لىيۇ شۈن لەشكەرلىرى ئۇرۇشتىن يالتىيىپ قالغانىدى. شۇڭا ئىككى قوشۇن تۇتۇشۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا لىيۇ شۈن پۈتۈن سەپ بويىچە مەغلۇپ بولدى، ئۈزۈل ـ كېسىل مەغلۇپ بولۇش ۋەزىيىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى تۇيغان لىيۇ شۈن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا: «مەن نېمىدەپ* لىيۇ خۇاننىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندىمەن، ئاخىرى سۈن سېنىڭ ‹يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش› ھىيلىسىنىڭ قۇربانى بولدۇم» دېدى. ئەڭ ئاخىرىدا، ئۇۋۇسىدىن ئايرىلغان بۇ يولۋاس ساۋ ساۋغا بېقىنىشقا مەجبۇر بولدى. سۈن سې شۇ جەڭدىن كېيىن پۈتكۈل جياڭنەن رايونىنى ئۆز ئىشغالىيىتىگە ئېلىپ، ۋۇ بەگلىكىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

## 5 . چېنساڭ قورشاۋى

شەرقىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە، يۇمېن قوۋۇقىنىڭ غەربىدە تارقاق ياشايدىغان چياڭلار توپىلاڭ كۆتۈرگەن ۋە لەشكەر چىقىرىپ ۋۇدۇ ئايمىقىنى قورشاۋغا ئالغان . ۋۇدۇ ئايمىقىنىڭ مەنسەپكە تەيىنلىنەنگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان ۋالىيسى مۇ يۇ بۇيرۇقىغا بىنائەن 30000 لەشكەر باشلاپ توپىلاڭنى تىنچىتقىلى چىققان . ئۇ يېرىم يولغا كەلگەندە 10 مىڭدىن ئارتۇق چياڭلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان ۋە بۇگۇنكى سەنشىدىكى چېنساڭ جىلغىسىدا مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان . چياڭلار مۇ يۇنىڭ چېكىنىش يولىنىمۇ ئۈزۈپ تاشلىغان . توپىلاڭچىلار بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ ئېلىشىشنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالغان . مۇ يۇ چېدىر ـ بارگاھ تىككىشكە بۇيرۇق بەرگەن ۋە دۈشمەننى ھىيلە بىلەن مەغلۇپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن .

ئۇ ئاۋۋال قول ئاستىدىكى كىشىلەر ئارقىلىق چياڭلار ئارىسىغا : « بىز ياردەم تەلەپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتۇق ، ياردەمگە كېلىدىغانلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن داۋاملىق ئىلگىرىلەيمىز » دېگەن گەپنى تارقىتىۋەتكەن .

چياڭلار بۇ گەپنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالغان ۋە قارشى تەرەپنىڭ ياردەمگە كېلىدىغان قوشۇنى يېتىپ كەلگۈچە لىڭشيەن دېگەن يەرگە بېرىپ بۇلاپ ـ تالاپ كېلىشنى قارار قىلىشقان . شۇنداق قىلىپ ، چياڭلار لەشكەرلىرى بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلىپ كېتىشكەن . مۇ يۇ چياڭلارنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپلا ۋۇدۇغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن . ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرگەن ، سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولغان . شۇنىڭ بىلەن بىللە ، مۇ يۇ ئوچاقنى كۆپ كولاش ھىيلىسى ئارقىلىق چياڭلارنى ئالدىغان ، يەنى ھەربىر بىرلەشكەن ھەربىي يۈرۈش سەپىرىدە تاماق ئېتىپ يېگىلى ئوچاق

كولىغاندا ئىككىدىن ئوچاق كولاپ بارغان ۋە كولىنىدىغان ئوچاق سانىنى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيتكەن. چياڭلارنىڭ كاتتىبېشى ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق خەن لەشكەرلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ ئوچاق كولىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ياردەمگە كېلىدىغانلار كۈنسېرى كۆپىيىۋېتىپتۇ دېگەن يەرگە كەلگەن ۋە لەشكەر چېكىندۈرۈشنى قارار قىلغان. مۇ يۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قامال سىزىقىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ۋۇدۇغا يېتىپ بارغان ۋە ۋۇدۇنى قورشىۋالغان چياڭلارنى تارمار قىلىۋەتكەن.

مۇ يۇنىڭ ياردەمچى قوشۇننى كۈتىدىغانلىقى توغرۇلۇق گەپ تارقىتىشى يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش ئىدى. چياڭلار ئۆزىگە تونۇشلۇق ۋە پايدىلىق بولغان چېنساڭ جىلغىسىدىن ئايرىۋېتىلگەندىلا ئاندىن ئۇلارنى يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى.

## 6. دادىيەنزى كەنتىدىكى يەر ئىسلاھاتى

چوي بو يازغان «چەكسىز ئورمان - قارلىق دالا» دېگەن روماننىڭ 29 - بابىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار:

شاۋ جيەنبو قانداق قىلغاندا ما شىشەن ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى 300 نەچچە باندىتنى يوقاتقىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كېچە - كۈندۈز باش قاتۇرماقتا ئىدى. ما شىشەن ۋە ئۇنىڭ باندىتلىرى گوكۇيشەن تېغىنىڭ ئاساسىي چوققىسىدىكى بىر ئۆڭكۈرنى بېسىۋالغان بولۇپ، بۇ ئۆڭكۈرگە چىقىش مۇشكۈل قىيامەت ئىش ئىدى، پەقەت قويۇق ئىپتىدائىي ئورمانلىقتىن ئۆتىدىغان بىر چىغىر يوللا ئەنە شۇ چوققىغا تۇتىشاتتى. بۇ تاغقا ئەڭ يېقىن بولغان كەنت بۇ يەردىن 120 نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا جايلاشقان سۇيفېن دادىيەنزى كەنتى ھېسابلىناتتى.

شاۋ جيەنبو نۇرغۇن باش قاتۇرۇش ئارقىلىق «يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش تەدبىرى» ئارقىلىق باندىتلار ئۈستىدىن غالىب كېلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ يەر ئىسلاھاتى شۆبە ئەترىتىدىكىلەرنى ۋاقتىنچە سۇيفېن

دادىيەنزى كەنتكە بېرىپ يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا بەلگىلىدى. ئۇ يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ۋاستىسى ئارقىلىق بۇ كەنتتىكى زومىگەرلەرگە تېگىپ، بۇ زومىگەرلەر بىلەن زىچ ئالاقىسى بولغان ماشىشەننى بىخەتەر ئۆڭكۈردىن ئايرىپ تاشلاش پىلانىنى تۈزۈپ چىققانىدى.

شۆبە ئەترەت شاۋ جيەنبونىڭ پىلانىغا ئاساسەن ئاۋۋال بۇ كەنتتىكى ئۈچ نەپەر پومېشچىكنىڭ ئاشلىقلىرىنى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى، ئۇلاغلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ بۇ كەنتتىكى كەمبەغەللەرگە بۆلۈپ بەردى. ئۈچ پومېشچىكنىڭ بىرى بولغان جاۋ دافا گوكۇيشەن تېغىغا قېچىپ كەتتى. ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشى شاۋ جيەنبونىڭ ئويلىغانلىرىغا مۇۋاپىق كېلەتتى. جاۋ دافا باندىتلارغا كەنتتىكى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەردى. ما شىشەننىڭ قارىشىچە، قول ئاستىدىكى 300 نەچچە ئاتلىق ئەسكەر بىلەن بارى ـ يوقى 50 نەچچە ئادىمى بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورال ـ ياراغلىرى ئاددىي، پەقەت چاڭغا بىلەنلا قوراللانغان كومپارتىيە شۆبە ئەترىتىنى يوقىتىۋېتىش ھېچ كۈچ كەتمەيدىغانلا بىر ئىش ھېسابلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ ئاخشىملا تاغدىن چۈشۈپ ئەتىسى تاڭ سەھەر بىلەن تەڭ كەنتتىكى كىچىك ئەترەتكە تۇيۇقسىز زەربە بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

شاۋ جيەنبو ئاشۇ كۈنى كېچىسىلا شۆبە ئەترەت جەڭچىلىرىنى باشلاپ چىغىر يول ئارقىلىق گوكۇيشەن تېغىدىن ئەگىپ ئۆتتى. تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلگەندە، ئۇ بىر ئېدىر ئۈستىدە تۇرۇپ قارىۋىدى، باندىتلارنىڭ كەنتتە شۆبە ئەترەتنى ئىزدەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن شۆبە ئەترەت جەڭچىلىرى ھاياجانلىنىپ: « ئاغىنىلەر، قاراڭلار، يولۋاس تاغدىن ئايرىۋېتىلدى » دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

شاۋ جەنبو: « ئەڭ تېز سۈرئەت ۋە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە گوكۇيشەن تېغىدىكى باندىت ئۇۋىسىنى گۇمران قىلىۋېتەيلى! » دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ...

## 7 . هامبله چۇشۇرۇش بۇلىقى

ۋۇ چېڭئېن يازغان رومان «غەربكەساياھەت» تاڭ دەۋرىدىكى راھىب كالان شۈەن جۇاڭنىڭ مىلادى 629 ـ يىلىدىن 645 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھىندىستانغا بېرىپ ماھايانا نومىنى ئەكېلىش ۋەقەسى تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ئىجاد قىلىنغان . شۈەن جۇاڭ يول بويى نۇرغۇن رىيازەتلەرنى چەككەن ، جىن ـ شەيتانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان . لېكىن ، بىرقانچە شاگىرتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا خەۋپ ـ خەتەردىن قۇتۇلۇپ قالغان . بۇ روماننىڭ 53 ـ بابىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار :

تاڭ سېڭ بىلەن جۇباجيې يول ئۈستىدە دەريادىن ئازراق سۇ ئېلىپ ئىچىپتۇ . بىردەمدىن كېيىن ، ئۇلار قورسىقىنىڭ مۇجۇپ ئاغرىۋاتقىنىنى ھېس قىلىپتۇ ، قورسىقى ئاغرىغانسېرى تومپىيىپ چىقىشقا باشلاپتۇ . بۇ چاغدا ئۇلار يول بويىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ ۋە ئىشىك ئالدىدا تۇرغان بىر مومايدىن قورساقلىرىنىڭ تومپىيىپ قېلىش سەۋەبىنى سوراپتۇ . مومايىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە ، بۇ يەر ئەسلىدە ئاياللار دۆلىتى ئىكەن . بۇ دۆلەتتە پەقەت ئاياللارلا بار ئىكەن ، ئەرلەر يوق ئىكەن . ھامىلىدار بولۇشنى خالىغان ئاياللار بۇ دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىشىدىكەن . تاڭ سېڭ بىلەن جۇباجيې بۇ دەريانىڭ سۈيىنى ئىچكەچكە ھامىلىدار بولۇپ قالغانىكەن . ھامىلىنى چۇشۇرۇۋېتىشنىڭ پەقەت بىرلا ئۇسۇلى بار ئىكەن ، يەنى بۇ يەرگە 30 چاقىرىمچە كېلىدىغان يەردە جيېكشەن دەيدىغان بىر تاغ بار بولۇپ ، بۇ تاغدا بىر ئۆڭكۈر ۋە ئۆڭكۈر ئىچىدە ھامىلە چۇشۇرۇش بۇلىقى دەيدىغان بىر بۇلاق بار ئىكەن . بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەندىلا ئاندىن قورساقتىكى ھامىلىدىن خالاس بولغىلى بولىدىكەن . ئەمما بۇ بۇلاققا يەنە بىر ئەۋلىيا تەرىقەتچى ئىگىدارچىلىق قىلىدىكەن . بۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچمەكچى بولغانلىكى كىشى ئۇنىڭغا سوۋغا ـ سالام ، گۆش ـ ھاراق ، مېۋە ـ چېۋىلەرنى تارتۇق

قىلىشى كېرەك بولىدىكەن. ئەمما تاڭ سىڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا ئوخشاش يول ئۈستىدىكى راھىبلەرنىڭ ئانچە كۆپ پۇل - مېلى بولمىغاچقا، ئۇلار قورساقلىرىدىكى بالىنى تۇغماقتىن ئۆزگە ئامال تاپالماي-دىكەن. ئەمما، سۇن ۋۇكۇڭ بۇنىڭدىن قىلچە قورقۇپ قالماپتۇ، ئۇ بىرلا موللاق بىلەن جىياڭشەنگە يېتىپ كېلىپتۇ. سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان تەرىقەتچى راھىبنىڭ قويقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۇ ئەسلىدە كالا باشلىق ئالۋاستىنىڭ ئىنىسى، قىزىلباش تۇگۇنەكنىڭ تاغىسى ئىكەن. سۇن ۋۇكۇڭ قىزىل باشلىق تۇگۇنەكنى يېڭىپ تاشلىغانىكەن. مانا ئەمدى بۇ ئەۋلىيا تەرىقەتچى ئۆز تۇغقىنى ئۈچۈن ئۆچ ئېلىشقا بەل باغلاپتۇ. ئۇ تالاغا چىقىپ سۇن ۋۇكۇڭنى بو-لۇشقا ھاقارەتلەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ كېلىپتۇ. ئىككىيلەن ئىككى قېتىم تۇتۇشۇپتۇ. ئەمما، سۇن ۋۇكۇڭ نېمىلا قىلغىنى بىلەنمۇ بۇلاق سۈيىنى ئالالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شاخېشاڭنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ. ئۇ شاخېشاڭغا بىر سوۋغا تېپىپ كېلىپ بۇلاقنىڭ يېنىغا تىقىپ قويۇشنى، ئۆزى بولسا راھىبنى ئالداشنى ئېيتىپتۇ. ئىككىسى تازا تۇتۇشۇۋاتقان چاغدا شاخېشاڭنىڭ بۇلاقتىن سۇ ئېلىۋېلىشنى تاپىلاپتۇ. شا خېشاڭ بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇ.

سۇن ۋۇكۇڭ تەرىقەتچى ئەۋلىيانى ئۆڭكۈردىن چىقىپ تۇتۇشۇپ بېقىشقا ئۈندەپتۇ ھەمدە بىر ياقتىن ئۇرۇشۇپ، بىر ياقتىن چېكىنىپتۇ. شاخېشاڭ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئىشىكتىن كىرىۋېلىپ بۇلاقتىن بىر سوغا سۇ ئېلىۋاپتۇ ۋە سۇن ۋۇكۇڭغا قاراپ ۋارقىراپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىيلەن بىرلىشىپ «يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش تەدبىرى» دىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىپ، بۇلاقتىن سۇ ئېلىۋېلىپ تاڭ سىڭ بىلەن جۇباجىيېنى قۇتۇلدۇرۇپ قاپتۇ.

سۇن ۋۇكۇڭنىڭ «يولۋاس» نى تاغدىن ئايرىۋېتىشى بۇ يەردە يولۋاسنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئەمەس، بەلكى مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئىدى.

## 8. فەن زېڭنىڭ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قېلىشى

مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 204 ــ يىلى، لىيۇ باڭ شىڭياڭ دېگەن يەردە شىياڭ يۈنىڭ مۇھاسىرىسىدە قاپتۇ، لىيۇ باڭنىڭ ئەقىلدارى چېن پىڭ لىيۇ باڭغا ئارىنى بۇزۇش ھىيلىسى ئارقىلىق شىياڭ يۈنىڭ قوشۇنلىرىنى پارچىلاش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. چېن پىڭنىڭ قارىشىچە، ئەزەلدىن گۇمانخور بولغان شىياڭ يۈگە قارىتا بۇ ھىيلىنى ئىشلىتىش ھەرگىز تەسكە توختىمايتتى.

چېن پىڭ ئادەم ئەۋەتىپ دۈشمەن لاگېرىدا شىياڭ يۈنىڭ ئەقىلدارى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى چوڭ تۆھپە يارىتىپ تۇرۇقلۇقمۇ ئاز ئىنئامغا ئېرىشكەنلىكتىن كۆڭلىدە نارازىلىق ساقلاۋېتىپتۇ دېگەن ئىغۋانى تارقىتىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ لىيۇ باڭ بىلەن بىرلىشىپ شىياڭ يۈنى يوقاتماقچى بولۇۋاتقىنىنى ئېيتىپتۇ. بۇ ئىغۋانى ئاڭلىغان شىياڭ يۈنىڭ كۆڭلىدە راستىنلا گۇمان تۇغۇلۇپتۇ. بۇ گەپ ــ سۆزلەرنىڭ راست ــ يالغىنىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، ئۇ لىيۇ باڭنىڭ بارگاھىغا ئەلچى ماڭدۇرۇپتۇ. لىيۇ باڭ كېلىدىغان ئەلچىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىبۇرۇن مول زىياپەت تەييارلىتىپ قويغانىكەن. شىياڭ يۈنىڭ ئەلچىسى يېتىپ كەلگەندە ئەجەبلەنگەن قىياپەتتە: «شىياڭ ۋاڭنىڭ ئەلچىسىمۇ، مەن ئەسلىدە فەن زېڭنىڭ ئەلچىسىمىكىن دېگەنىكەنمەن» دەپتۇ ــ دە، زىياپەتكە كەلگەن كىشىلەرنى تارقىتىۋېتىپتۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ ئىنتايىن ئاددىي زىياپەت تەييارلاپ ئەلچىنى مېھمان قىپتۇ، بۇ ئەلچى قايتىپ بارغاندىن كېيىن ھەممە ئەھۋالنى شىياڭ يۈگە مەلۇم قىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شىياڭ يۈ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئەقىلدارى بولغان فەن زېڭدىن گۇمانلىنىپ قاپتۇۋە: «ئۇ لىيۇ باڭ بىلەن ئاستىرتىن ئۇچرىشىپ يۈرەمدۇ ــ قانداق» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپتۇ، فەن زېڭ شىياڭ يۈگە شىڭياڭغا ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. شىياڭ يۈ بولسا ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلماپتۇ. شىياڭ يۈنىڭ ئەمدى ئۆزىگە ئىشەنمەيدىغانلىقى فەن زېڭغىمۇ ئايان بوپتۇ. ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ شىياڭ يۈگە: «بۇنىڭدىن

كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقى ئايان بولۇپ بولدى، ئالىيلىرى پەقەت ئۆزىنىلا ئويلىدى، ئەمدى قېرى جېنىمنى ئېلىپ بۇ يەردىن كېتىشكە ئىجازەت بەرگەيلا » دەپتۇ ۋە شۇ غەزەپلەنگىنىچە شىياڭ يۈنىڭ ھۇزۇرىدىن كېتىپ قاپتۇ، بۇ يەردىن كېتىپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپتۇ.

بۇ ھېكايىدە ئالدانغان « يولۋاس» شىياڭ يۈ بىلەن فەن زېڭدىن ئىبارەت بۇ « تاغ » نى ئايرىۋېتىش كۆزدە تۇتۇلغان.

## 9. باياۋاندىكى راھىب

تاڭ سىڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى يول بويى سان ـ ساناقسىز رىيازەتلەرنى چېكىپ كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىر چوڭ تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ كېلىپتۇ. بۇ تاغ «800 چاقىرىملىق شىر تېغى» دەپ ئاتىلىدىكەن. بىر مويسىپىت كىشى ئۇلارنى بۇ تاغدىن ئۆتكەندە سەگەك بولۇش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇپ: « بۇ تاغ ئارىسىدا 《 شىر غارى 》 دېيىلىدىغان بىر ئۆڭكۈر بار. ئۆڭكۈردە ئۈچ قېرى ئالۋاستى ۋە 48 مىڭ كىچىك ئالۋاستى ياشايدۇ. ئۇلار ئادەم يېيىشنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىۋالغان » دەپتۇ.

كېيىنكى سەپەردە، سۇن ۋۇكۇڭ ئۈچ قېرى ئالۋاستىنىڭ ئىككىسىنى يېڭىۋاپتۇ. بۇ ئىككى ئالۋاستى تاڭ سېڭ بىلەن ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى مەزكۇر تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بوپتۇ. ئۇلار ئۆڭكۈردە بۇ ئىش ئۈستىدە كېڭىشىۋاتقاندا ئۈچىنچى ئالۋاستى: « ئۇلار مۇبادا تاغدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى ماڭا يۈكلىگەن بولسا، ئۇلار چوقۇم مېنىڭ 《 يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش 》 تەدبىرىمنىڭ قىلتىقىغا چۈشمەي قالمايتتى » دەپتۇ.

ئىككى قېرى ئالۋاستى ئۈچىنچى ئالۋاستىدىن: « يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش ھىيلىسى » دېگەن نېمەدەپ سورىشىپتۇ. «موللاقچى ئەنقار » دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئۈچىنچى ئالۋاستى ئۆزىنىڭ پىلانىنى بايان قىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىككى ئالۋاستىنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ۋە ئۇ-

نىڭ پىلانىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. بۇ ئۈچىنچى ئالۋاستى 500 چاقىرىم يىراقلىقتىكى «شىر غارى» دىن كەلگەنىكەن. 500 يىلدىن بۇرۇن ئۇ شەھەردىكى ھەننىۋا ئادەمزاتنى يەپ تۈگىتىپ شەھەرنى بېسىۋالغانىكەن. ھازىر ئۇ شەھەردە ساپلا جىن-ئالۋاستىلار ياشايدىكەن. ئۇ تاڭ سېڭلارنىڭ شۇ شەھەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن، ئەمما پەقەت ئۆز كۈچى بىلەنلا ئۇلارنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغىمۇ كۆزى يېتىدىكەن. شۇڭا ئۇ ھېلىقى تاغقا بېرىپ، تاغدىكى ئىككى ئالۋاستى بىلەن قىيامەتلىك ئاكا-ئىنى بولۇشۇپتۇ ۋە تاڭ سېڭنى بىرلىشىپ قەستلىمەككە پۈتۈشۈپ قويۇپتۇ.

بارلىق ئالۋاستىلار ئۈچىنچى ئالۋاستىنىڭ پىلانى بويىچە يول تۇتۇپتۇ. تاڭ سېڭ بىر يۇمشاق كارىۋاتتا ئولتۇرۇپتۇ. سەككىز كىچىك ئالۋاستى كارىۋاتنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقىپتۇ. سۇن ۋۇكۇڭمۇ بۇ ئالۋاستىلاردىن ھېچقانداق ئېھتىيات قىلماي، خېلى ئۇزاپ مېڭىپ يول چارلاشنى داۋام قىپتۇ. يۈك-تاق كۆتۈرۈۋالغان شاخېشاڭ ۋە جۇباجيې ئۇستازىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

400 چاقىرىملىق سەپەر تۈگىگەن چاغدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا توساتتىن بىر شەھەر پەيدا بولۇپ قاپتۇ. شەھەرنىڭ ئۈستىدە توپا-تۇمانلار لەيلەپ يۈرگەچكە، شەھەر ناھايىتى خەۋپلىك كۆرۈنۈپتۇ. سۇن ۋۇكۇڭ بىر قاراپلا كۆڭلىگە شەك كەلتۈرۈپتۇ. دەل شۇ ئەسنادا ئۇ كەينى تەرەپتىن شامالنىڭ تىۋىشى كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپتۇ ۋە دەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپتۇ. قارىغۇدەك بولسا ھېلىقى ئۈچ ئالۋاستى بىردىن ئەلەم خادىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆزىگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقۇدەك. سۇن ۋۇكۇڭ ھېچ ئەيمەنمەيلا سېھىرلىك كالتىكىنى كۆتۈرۈپ قايتۇرما زەربىگە ئۆتۈپتۇ. سۇن ۋۇكۇڭ بىلەن ئالۋاستىلار ئىككى مەرتە ئېلىشىپتۇ. ئەمما يەنە بىرقانچە ئالۋاستى شاخېشاڭ بىلەن جۇباجيېنى تۇتۇۋاپتۇ. ئەمما ھېلىقى سەككىز كىچىك ئالۋاستى تاڭ سېڭ ئولتۇرغان كارىۋاتنى كۆتۈرۈپ ھېچ توسالغۇسىزلا شەھەر ئىچىگە كىرىۋاپتۇ ۋە تاڭ سېڭنى قاماپ قويۇپتۇ،

ئۈچ شاگىرتى ئۆزىنىڭ جېنىنى بىلەن قالغاندا ئۇستازىنى قانداقمۇ قۇتۇلدۇرالىسۇن ؟

مانا بۇ ھېكايىدە « يولۋاس » تاڭ سېلىك بىلەن ئۈچ شاگىرتتىن ئىبارەت «تاغ » نىڭ ئايرىپ تاشلانغانلىقى تەسۋىرلەنگەن .

### 10 . تۈشمۇ تۈشتە قىلىنغان جەڭلەر

1976 ـ يىلى ، مەن جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى بېيجىڭ داشۆسىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا تارىخ ئوقۇۋاتقىنىمدا ، جۇڭگو ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر پروفېسسور ماڭا جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا ۋە گومىنداڭغا قارشى ئۇرۇشتا ئون بەشىنچى تەدبىرنى ئىشلەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى . ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولغانىكەن : دۈشمەننىڭ ئاساسلىق ئەسكىرىي كۈچىنى مەلۇم بىر رايونغا ئالداپ ئاپىرىپ ، ئۇنى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان ھالغا كەلتۈرگەن ۋە تەھدىت كۈچىنى يوق قىلىپ تاشلىغان . قىزىل ئارمىيە دۈشمەننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىسىز بولغان رايونغا ئالداپ ئېلىپ بارغان چاغدا ، ھەربىي ئىشلار نۇقتىسىدا تۇرۇپ قارىغاندا قىزىل ئارمىيە ئۆزىنى مۇددەتلىك پاسسىپ ھالەتتىن قۇتۇلالمىغان ھەمدە پايانسىز رايوندا تۇرۇۋاتقان دۈشمەننى يوقاتقان ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى يوقىتىپ دۈشمەننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى كۆپ دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرغان . ماۋ زېدۇڭ 1936 ـ يىلى يازغان «جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ستراتېگىيە مەسىلىسى » دېگەن ئەسىرىدە بۇ توغرۇلۇق مۇنداق بايان بار :

«بىز ... غەربتىن شەرققىچە دۈشمەننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى جياڭشىنىڭ جەنۇبىدىكى تاياتچ بازىلارغا ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك ... بۇ فاڭجېنىڭ مەركىزى دۈشمەننىڭ ئاساسىي كۈچىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئاجىز يېرىگە زەربە بېرىشتىن ئىبارەت . »

مەن بېيجىڭ داشۆسىدە ئوقۇغان ئىككى يىل داۋامىدا كۆرگەن بەزى كىنولاردا ئون بەشىنچى تەدبىردىن يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك پايدىلىنىلغان نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەر بار ئىكەن. «تۇشمۇ تۇشتە قىلىنغان ئۇرۇشلار» دېگەن كىنو مانا بۇنىڭ بىر مىسالى.

ئەمەلىيەتتە. گومىنداڭ قوشۇنىمۇ ئون بەشىنچى تەدبىردىن قىلچە خەۋەرسىز دېگىلى بولمايدۇ. بۇنى ماۋ زېدۇڭنىڭ 1937 ـ يىلى گومىنداڭنىڭ « يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش تەدبىرى » نى ئىشلىتىپ، كومپارتىيىنىڭ جەنۇبتىكى پارتىزانلىرىنى يوقىتىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئەيىبلىگىنىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شىياڭگاڭدا نەشر قىلىنغان تەدبىر كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، ئون بەشىنچى تەدبىر ئالدى بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى بىر ـ بىرىگە ئورا كولاشتا قوللىنىلىدۇ. بۇ تەبىئىيكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كۈرەش داۋامىدا ھەربىر ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ھەم «يولۋاس»، ھەم «ئوۋچى» بولۇپ قالىدۇ.

«36 تەدبىرنىڭ يېڭى نۇسخىسى» نىڭ ئون بەشىنچى تەدبىر شەرھلەنگەن تۈگەنچە قىسمىدا ئېنگېلسنىڭ بىر پارچە ماقالىسىدىكى مۇنداق بىر جۈملە سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن:

«سەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇشۇڭمۇ، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشىڭمۇ مۇمكىن. بىراق سەن ئەتراپىڭدىكى دۈشمەنلىرىڭنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ھېزى بولۇپ، دۈشمىنىڭنىڭ سىزغان سىزىقىدا ماڭمىساڭلا مەلۇم دەرىجىدە ئەۋزەل ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بولىسەن.»

جۇڭگونىڭ تەدبىر كىتابلىرىدا «سالنامە» دېگەن ئەسەردىكى مۇنداق بىر گەپ نەقىل كەلتۈرۈلگەن:

«ھۇجۇم قىلساڭ خەتەرگە يولۇقۇش ئېھتىماللىقى بولسا، ئۇنداقتا دۈشمەننى ئۆزۈڭگە ھۇجۇم قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرگىن.»

بۇ يەردە ئېيتىلغان «ئۆزۈڭگە ھۇجۇم قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرگىن» دېگەن گەپ «يولۋاسنى تاغدىن چۈشۈرۈش» تىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئون ئالتىنچى تەدبىر

# ئارغامچىنى ئۆزۈن قويۇۋېتىش

يادرولۇق مەزمۇنى : ۋاقتىنچە ئۆز رايىغا قويۇۋېتىش .
تۇتۇۋالماقچى بولغان نەرسىسنى ۋاقتىنچە ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش تەدبىرى.
مۇشۇكنىڭ چاچقان تۇتۇش تەدبىرى .
ۋاقتىنچە قويۇۋېتىش تەدبىرى .
قەلبگە ھۇجۇم قىلىش تەدبىرى .

«زوچيومىڭ تەپسرى» دېگەن كىتابتا «دۈشمەن بىر كۈن قوپۇۋېتىلسە يۈز يىللىق بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ» دېيىلگەن. ئەمما بەزى ئەھۋال ئاستىدا دۈشمەنگە قارىتا «ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىش»گە توغرا كېلىدۇ.

## 1. ئادالەت ئارقىلىق غەلىبە قىلىش

ئالدىنقى ھۆكۈمران لىيۇ بېي ئۆلگەندىن كېيىن، ۋېي بەگلىكىنىڭ پادىشاھى ساۋ پېي: شۇ بەگلىكى ئىگىسىز قالدى. بۇ لەشكەر تارتىپ ھۇجۇم قىلىشنىڭ پايدىلىق پەيتى. جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىگە ئۇزۇن قالمىدى دەپ قارىغان. ئەقىلدار سىما يى ئەقىل كۆرسىتىپ: بىز ئالدى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاق تۈزۈشىمىز، باشقىلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ شۇ بەگلىككە بەش يۆنىلىشتىن قىستاپ ھۇجۇم قىلىشىمىز لازىم، دېگەن. جەنۇبىي مەنلەرنىڭ پادىشاھى مېڭ خو ۋېي بەگلىكىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ لىزۇ مىللىتىنىڭ باشچىسى ئىدى، شۇ بەگلىكىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى، يەنى بۈگۈنكى يۈننەن ئۆلكىسى ئەتراپلىرىنى ئىگىلەپ تۇراتتى.

ھەددى - ھېسابسىز لەشكەرلەرنىڭ شۇ بەگلىككە قاراپ بەش يۆنىلىشتىن ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېڭى ھۆكۈمران لىيۇ چەننى چۆچۈتىۋەتكەن. ئەمما ئۇنىڭ ۋەزىرى بولغان جۇگې لياڭ ساۋ پېيغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ پىلانىنى ئەتراپلىق ئويلىنىپ قويغاچقا ئۆز تەمكىنلىكىنى ساقلاپ قېلىۋەرگەن. ئۇ ئالدى بىلەن ساۋ پېينىڭ ئۇچىنچى يۆنىلىش ئىتتىپاقدىشى، شەرقىي ۋۇ بەگلىكىنىڭ سەرگەردىسى سۇن چۈەننى ئۆز تەرىپىگە ئۆتكۈزگەن ۋە شۇ ئارقىلىق شەرقتىن كېلىدىغان خەۋپنى تۈگەتكەن. دەل شۇ چاغدا، جەنۇبىي مەنلەرنىڭ پادىشاھى مېڭ خونىڭ 100 مىڭ مەن لەشكىرىنى باشلاپ شۇ

بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەن ، جىيەنىنىڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى قاتارلىق ئەمەلدارلار مىڭ خو بىلەن بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرگەن . يەنە بىر قانچە ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرى مىڭ خوغا تەسلىم بولغان . خەنزۇ ۋە جەنۇبىي مەن ئاسىيلىرى مىڭ خوغا بولۇشۇپ يۇڭچاڭغا ھۇجۇم قىلغان . يۇڭچاڭ ۋالىيسىمۇ شەھەر سېپىلى ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن . ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك بولۇپ قالغان .

جۇگې لىياڭ مىڭ خونى ئۆزىگە نىسبەتەن ئەڭ خەۋپلىك ئادەم دەپ ھېسابلىغان . شۇڭا ، مىلادى 225 ـ يىلى ئۇ چوڭ قوشۇن باشلاپ ئۇنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلگەن . بۇ ئۇرۇش تارىختا مەشھۇر « جەنۇپقا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى » دەپ ئاتالغان .

جەنۇبىي مەن ۋە چېنزۇ ئاسىيلىرىدىن بولغان ئۈچ كىشى جۇگې لىياڭنىڭ شەخسەن قوشۇن تارتىپ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپلا ھەربىرى 50 ــ 60 مىڭدىن لەشكەر بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا ئاتلانغان . ئۈچەيلەننىڭ بىرى بولغان ئې خۇەن ئاتلانغان قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغان . يىجۇ دېگەن يەرگە كەلگەندە ئۇ شۇ بەگلىكنىڭ ۋېي تىڭ باشچىلىقىدىكى ئالدىن يۈرەر قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقان ۋە يەكمۇ يەك تۇتۇشۇشنى باشلاۋەتكەن . ۋېي تىڭ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ : « ھەي ئاسىي بەندە ، تەسلىم بولغۇڭ كەلسە بۇرۇنراق تەسلىم بول » دەپ ۋارقىرىغان . ئې خۇەن ۋېي تىڭنىڭ دەۋىتىگە پەرۋا قىلماي ، يوغان بىر گۈرزىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلغان . شۇنىڭ بىلەن ئىككى سەردار جەڭگە چۈشكەن ، بىر قانچە مەرتە تۇتۇشقاندىن كېيىن ۋېي تىڭ يېڭىلگەن بولۇپ كەينىگە قاراپ قاچقان . بۇ قېچىشنىڭ كەينىگە نېمە يوشۇرۇنغانلىقىنى ئاڭقىرىپ ئۈلگۈرمىگەن ئې خۇەن ئاتقا مىنىپلا ئۇنى قوغلىغان . ئۇلار ئۇزۇنغا بارمايلا كۆككە كۆتۈرۈلگەن چوقان ـ سۈرەن ساداسى بىلەن تەڭلا شۇ بەگلىكى قوشۇنىنىڭ بىر تارمىقى پەيدا بولغان ـ دە ، ئې خۇەننى تىرىك تۇتۇۋالغان . ئۇلار ئې خۇەننى جۇگې لىياڭنىڭ بارگاھىغا

ئېلىپ بارغان.

جۇگې لياڭ بۇ يەردە «ئارغامچىنى ئۈزۈن قويۇۋېتىش» تەدبىرىنى ئىشلەتكەن. ئۇ خۇەننى باغلاقتىن بوشاتقۇزۇپ، ئۇنى هاراق ـ شاراب بىلەن مېهمان قىلغان ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:

— گاۋدىڭ جانابلىرىنىڭ ئادالەتكە هېرىسمەن ئادەم ئىكەنلىكى ماڭا ئايان، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپ مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. بۈگۈن مەن سىلىنى قويۇۋېتىمەكچىمەن، قايتىپ بېرىپ گاۋدىڭ جانابلىرىغا ئېيتقايلا، ئۇ بۇرۇنراق تەسلىم بولۇپ، بالايىئاپەتتىن خالاس بولسۇن.

ئې خۇەن جۇگې لياڭغا تەشەككۇر بايان قىلىپ بۇ يەردىن قايتىپ كەتكەن ۋە گاۋدىڭغا جۇگې لياڭنىڭ كەڭ قورساقلىق قىلغانلىقىنى ئېيىتىپ بەرگەن. گاۋدىڭ بۇنىڭدىن بەكمۇ تەسىرلەنگەن.

ئەتىسى باش سەركەردە كېلىپ گاۋ دىڭدىن ئې خۇەننىڭ قانداق قىلىپ قايتىپ كېلەلىگەنلىكىنى سورۇشتۇرغان. گاۋ دىڭ ئۇنىڭغا:

— جۇگې لياڭ ئادالەت يۈزىسىدىن ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ، — دېگەن، ياش سەركەردە بۇنىڭغا قارىتا مۇنداق دېگەن:

— بۇ جۇگې لياڭ ئىشلەتكەن ئارىنى بۇزۇش هىيلىسى، پىقىر بىلەن گاۋ دىڭنى كېلىشەلمىسۇن دەپلا ئۇ مۇشۇ هىيلىنى ئىشلەتكەن!

گاۋدىڭ باش سەركەردىنىڭ بۇ سۆزىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەگەن.

ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گاۋ دىڭ بىلەن باش سەركەردە ئىككىسى يولغا بۆلۈنۈپ شۇ بەگلىكى قوشۇنلىرىغا قارشى هۇجۇمغا ئۆتكەن. ئەمما جۇگې لياڭ ئۇلار كېلىدىغان يەرگە ئالدىبۇرۇن بۆكتۈرمە قويۇپ ئۆلگۈرگەن. هۇجۇمچى قوشۇننىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلتۈرۈلگەن، ياردار قىلىنغان، يەنە بىرمۇنچىسى تىرىك تۇتۇۋېلىنغان؛ تىرىك تۇتۇۋېلىنغانلارنىڭ هەممىسى شۇ بەگلىكى قوشۇنىنىڭ بارگاهىغا هەيدەپ ئېلىپ بېرىلغان ۋە باش سەركەردە بىلەن گاۋ دىڭنىڭ

لەشكەرلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى يەرگە قامالغان . جۇگې لياڭ باشقىلار ئارقىلىق بۇ ئىككى بۆلۈك لەشكەرلەر ئارىسىغا « گاۋدىڭنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەر ئۆلتۈرۈلمەيدۇ ، باش سەركەردىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بىرىمۇ تىرىك قالدۇرۇلمايدۇ » دېگەن ئىغۋانى تارقىتىۋەتكەن . قاماقتىكى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ گەپتىن تولۇق خەۋەر تېپىشقان . كېيىن ، جۇگې لياڭ باش سەركەردىنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرنى ئۆز بارگاھىنىڭ ئالدىغا ئەكەلگەن ۋە ئۇلاردىن :

ـــ قېنى ئېيتىڭلار ، سىلەر كىمنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەر؟ ـــ دەپ سورىغان .

لەشكەرلەر خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا :

ـــ بىز گاۋ دىڭنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەر ، ـــ دەپ جاۋاب بېرىشكەن .

جۇگې لياڭ بۇ بىر بۆلۈك لەشكەرلەرنى كەچۈرۈم قىلغان ۋە ئۇلارغا زىياپەت بېرىپ بولۇپ كەلگەن يېرىگە قايتۇرۇۋەتكەن .

جۇگې لياڭ ئارقىدىنلا گاۋ دىڭنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرنى ئەكېلىپ ئۇلاردىنمۇ ئوخشاشلا بىر سوئالنى سورىغان . بۇ ئادەملەرمۇ ئوخشاشلا : « بىز گاۋ دىڭنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەر » دەپ جاۋاب بېرىشكەن . جۇگې لياڭ يەنە ئۇن ئالتىنچى تەدبىرنى قوللىنىپ ، بۇ لەشكەرلەرنىمۇ كەچۈرۈم قىلغان ۋە زىياپەت بېرىپ بولۇپ مۇنداق دېگەن :

ـــ باش سەركەردە بۈگۈن تەسلىم بولدى ، ئۇ يەنە ئىككى سەردار ئىشىدىنىڭ كاللىسىنى تەقدىم قىلىپ گۇناھىنى يۇماقچى بولۇۋېدى ، مەن ئۇنىمىدىم . بۇ ئىككى سەركەردىنىڭ بىرى گاۋ دىڭنىڭ قول ئاستىدىكى سەردار ، مەن ئۇنى قويۇپ بەرمەكچىمەن ، ئەڭ ياخشىسى ئۇ يەنە ئاسىيلىق قىلمىسۇن ، قايتا تۇتۇلۇپ قالسا ھەرگىز كەچۈرمەيمەن !

بۇ لەشكەرلەر رەھمەت ـ تەشەككۈرلىرىنى ئېيتىپ بولۇپ ئۆز بارگاھلىرىغا قايتىپ بارغان ۋە گاۋ دىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ باش سەركەردىگە مۇناسىۋەتلىك گەپلەرنى يەتكۈزگەن . بۇ گەپنىڭ راست ـ يالغىنىنى

ئايرىش ئۈچۈن ئۇ بىر مەخپىي ئايغاقچىنى جۇگې لياڭنىڭ بارگاھىغا ئەۋەتكەن. بۇ ئايغاقچى يوشۇرۇنۇپ ياتقان قاراۋۇل لەشكەرلەر تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىنىپ، جۇگې لياڭنىڭ ئالدىغا ئەكېلىنگەن. جۇگې لياڭ ئۇنى قەستەنگە باش سەركەردىنىڭ ئادىمى دەپ قاراپ ئۇنىڭدىن:

— سىلەرنىڭ سەردارىڭلار ئۆز سەركەردىسى گاۋ دىڭ بىلەن جۇ باۋنىڭ كاللىسىنى ئەكېلىپ بەرمەكچىدى، ھېلىغىچە ھېچ گەپ يوق، ئۇ نېمىشقا بۇنداق ئارقىغا تارتىدۇ؟ — دەپ سورىغان.

بۇ ئايغاقچى بۇ سوئالغا ئېنىق بىرنېمە دەپ جاۋاب بېرەلمەي قالغان. جۇگې لياڭ ئۇنى زىياپەت بېرىپ مېھمان قىلغاندىن كېيىن بىر پارچە مەخپىي خەتنى ئۇنىڭغا بەرگەن ۋە: «سەردارىڭلار مۇشۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان باش سەركەردىگە كۆرسەتسۇن ۋە بۇرۇنراق قول سالسۇن، بولمىسا چوڭ ئىشلارغا دەخلى يېتىدۇ» دېگەن.

ئايغاقچى قايتىپ بارغاندىن كېيىن گاۋ دىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ۋە مەخپىي خەتنى ئۇنىڭغا بەرگەن. گاۋ دىڭ بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن ۋە: «مەن تېخى ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپتىمەن، ئۇ بولسا ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچىكەن، بۇنىڭغا زادى چىداپ تۇرالمايمەن» دېگەن. ئۇ دەرھال ئې خۇەننى چاقىرتىپ كەلگەن ـ دە، قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سورىغان. ئې خۇەن جۇگې لياڭغا بەكمۇ قايىل بولغاچقا مۇنداق دەپ مەسلىھەت كۆرسەتكەن:

— جۇگې لياڭ ئادالەتپەرۋەر ئادەم، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلىش ئۇبدان ئىش ئەمەس، بىزنىڭ ئەسكىلىك قىلىپ، يۈز ئۆرۈشىمىز باش سەركەردىنىڭ سەۋەبىدىن بولدى، ئەڭ ياخشىسى باش سەركەردىنى ئۆلتۈرۈپ، جۇگې لياڭغا ئەل بولايلى.

ئۇلار مەسلىھەتنى مانا مۇشۇنداق پىشۇرۇشقان، گاۋ دىڭ باش سەركەردە بىلەن يەنە بىر سەردارنى ئۆلتۈرۈپ، جۇگې لياڭغا ئەل بولغان. جۇگې لياڭ ئۇنى يىجۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن.

جۇگـې لـيـاگـنـىـڭ بـۇ قـېتىمقى غەلىبىسى پەقەتلا ئون ئالتىنچى تـەدبىرنى ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈنلا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئەمەس . ئۇ يەنە ئا-رىـنـى بۇزۇش ھىيلىسى ۋە باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق باشقىلارنى بابلاش-ھـىـيـلـىـسـىـنىمۇ ئىشلەتكەن . بۇنىڭغا ئوخشاش ، كۆپلىگەن تەدبىرلەرنى بىـرلـەشـتـۈرۈپ قـولـلـىنىش ئۇسۇلى جۇگگودا « بىرقانچە تەدبىرنى تەڭ قوللىنىش تەدبىرى » دەپ ئاتىلىدۇ .

## 2 . يەتتە قېتىم تۇتۇۋېلىپ ، يەتتە قېتىم قويۇۋېتىش

جـۇگـې لياڭ قوشۇن باشلاپ داۋاملىق جەنۇبقا قاراپ يۈرۈش قىل-غـان . ئۇ يـۈرۈش ئۈسـتـىـدە كـېـتـىـۋاتـقـانـدا پـادىـشـاھـنـىـڭ ئەلچى ئەۋەتـكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان . ئەۋەتىلگەن ئەلچى ما سۇ بولۇپ ، ئۇ پا-دىـشـاھـنـىـڭ پـەرمانىغا ئاساسەن ئۈچ يۈنىلىشتىكى قوشۇننى تارتۇقلىغىلى نۇرغۇن ئىنئاملارنى ئەكەلگەن . جۇگې لياڭ پادىشاھنىڭ پەرمانىنى ئاڭلاپ بـولغاندىن كېيىن ما سۇ بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەن . ئۇ پاراڭ ئارىلى-قىدا مۇنداق دېگەن :

ـــ پـېـقـىـر پـادىـشـاھـنـىـڭ پـەرمـانـىغا بىنائەن جەنۇبىي مەنلەرنى تـىـنـچـىتماقچىمەن ، مۇبارەك نامىرىنى ئاڭلىغىلى ئۇزۇن بولدى ، ئۆزلىرى-نىڭ تەلىمىگە موھتاجمەن .

ماسۇ مۇنداق دېگەن :

ـــ مـۇبـادا غـەلـەت گـەپ قـىـلـىـپ قـويسام ، ۋەزىر جانابلىرىنىڭ تـۇزىتىۋېلىشىنى سورايمەن ، جەنۇبىي مەنلەرنىڭ زېمىنى ئۇزاقتا ، تاغلىرى خـەتـەرلـىـك ، ئۇلارنـى تـىـنـچـىـتـىـشـقـا ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدۇ . بۈگۈن تـىـنچىتىلغان بىلەن ، ئەتە يەنە قايتا باش كۆتۈرۈۋالىدۇ . ۋەزىرنىڭ چوڭ قـوشـۇنـى ئۇ يـەرگـە يـېتىپ بارسىلا ئۇلارنى تىنچىتالايدۇ . ئەمما قايتىش سـەپـىـرىـدە شـىـمالدىكى ساۋ پېي ئۈستىگە بېسىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ . جـەنـۇبـىي مەنلەرنىڭ لەشكەرلىرى ئەگەر ئارقا سەپنىڭ بوش قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قـالـسىلا ئۇلار يەنە تېزدىن باش كۆتۈرۈۋالىدۇ . پېقىرنىڭ لەشكەر

ئىشلىتىشتىكى يولى — دۈشمەننىڭ قەلبىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشنى كېيىنكى ئورۇنغا قويۇش، قەلب ئۇرۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا، لەشكەر ئۇرۇشىنى كېيىنكى ئورۇنغا قويۇشتىن ئىبارەت. ۋەزىرنىڭ دۈشمەننىڭ قەلبىنى بويسۇندۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇگې لياڭ:

— ماسۇ جانابلىرى ھەقىقەتەن كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىلا، — دېگەن ۋە ما سۇنى قالدۇرۇپ، جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەشنى داۋاملاشتۇرغان.

جەنۇبىي مەنلەرنىڭ پادىشاھى مېڭ خو جۇگې لياڭنىڭ شەخسەن قوشۇن تارتىپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقىنىدىن ۋە گاۋ دىڭ قاتارلىق ئۈچ ئىنتىپاقداشنىڭ يوقىتىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان. ئۇ ئالمان - تالمان ئۈچ تەرەپ سەردارلىرىنى چاقىرتىپ كېڭەش ئۆتكۈزگەن. ئۈچ تەرەپ سەردارلىرى ئۆز ئالدىغا 50 مىڭدىن لەشكەر باشلاپ جۇگې لياڭغا قارشى جەڭگە ئاتلانغان. نەتىجىدە، بىرىنچى تەرەپ سەردارى جىن خۇەن بېشىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئىككىنچى تەرەپ سەردارى دۇڭ چانا بىلەن ئۈچىنچى تەرەپ سەردارى ئاخۇيىنەن بولسا تىرىك تۇتۇۋېلىنغان، تىرىك تۇتۇۋېلىنغانلار جۇگې لياڭنىڭ چېدىرىغا يالاپ كىرىلگەن. جۇگې لياڭ ئۇلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى يەشتۈرۈۋېتىپ، زىياپەت بېرىپ مېھمان قىلغان. جۇگې لياڭ ئاخىرىدا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ماكانىغا قايتۇرۇۋەتكەن ۋە ئىككىنچى ئەسكى ئىش قىلماسلىقنى جېكىلىگەن. بۇ ئىككى سەردار رەھمەت - تەشەككۈرلىرىنى بايان قىلىپ بولۇپ، كۆز يېشى قىلىشقىنىچە قايتىپ كېتىشكەن. جۇگې لياڭ يېنىدىكىلەرگە: «كېيىنكى قېتىم جەزمەن مېڭ خو ئۆزى لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ، ئېھتىمال ئۇ شۇ چاغدا تۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن ۋە جاۋ يۈن، ۋېي تىڭلارنى چىللاپ كېلىپ بەزى ئىشلارنى تاپشۇرغان. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بەش مىڭدىن لەشكەرنى باشلاپ جەڭگە ماڭغان، ئۇ يەنە ۋاڭ پىڭ، گۇەن سولارنى چاقىرتىپ كېڭەش ئۆتكۈزگەن. ئۇلارمۇ قوشۇن باشلاپ چىقىپ كېتىشكەن.

مىڭ خو ئۈچ تەرەپ سەردارلىرىنىڭ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن غەزىپىنى باسالماي قالغان ۋە ئۆزى قوشۇن باشلاپ شۇ قوشۇنلىرى ئۇستىگە يۈرۈش قىلغان. شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنلىرى تۇتۇشا - تۇتۇشمايلا يېڭىلگەن بولۇۋېلىپ قېچىپ كەتكەن. مىڭ خو ئۇلارنى ئىز بېسىپ قوغلىغان. قوغلاپ 20 چاقىرىم يىراقلىقتا بارغاندا بىر توپ شۇ بەگلىكى لەشكەرلىرى ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قال- غان - دە، ئۇنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان. چېكىنىش يولى ئۈزۈلۈپ قالغان مىڭ خو هايات - ماماتلىق جېڭى قىلىشقا بەل باغلاپ تاغقا قاراپ قاچقان. ئۇ قوشۇن باشلاپ قېچىپ كېتىۋېتىپ يەنە بىر تۈركۈم شۇ بەگلىكى قوشۇنىغا دۇچ كېلىپ قالغان. مىڭ خو بىلەن لەشكەرلىرى ئۆزىدىن كۆپ بولغان دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمىگەن. مىڭ خو بولسا شۇ بەگلىكنىڭ سەردارى ۋېي تىڭ تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇۋېلىنغان.

ئەمما، جۇگې لياڭ ئۆز بارگاھىدا زىياپەت تەييارلاپ ئەتىۋارلىق مېھمانىنى كۈتكەندەك كۈتۈپ ئولتۇرغان. يەتتە رەت مۇھاپىزەتچىلىرىنى تىزىپ ئىنتايىن ھەيۋەتلىك بىر كەيپىيات شەكىللەندۈرگەن. ئۆزى بولسا بارگاھ ئىچىدە راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ، ئەسىرگە چۈشكەن جەنۇبىي مەنلەر- نىڭ لەشكەرلىرىنى ئەكىرىشكە بۇيرۇق بەرگەن. ئۇ ئەسىرلەرنىڭ ئۇستىبېشىدىكى ئارغامچىنى يەشتۈرۈۋېتىپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ:

— شۇنچە ئوبدان پۇقرالار ئىكەنسىلەر، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مىڭ خو تەرىپىدىن لەشكەرلىككە تۇتۇلۇپ، كۆپ رىيازەت چەكتىڭلار، ئاتا - ئاناڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇن - بالىلىرىڭلار ئىشىكىڭلار ئالدىدا سىلەرنى كۈتۈۋاتىدۇغۇ دەيمەن، مۇبادا ئۇلار ئۇرۇشتا يېڭىلگە- نىڭلارنى ئاڭلىسا يۈرەكلىرى پارە - پارە بولىدۇ، قان يىغلايدۇ. مەن بۈگۈن سىلەرنى قويۇپ بەرمەكچىمەن، ھەر قايسىڭلار ئاتا - ئاناڭلار- نىڭ، قوۋمى - قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ، خوتۇن - بالىلىرىڭلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغايسىلەر، — دېگەن ۋە ئۇلارغا ئاش - تائام، هاراق - شاراب ئىنئام قىلىپ قويۇپ بەرگەن. جەنۇبىي مەنلەرنىڭ

لەشكەرلىرى كۆز يېشى قىلىپ خوشلاشقان. جۇگې لياڭ كۈچتۈڭگۈرلەرىگە مېلىڭ خونىنى يالاپ كىتىرىشنى بۇيرۇغان. جۇگې لياڭ ئۇنىڭدىن سورىغان:

— مەن بۈگۈن سېنى تۇتۇۋالدىم، بۇنىڭغا قايىل بولدۇڭمۇ ـ بولمىدىڭمۇ؟

مېلىڭ خو جاۋاب بەرگەن:

— تاغلار خەتەرلىك، يوللار تار بولغاچقىلا تۇتۇلۇپ قالدىم، بۇنىڭغا قانداقمۇ قايىل بولاي؟

— ئەگەر قايىل بولمىساڭ مەن سېنى قويۇپ بېرەي، بولامدۇ؟

— مېنى قويۇپ بەرگىن، قوشۇنۇمنى رەتلىۋالاي، ئۇنىڭدىن كېيىن بىز تۇتۇشۇپ باقايلى، ئەگەر يەنە بىر مەرتە قولغا چۈشۈپ قالسام مەن جەزمەن قايىل بولىمەن.

جۇگې لياڭ دەرھال بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۇنى باغلاقتىن بوشىتىپ، كىيگىلى كىيىم، يېگىلى ئاش ـ تائام، ھاراق ـ شاراب بېرىپ ئاتلىق يولغا سېلىپ قويغان. جۇگې لياڭ ئۆز ئادەملىرىگە چۈشەندۈرۈپ: «مېنىڭ بۇ ئادەمنى تۇتۇۋېلىشىم خۇددى ئۆز يانچۇقۇمدىكى بىرەر نەرسىنى ئالغاندەكلا بىر ئىش. ئۇنىڭ قەلبى بويسۇندۇرۇلسىلا ھەممە ئىش تىنچىپ قالىدۇ» دېگەن.

مېلىڭ خو لۇشۇي دەرياسىدىن ئۆتۈپ چېدىر ـ بارگاھلىرىنى تىككەن ھەمدە شۇ بەگلىكى قوشۇنى تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلگەن مەن لەشكەرلىرىنى يېڭىباشتىن توپلاپ، بىر قوشۇن تەشكىللىگەن. ئۇ يەنە ئادەم ئەۋەتىپ جۇگې لياڭ تەرىپىدىن قويۇپ بېرىلگەن دۇڭ چانا بىلەن ئاخۇيىنەننى چاقىرتىپ كەلگەن. بۇ ئىككىيلەننىڭ رايى بولمىسىمۇ، لېكىن مېلىڭ خودىن قورققاچقىلا لەشكەر باشلاپ كېلىشكە مەجبۇر بولۇشقان. مېلىڭ خو ئۇلارغا:

— مەن لۇشۇي دەرياسىدىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇققا تايانماقچىمەن، بارلىق قېيىق ـ ساللارنى جەنۇبىي قىرغاققا توپلاپ، ئۇ ئەتراپقا توپا

دۆۋىلەپ، خەندەك قېزىشلار، جوگې لياڭنىڭ ھىيلە ئىشلەتكەنلىكىنى ئەمدى بىر كۆرەي! — دېگەن.

مېڭ خونىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرۇش تەدبىرىگە ئاساسەن، جوگې لياڭ ما دەيگە لوشۇي دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى سۇ ئاستا ئاقىدىغان يەردىن دەريادىن ئۆتۈش ۋە مېڭ خونىڭ ئاشلىق توشۇيدىغان يولىنى ئۈزۈپ تاشلاش بۇيرۇقىنى بەرگەن.

ما دەي مېڭ خونىڭ 100 نەچچە ئاشلىق توشۇيدىغان ھارۋىسىنى قولغا چۈشۈرگەن. مېڭ خو ما دەي بىلەن ئۇرۇشقىلى دۇڭ چانانى ئەۋەتكەن. ما دەي ئات بىلەن دۇڭ چانانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى ۋاپاسىز مەخلۇق دەپ تىللىغان. نەتىجىدە، قاتتىق ئىزا تارتقان دۇڭ چانا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي، بىرەر تالمۇ ئوق ئاتماي چېكىنىپ كەتكەن.

بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كەلگەن مېڭ خو دۇڭ چانانىڭ بېشىنى ئېلىشنى بۇيرۇغان. قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ يالۋۇرۇپ يېلىنىشى بىلەنلا نەچچە كالتەك يەپ قۇتۇلۇپ قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق قەبىلە باشلىقلىرى دۇڭ چانانىڭ چېدىرىغا يىغىلىپ مۇلاھىزە قىلىشقان ۋە: «مېڭ خونى ئۆلتۈرۈپ، جوگې لياڭغا بېقىنايلى، پۇقرالىرىمىزمۇ ئازاب چېكىشتىن خالاس بولسۇن» دېيىشكەن. بۇ مۇلاھىزە دۇڭ چاناغىمۇ خوپ كەلگەن، شۇڭا ئۇ شەمشىرىنى ئويىنىتىپ، نەچچە ئادەمنى باشلاپ ئۇدۇل مېڭ خونىڭ چېدىرىغا بېسىپ كىرگەن. ئۇلار كىرگەندە مېڭ خو غەرق مەست ھالدا ياتقان بولۇپ، ئۇ دۇڭ چانا تەرىپىدىن چەمبەرچاس قىلىپ باغلانغان. ئۇلار مېڭ خونى ئېلىپ لوشۇي دەرياسىدىن ئۆتۈپ جوگې لياڭنىڭ ئالدىغا كەلگەن. جوگې لياڭ ئۇلارنى قاتمۇ قات تارتۇقلىغاندىن كېيىن ئۇ مۇھاپىزەتچىلىرىگە مېڭ خونى يالاپ كىرىشكە بۇيرۇغان. جوگې لياڭ كۈلۈپ تۇرۇپ مېڭ خودىن:

— بىز بۇرۇن كېلىشىۋالغان، قايتا قولغا چۈشۈپ قالسام قايىل بولىمەن دېگەنىدىڭ، بۇگۈن نېمە دەيسەن؟ — دەپ سورىغان. مېڭ خو

مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

— بۇ قېتىمقى مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس، ئۆز ئادەملىرىمنىڭ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن شۇنداق بولغان تۇرسا، قانداقمۇ قايىل بولاي؟ ... ئەگەر ۋەزىر ئەزەم مېنى ئۆز خەلقىم ئارىسىغا قويۇپ بەرسە مەن يەنە قوشۇن باشلاپ ئۇرۇشقا چىقسام، قايتا بىر ئېلىشىپ باقساق، مۇبادا ۋەزىر ئەزەمگە قايتا تۇتۇلۇپ قالغۇدەك بولسام ئۇ چاغدا چىن كۆڭلۈمدىن باش ئېگىمەن، ھەرگىز ئۆزگىرىپ كەتمەيمەن.

جۇگې لياڭ مېڭ خونى يەنە بوشاتقۇزۇۋەتكەن، زىياپەت بېرىپ مېھمان قىلغان. ئاخىرىدا ئۇ مېڭ خونى تاكى لۇشۇي دەرياسىنىڭ بويىغىچە ئۇزىتىپ بېرىپ، قولۋاق بىلەن قارشى قىرغاققا يولغا سېلىۋەتكەن. مېڭ خونىڭ قايتىپ كېلىپ قىلغان تۇنجى ئىشى دۇڭ چانا بىلەن ئاخۇينەبىنى ئالداپ ئەكېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىش بولغان. ئاندىن كېيىن ئۇ ئۆز ئىنىسى مېڭ يۇ بىلەن جۇگې لياڭغا قارشى قانداق تەدبىر قوللىنىش توغرىسىدا كېڭەشكەن. مېڭ يۇ ئاكىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ھەددى-ھېسابسىز ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت، پىل چىشى، بۆكەن مۈڭگۈزى قاتارلىق سوۋغا-سالاملارنى ئېلىپ، يۈز نەچچە لەشكەرنى كەينىگە سېلىپ، لۇشۇي دەرياسىدىن ئۆتۈپ جۇگې لياڭنىڭ قارارگاھىغا قاراپ ماڭغان.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان جۇگې لياڭ بىرقانچە سەردارنى چاقىرتىپ ھەرقايسىغا لايىق ئىش تاپىلىغان. ھەممە ئىش پۈتكەندىن كېيىن مېڭ يۇنىڭ بارگاھىغا كىرىشىگە ئىجازەت بەرگەن. مېڭ يۇ مۇنداق دېگەن:

— ئاكام مېڭ خو ھەزرەتلىرىنىڭ شاپائىتى بىلەن بىر ئۆلۈمدىن ئامان قالدى. شەپقەتلىرىگە لايىق بولمىسىمۇ، ئازراق ئالتۇن-كۈمۈش، جاۋاھىراتلارنى سوۋغات قىلىپ ئەكەلدۇق، لەشكەرلىرىگە خىراجەت قى-

لىپ بەرگەيلا. يەنە باشقا سوۋغاتلارنى ئېلىپ پادىشاھىمىزمۇ تاۋاپ قىلىپ كېلەرمىز». جۇگې لياڭ مېڭ يۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن زىياپەت ھازىرلىتىپ ئۇلارنى كۈتۈۋالغان. مېڭ يۇ بىلەن بىللە كەلگەن يۈز نەچچە لەشكەرمۇ زىياپەتكە قاتناشتۇرۇلغان. ئۇلار بىر ـ بىرىگە خوش ئېيتىشىپ، راسا يەپ ـ ئىچىشكەن. مېڭ خو دەل شۇ چاغدا ئۆز بارگاھىدا تۇرۇپ تەقەززالىق ئىچىدە خەۋەر كۈتكەن.

خەۋەر تىڭ تىڭلىغىلى كەتكەن ئىككى كىشى ئاخىرى قايتىپ كەلگەن ۋە ئۇ يەردە ھەممە ئىش جايىدا كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇلار پەقەت مېڭ خونىڭ يېرىم كېچىگە يېقىن تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتقان. بۇنى ئاڭلاپ كۆڭلى يايراپ كەتكەن مېڭ خو بەلگىلەنگەن پۇرسەت يېتىپ كېلىشى بىلەنلا 30 مىڭ مەن لەشكىرىنى باشلاپ شۇ بەگلىكى قوشۇنلىرىنىڭ بارگاھىغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلغان. مېڭ خو ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولغان يۈز نەچچە سەردارنى باشلاپ، ئۇدۇل جۇگې لياڭنىڭ بارگاھىغا قاراپ ماڭغان. ئۇلار يول بويى ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىغان. ھەتتا قارارگاھنىڭ دەرۋازىسىمۇ ئوچۇق تۇرغان. مېڭ خو ۋە ئۇنىڭ سەردارلىرى قەدىمىنى تېزلىتىپ، بارگاھقا كىرگە ـ نۇ، قارارگاھتا بىرمۇ ئادەمنى كۆرەلمىگەن. ئۇ جۇگې لياڭنىڭ چېدىرىغا بۆسۈپ كىرگەن، چېدىردا چىراغلار يورۇپ تۇرغان. ئۇلار قارىغۇدەك بولسا مېڭ يۇ بىلەن ئۇنىڭ يۈز نەچچە لەشكىرى ھوشسىز ھالدا يېتىشقان. ئەسلىدە، ئۇلارغا قويۇپ بېرىلگەن شاراپقا بىھوش قىلىش دورىسى ئارىلاشتۇرۇلغانىكەن.

مېڭ خو ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم جۇگې لياڭنىڭ ھىيلىسىنىڭ قاپقىنىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سەزگەن. نەتىجىدە ئۇ يەنە شۇ بەگلىكى لەشكەرلىرى تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇۋېلىنغان. جۇگې لياڭ يەنە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئىنىڭنى ئەۋەتىپ يالغاندىن تەسلىم بولغان بولۇۋالدىڭ . بۇنى مېنى سەزمەيدۇ دېدىڭمۇ ، بۈگۈن يەنە قولۇمغا چۈشۈپ قالدىڭ . ئەمدى قايىل بولدۇڭمۇ - يوق ؟ — دېگەن .

مېڭ خو مۇنداق دېگەن :

— بۇنىڭ ھەممىسى ئىنىمنىڭ ئاچكۆز ، تويمىغۇرلۇقىدىن بولدى ، ئۇ ئۇ قۇشۇلماي زەھەرلىنىپ ، چوڭ ئىشنى بۇزۇپ قويدى . ئەگەر بۇ يەرگە ئۆزۈم كەلگەن بولسام ، ئىنىم لەشكەر باشلاپ ماسلاشقان بولسا جەزمەن غەلىبە قىلاتتىم . بۇ تەگرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ، مېنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىمدىن ئەمەس ، شۇڭا مەن قانداقمۇ قايىل بولاي ؟

جۇگې لياڭ مېڭ خو بىلەن مېڭ يۇنى باغلاقتىن خالاس قىلغان ۋە ئۇلارنى يەنە قويۇپ بەرگەن . ئۇلار ۋەزىرنىڭ جېنىنى ئامان قالدۇرغانلىقىغا تەشەككۇر - تەۋەززۇرلار ئېيتىپ ئۆز ماكانىغا قايتىپ كەتكەن .

ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ قېتىم قولغا چۈشۈپ قالغاچقا ، مېڭ خونىڭ غەزىپى قايناپ تاشقان . ماكانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تەرەپ — تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ، جاۋاھىراتلارنى سوۋغات قىلىپ ھەرقايسى مەن قەبىلىلىرىنىڭ لەشكەر چىقىرىپ ياردەم بېرىشىنى ئۈمىد قىلغان . شۇنداق قىلىپ 100 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇننى قۇراشتۇرۇپ چىققان .

جۇگې لياڭ بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپ : « مەن بارلىق مەن لەشكەرلىرىنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن . ئۇلار مېنىڭ ئىقتىدارىمنى كۆرۈپ باقسۇن » دېگەن . ئۇ ئادەم بۇيرۇپ قارارگاھنىڭ ھەممىلا يېرىگە پانۇسلارنى ئاستۇرغان . جاي - جايغا ئوت - چۆپ ۋە ھارۋىلارنى تاشلاپ قويۇپ ، ئاستىلا چىقىپ كەتكەن . مېڭ خو : بەگلىكىدە مۇھىم ئىش يۈز بەرگەچكىلا جۇگې لياڭ ھەممە نەرسىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن ، پەيتنى قولدىن بەرمەي چاپسان قوغلاش كېرەك ، دەپ قارىغان ۋە جۇگې لياڭنى قوغلاشقا ئاتلانغان . ئۇ شۇ قوغلىغانچە قوغلاپ دەريا بويىغا بارغاندا شۇ بەگلىكى قوشۇنىنىڭ دەريانىڭ ئۇ

قىيتىدا بارگاھ قۇرغانلىقىنى، تۇغ ـ ئەلەملىرىنىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ۋە سەردارلىرى تەرەپكە بۇرۇلۇپ: «جۇگىي لياڭ مېنىڭ قوغلاپ كېلىشىمدىن قورقۇپ دەريا بويىدا ئازراق توختىۋالماقچى بولغان. ئۇ ئەتىدىن قالماي كېتىپ قالىدۇ» دېگەن.

ئۇ دەريا بويىدا بارگاھ قۇرۇشنى ئۇقتۇرغان. تۇرغۇن مەن لەشكەرلىرىنى تاغقا چىقىپ بامبۇك كېسىپ كېلىپ سال ياساشقا ئەۋەتكەن. ئۇ شۇ بەگلىكى قوشۇنىنىڭ ئۆز كەينىدە بۆكتۈرمە قۇرۇپ ياتقانلىقىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. شۇ كۈنى كېچىسى تۇيۇقسىز قارا بوران كۆتۈرۈلگەن، ئەتراپتا پانۇسلار يورۇپ، دۇمباقلار گۇمبۇرلەپ كەتكەن. يوشۇرۇنۇپ ياتقان شۇ بەگلىكى قوشۇنى ئۇر ـ چاپ قىلىپ باستۇرۇپ كەلگەن. بىردەمدىلا پاتىپاراق بولۇپ كەتكەن مېڭ خونىڭ لەشكەرلىرى بىر ـ بىرىنى دەسسىگىلى تۇرغان. بۇ ھالدىن چۆچۈپ كەتكەن مېڭ خو بىرقانچە يېقىنلىرىنى باشلاپ ئۆز ماكانىغا قاراپ بەدەر تىكىۋەتكەن. ئۇ ماكانىغا قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقان چاغدا جاۋ يۈن ئالدى تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلگەن. دەريا بويىغا قاراپ قاچقاندا بولسا يەنە بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ تاغ جىلغىسىغا قاراپ قاچقان. ئۇ تاغ ئېغىزىدىن بۇرۇلۇشىغىلا بىر پارچە بۈك ئورمانلىق ئارىسىدا بىرقانچە ئادەم ئارىسىدا تۇرغان ھارۋىدا جۇگىي لياڭنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن. ئۇنىڭ غەزىپى يەنە ئۆرلىگەن، يېقىنلىرىنى باشلاپ جۇگىي لياڭنى تۇتۇشقا يۈگۈرگەن. لېكىن ئۇلار ئۇر ـ چاپ قىلىپ ئۇزۇنغا بارمايلا «گۇم» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئات ـ پاتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ چوڭقۇر بىر ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەن. مېڭ خو يەنە بىر قېتىم قولغا چۈشۈپ قالغان. ئىنىسى مېڭ يۇ ۋە باشقا سەردارلىرىمۇ شۇ بەگلىكى قوشۇنى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغان.

مېڭ خو ئاچچىقلىغان. بۇ چاغدا جۇگىي لياڭ غەزەپ بىلەن:

ـــ بۇ گۈن يەنە قولۇمغا چۈشۈپ قالدىڭ. يەنە قانداق باھانە ـ سەۋەبلىرىڭ بار؟ ـــ دېگەن.

مېڭ خو يەنە قايىل بولمىغان ۋە مۇنداق دېگەن:

— مەن بۈگۈن خاتالىشىپ قىلتاقا چۈشۈپ قالدىم، ئۆلسەممۇ كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ.

جۇگې لياڭ ھۇاپېيزەتچىلىرىگە مېڭ خونى ئاچىقىپ بېشىنى كېسىشكە بۇيرۇق قىلغان. چىرايىدا قىلچە ئەيمىنىش ئالامەتلىرى بولمىغان مېڭ خو كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— مېنى يەنە بىر نۆۋەت قويۇپ بېرىشكە پېتىنالىساڭ، تۆت قېتىملىق ئۆچۈمنى بىر قېتىمدىلا ئالغان بولاتتىم، — دەپ ۋارقىرىغان.

جۇگې لياڭ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتكەن. مېڭ خو يەنە بىر قېتىم قويۇپ بېرىلگەن. ئۇ يولدا ئىنىسى مېڭ يۇ بىلەن ئۇچرىشىپ:

— قوشۇنىمىز ھەممە جەڭدىلا يېڭىلىۋەردى، شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنى بولسا ھەر قېتىملىق جەڭنىڭ ھەممىسىدە يېڭىۋەردى، قارىغاندا ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش تەستەك قىلىدۇ. مۇبادا بىز تاغ ئۆڭكۈرىگە كىرىۋېلىپ چىققىلى ئۇنىمىساق، ئۇلار تومۇزغا بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىپ كېتىدۇ، — دېگەن.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار تۇلۇگدۇڭ دېگەن بىر ئۆڭكۈرگە بارغان. تۇلۇگدۇڭنىڭ ۋاڭى مېڭ يۇغا دوستانىلىك قىلغان. بۇ ئۆڭكۈر تاغنىڭ ئەڭ خەتەرلىك يېرىگە جايلاشقان بولۇپ، مۇداپىئەدە تۇرماق ئاسان، ھۇجۇم قىلماق تەس بىر يەر ئىدى. ئۆڭكۈرگە تۇتىشىدىغان يول پەقەت ئىككىلا چىغىر بولۇپ، بۇ چىغىرنىڭ بىرى ئۆڭكۈردىكى پۇقرالارنىڭ ۋاڭى دوستىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇلغان، يەنە بىرى چىغىر تىك قىيالارنىڭ باغرىدا بولۇپ، بۇ يەرنى زەھەرلىك يىلانلار ماكان تۇتۇپ ياتقان، كەچقۇرۇنلىرى ئىس - تۈتەكلىرى ئۆرلەپ تۇراتتى. چىغىردا يەنە تۆت كۆز زەھەر سۇلۇق بۇلاق بولۇپ، كىمكى بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچسە تىن تارتماي ئۆلەتتى.

كىم بىلسۇن، جۇگې لياڭ يۈكسەك ئەقلىنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئىي توسۇقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل ئۆڭكۈر جايلاشقان تاغ باغ-

رىغا كېلىپ بارگاھ قۇرۇۋالغان. بۇ مەلۇماتنى ئاڭلىغان مېڭ خو ئۆز لەشكەرلىرىنى تارتۇقلاپ، ئۇلارنىڭ روھىنى ئۈستۈرۈپ قويماقچى بولغان. دەل شۇ ئەسنادا، ئاھالە تۇرىدىغان يەنە بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىگىسى ياڭ فېڭ 30 مىڭ لەشكىرىنى باشلاپ مېڭ خو بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ قالغان. كەلگەنلەر ئۆزىنىڭ بىر ئۇلۇش كۈچىنى تەقدىم قىلماقچى بولغانلىقلىرىنى ئېيتىشقان. بۇنىڭدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن مېڭ خو ياڭ فېڭنى ۋە ئۇنىڭ بەش ئوغلىنى چوڭ زىياپەت ئۆتكۈزۈپ كۈتۈۋالغان. زىياپەتتە ياڭ فېڭنىڭ ئىككى ئوغلى مېڭ خو بىلەن مېڭ يۈگە شاراب تۇتقان. ئۇلار قەدەھنى ئەمدىلا قوللىرىغا ئېلىشىغىلا ياڭ فېڭنىڭ بىرلا بۇيرۇقى بىلەن ئىككى ئوغلى سەكرەپ قوپۇپ ئۇلارنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋالغان. ياڭ فېڭ سوغۇق كۈلۈپ مۇنداق دېگەن:

— مېنىڭ ۋە مېنىڭ ئوغۇللىرىمنىڭ ۋەزىر جۇگې لياڭنىڭ جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرغان شاپائىتىگە جاۋاب قايتۇرىدىغان يولىمىز بار ئىدى. بۈگۈن ئاسىيلىق قىلغانلارنى تۇتۇپ بېرىپ جاۋاب قايتۇرىدىغان پەيت كەلدى!

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا مېڭ خو بىلەن مېڭ يۈنى يالاپ جۇگې لياڭنىڭ ئالدىغان ئەكەلگەن. جۇگې لياڭ ئاۋۋالقىدەكلا كۈلۈمسىرىگەن ھالدا مېڭ خودىن.

— ئەمدى قايىل بولدۇڭمۇ - يوقمۇ؟ — دەپ سورىغان. مېڭ خو بوينىنى تولغاپ تۇرۇپ:

— بۇ مېنىڭ قابىلىيەتسىزلىكىمدىن بولغان ئىش ئەمەس. يەنىلا ئۆز ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆزئارا قىرغىن قىلىپ زىيانكەشلىك قىلىشىدىن بولغان. مېنى ئۆلتۈرگۈڭ بولسا ئۆلتۈر، لېكىن مەن قايىل ئەمەسمەن، — دېگەن.

جۇگې لياڭ يەنە رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

— مەن سېنى يەنە بىر قېتىم قويۇپ بېرەي، لەشكەرلىرىڭنى قايتا رەتلىۋالغىن ۋە يەنە بىر قېتىم تۇتۇشۇپ كۆرەيلى. ئۇ چاغدا يەنە تۇتۇلۇپ

قالساڭ ، يەنە قايىل بولمساڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىڭنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاپ ، تۇخۇمىڭنى قۇرۇتىۋېتىمەن !

جۇگې لياڭ مېڭ خو بىلەن مېڭ يۇنى يەنە قويۇپ يەرگەن . ئاندىن كېيىن ياڭ فېڭ قاتارلىقلارنى قاتمۇ قات تارتۇقلىغان ۋە ئەمەل بېرىپ قايتۇرۇۋەتكەن .

مېڭ خو بىلەن مېڭ يۇ ئۆز ماكانىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن جۇگې لياڭ بىلەن داۋاملىق قارشىلاشقان . ئاقىۋەتتە ، مېڭ خو تۇرغان جايمۇ شۇ بەگلىكى قوشۇنى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىۋېلىنغان . ئەتىسى جۇگې لياڭ مېڭ خونى تۇتۇشقا ئەسكەر ئەۋەتەي دەپ تۇرغاندا بىرەيلەن كېلىپ :

— مەن پادىشاھى مېڭ خونىڭ ئايالىنىڭ ئىنىسى ، ئۆڭگۇر باشلىقى دەي لەي مېڭ خونى تەسلىم بولۇشقا ئۈندىگەن بولسىمۇ ، مېڭ خو تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمىغان ، ھازىر مېڭ خو ، مېڭ خونىڭ ئايالى ۋە مېڭ خونىڭ جىمى ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ھەممىسى تۇتۇۋېلىندى ، بىز بۇلارنى ۋەزىر ئەزەمگە تەقدىم قىلماقچىمىز ، — دەپ مەلۇمات بەرگەن .

بۇنى ئاڭلىغان جۇگې لياڭ قول ئاستىدىكى ئىككى سەردارنى چاقىرتىپ ئۇلارغا نېمىلەرنىدۇ تاپىلىغان . ئىككى سەردار بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىككى مىڭچە خىللانغان لەشكەرنى باشلاپ چېدىرنىڭ ئىككى تەرىپىگە مۆكۈنگەن . ئارقىدىنلا ، جۇگې لياڭ مېڭ خو قاتارلىقلارنى ئەكىرىشكە ئىجازەت بەرگەن .

ئۆڭگۈر باشلىقى دەي لەي ئايپالتا كۆتۈرگەن ھالدا مېڭ خو قاتارلىق يۈز نەچچە كىشىنى يالاپ ئەكىرگەن ۋە كىرىپلا تىزلانغان . دەل شۇ چاغدا جۇگې لياڭ « تۇتۇڭلار ! » دەپ ۋارقىرىغان . چېدىرنىڭ ئىككى تەرىپىدە مۆكۈنۈپ تۇرغان لەشكەرلەر ئۇقتەك ئېتىلىپ چىقىپ مەنلەرنىڭ سەردارىنى ، لەشكەرلىرىنى چەمبەرچاس قىلىپ باغلىۋەتكەن . جۇگې لياڭ ئۇلارنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇشقا بۇيرۇغان ، ئاقىۋەتتە ، ھەممە كىشىنىڭ پىچاق ئەكىرگەنلىكى ئىسپاتلانغان . جۇگې لياڭ مېڭ خوغا

قاراپ كۆلۈپ كەتكەن ۋە :

— سەن بۇرۇن ئۆز ئۆيۈمدە تۇتۇلۇپ قالسام چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولىمەن دېگەنىدىڭ ، ئەمدى نېمە دەيسەن ؟ — دەپ سورىغان .

مېڭ خو جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېگەن :

— بۇ ئۆزۈمنى قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك ، بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس ، شۇڭا مەن تېخى قايىل ئەمەسمەن ! مۇبادا يەتتىنچى قېتىم تۇتۇلۇپ قالسام جەزمەن چىن كۆڭلۈمدىن قايىل بولۇمەن ، بۇ قەسەمگە خىلاپلىق قىلمايمەن !

جۇگې لياڭ يەنە بىر قېتىم كۈلۈۋەتكەن ۋە :

— ئۇۋاڭ بۇزۇلدى ، ئەمدى سېنى نەدىنمۇ تاپارمەن ، — دېگەن ۋە مېڭ خونى قويۇۋېتىشكە بۇيرۇغان . ئارقىدىنلا ئۇ چېرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇلارنى : « ئەمدى تۇتۇلۇپ قالساڭ ھەرقانچە باھانە كۆرسەتسەڭمۇ كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيسەن » دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرغان .

بۇ چاغدا مېڭ خو گويا قايتارغا ماكانى بولمىغان لالما ئىتقا ئوخشىشىپ قالغان ، بىرلىشىشكە بولىدىغان ئىتتىپاقدىشىدىن پەقەتلا بىرەيلەن قالغانىدى . ئۇ ۋۇگې دۆلىتىنىڭ پادىشاھى گۇتۇگۇ ئىدى . بۇ پادىشاھ مېڭ خوغا 30 مىڭ لەشكەر ئەۋەتىپ قىساس ئېلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان . بۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى تالدىن توقۇلغان ساۋۇت كىيىۋېلىشقانىدى . بۇنداق ساۋۇتلار يېرىم يىل ياغقا چىلىنىپ ، يېرىم يىل ئاپتاپقا قاقلانغان ، قۇرۇپ بولغاندا يەنە ياغقا چىلانغان ، چىلاپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئاپتاپقا قاقلانغان . بۇنداق ساۋۇتنى كىيگەن لەشكەر دەريادىن ئۆتكەندە چۆكۈپ كەتمەيتتى ، ھەتتا بۇنداق ساۋۇتقا بىر تامچىمۇ سۇ يۇقمايتتى . يا ئوقمۇ ، شەمشەر - نەيزىمۇ ئۆتمەيتتى . شۇڭا بۇنداق ساۋۇت كىيگەن لەشكەرلەر « تال ساۋۇتلۇق قوشۇن » دەپ ئاتالغان .

جۇگې لياڭ تال ساۋۇتلۇق لەشكەرلەر بىلەن تاۋخۇا دەرياسى بويىدا تۇنجى قېتىم ئېلىشقاندا ئازراق چىقىمدار بولغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەرلىكلەرنى تېپىپ كېلىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئۇققۇش-

قان . ئەتىسى ئۇ تاۋخۇا دەرياسى كېچىكىنىڭ يېنىدىكى بىر تاغقا چىقىنىۋېلىپ يەر شەكلىنى كۆزەتكەن، ئۇ ماڭا ـ ماڭا ، يېرىم يولغا كەلگەندە ئۇزۇن يىلانغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ، ئىنككى قاسىنقى تىك قىيالىق ، ئەتراپىدا دەرەخ بولمىغان بىر تاغ جىلغىسىنى كۆرگەن ، بۇ بىر بايقاش جۇگې لياڭنى بەكمۇ خۇشال قىلىۋەتكەن . ئۇ بارلىق سەردالارنى يىغىپ بەزىبىر ئىشلارنى بىرمۇ بىر تاپىلاپ چىققان . ئۇ يەنە ۋېي تىڭغا تاۋخۇا دەرياسىنىڭ كېچىكىدە بىر بارگاھ قۇرۇشنى ، ۋۇتۇگۇ ھۇجۇم قىلىپ كېلىپ قالسا بۇ بارگاھنى تاشلاپ بېرىپ ، ئاق ئەلەم بار جايغا كېتىشنى ، يېرىم ئاي ئىچىدە ئۇلارغا 15 مەرتە يېڭىلىپ بېرىشنى ، يەتتە بارگاھنى تارتتۇرۇپ قويۇشنى تاپىلىغان .

مېڭ خومۇ ئۇتۇگۇنى : « جۇگې لياڭ ناھايىتى پەملىك ئادەم ، بۆكتۈرمە قۇرۇشقا ئامراق ، لەشكەرلەرگە شۇنى تاپىلاش كېرەككى ، تاغ جىلغىلىرىدىكى دەرەخ كۆپ يەرلەرگە ئاسانلىقچە كىرگىلى بولمايدۇ » دەپ ئاگاھلاندۇرغان . ئۇتۇگۇمۇ بۇنى يادىدا مەھكەم ساقلىۋالغان .

دەل شۇ چاغدا شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنى تاۋخۇا دەرياسىنىڭ كېچىكىدە بارگاھ قۇرۇۋاپتۇ دېگەن مەلۇمات يېتىپ كەلگەن . ۋۇتۇگۇ دەرھال تال ساۋۇتلۇق لەشكەرلىرىنى شۇ بەگلىكى قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتكەن . ۋېي تىڭ بولسا جۇگې لياڭنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇرۇشقاچ چېكىنىپ بەرگەن . 15 مەرتە يېڭىلىپ ، يەتتە بارگاھتىن ۋاز كەچكەن . ۋۇتۇگۇ مېڭ خونىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېسىدە ساقلىغان بولسىمۇ ، لېكىن « شۇ بەگلىكنىڭ قوشۇنى بىر زەربىگىمۇ بەرمەيدىكەن » دەپ قاراپ ، يۈرىكىنى قاپتەك قىلغىلى باشلىغان .

16 ـ كۈنىگە كەلگەندە ، ئۇ يەنە لەشكەر باشلاپ بېرىپ ۋېي تىڭ بىلەن ئۇرۇشقان . ۋېي تىڭ جۇگې لياڭ كۆرگەن ھېلىقى جىلغا تەرەپكە بۇرۇلۇپ ئاق ئەلەمگە ئەگىشىپ كۆزدىن غايىب بولغان . ۋۇتۇگۇ جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغدا يا دەل ـ دەرەخ ، يا ئوت ـ چۆپنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ بۇ يەردە بۆكتۈرمە يوق ئىكەن دەپ ئويلىغان ۋە شۇ

قوغلىغانچە قوغلاپ كېتىۋەرگەن.

ئۇ جىلغىدا قوغلاپ كېتىۋاتقاندا ئالدى تەرەپتە تۇيۇقسىز بىرقانچە قارا ساندۇقلۇق ھارۋىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن. ئۇ بۇ ھارۋىلارنى جەزمەن شۇ بەگلىكى قوشۇنىنىڭ ھارۋىسى دەپ قارىغان ۋە ھارۋىنى ساقلاۋاتقان لەشكەرلەر ئۆزىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېچىپ كەتكەن دەپ قارىغان. ئۇ تېخىمۇ خاتىرجەم بولۇپ قوغلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن. ئۇ جىلغا ئاغزىدىن چىقاي دەپ قالغان چاغدا ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ياغاچ تاشلار دومىلاپ چۈشكىلى تۇرغان ۋە بىردەمدىلا يولنى توسۇپ تاشلىغان. ۋۇتۇگۇ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ ياغاچ – تاشلارنى ئالدۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ھېلىقى قارا ھارۋىلار ۋە ئوت – چۆپ بېسىلغان ھارۋىلار چارسىلداپ كۆيگىلى باشلىغان. ھارۋىلاردىكى پورۇخمۇ گۈمبۈرلەپ پارتلىغىلى تۇرغان. تاغ تۆپىسىدىن ھېسابسىز ئوتقاشلار جىلغا ئىچىگە تاشلانغان، پورۇخ قاچىلانغان پىلتىلار ئوت ئېلىپ پۈتۈن جىلغا ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان، تال ساۋۇتلارمۇ ئوت ئېلىپ كۆيۈشكە باشلىغان. شۇنداق قىلىپ 30 نەچچە مىڭ مەنلەر لەشكىرى بۇ جىلغىدا كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان.

تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدە تۇرۇپ جىلغىدا يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەنى كۆرۈۋاتقان جۇگې لياڭ ئىختىيارسىز كۆز يېشى قىلغان. «گەرچە مېنىڭ تۆھپەم بولسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن جانغا زىيان يەتكۈزدۈم» دەپ ئۇھ تارتقان.

مېڭ خو ئۆز بارگاھىدا خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرغان چاغدا تۇيۇقسىز بىرقانچە مىڭ ئادەم يېتىپ كېلىپ، ۋۇتۇگۇ پادىشاھ غەلىبە قىلاي دەپ قالغانلىقىنى، پادىشاھنى قارشى ئېلىشقا ئۇنى تەكلىپ قىلغىلى كەلگەنلىكىنى ئېيتىشقان. بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتكەن مېڭ خو ئاتقا مىنىپلا يولغا چىققان. لېكىن ئۇ جىلغىغا بېرىپلا ۋۇتۇگۇ ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بىرىمۇ تىرىك قالماي تۈگىگەنلىكىنى كۆرگەن. ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى تۇيۇپ قالغان مېڭ خو كەينىگە بۇرۇلۇپلا قاچقان. دەل

شۇ چاغدا، باياتىن ئۇنى تەكلىپ قىلغىلى بارغان مەن لەشكەرلىرى قىيا-پىتىدە ياسىنىۋالغان نەچچە مىڭ لەشكەر بىرلا ھەرىكەت بىلەن مىڭ خونىڭ بارلىق ئەگەشكۈچىلىرىنى بوي ئەگدۈرگەن. تەنھا مىڭ خو قې-چىپ ئۇزاققا بارمايلا ماي دەي تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇۋېلىنغان. مىڭ خو ۋە ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىرى جۇگې لياڭنىڭ توردىكى بېلىققا ئايلىنىپ قالغان.

مىڭ خو: «يەتتە قېتىم تۇتۇۋېلىپ يەتتە قېتىم قويۇپ بېرىش تا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش. مەن باشقا تائىپىدىن بولغان ئادەم بولساممۇ، ئەدەپ ـ ئادالەتنى ئۇقىمەن» دېگەن ـ دە، ئادەم باشلاپ جۇگې لياڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن.

جۇگې لياڭ مىڭ خونىڭ مەڭگۈلۈك ئاھالە باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەنلىكىنى، شۇ بەگلىكى قوشۇنى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان يەر-لەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. جەنۇبتىكى مىللەتلەر ۋە قەبىلىلەر جۇگې لياڭنىڭ شەپقىتىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنىڭ نامىغا ئىبادەتخانا قۇرغان ۋە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە تاۋاپ قىلىپ تۇرىدىغان بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن شۇ بەگلىكنىڭ جەنۇبىدىكى يەر-لەردە ئاسايىشلىق زامانلار باشلانغان. شۇنداق قىلىپ، جۇگې لياڭنىڭ قوللانغان «ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىش» تەدبىرى بىلەن جەنۇب مەن-لىرىنىڭ قەلبى قولغا كەلتۈرۈلگەن.

## 3. ماۋ زېدۇڭ ۋە ئۇرۇش ئەسەرلىرى

تەيىيىدىكى مەلۇم بىر چوڭ كىتاب بازىرىدىن سېتىۋېلىنغان بىر كىتابتا ماز زېدۇڭنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە مەزكۇر تەدبىرنى قانداق تەتبىقلىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەنگەن.

ماۋ زېدۇڭ گومىنداڭ ئۇرۇش ئەسىرلىرىگە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە دائىم ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئالدى بىلەن تاللاشتىن ئۆتكۈزۈلگەن؛ جياڭ

جېپىشىنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى تاللاپ چىقىلىپ قاماپ قويۇلغان. قالغان ئوفىتسېر – ئەسكەرلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىنغان، ئۇلارنىڭ كومپارتىيىگە بولغان ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا «دەرد تۆكۈش يىغىنى» ئېچىپ بېرىلگەن. بۇنداق يىغىنلاردا، كومپارتىيىنىڭ ئويغىتىش تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان كەمبەغەل دېھقان ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار يىغىنغا قاتناشقانلارغا، يەنى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش كەچۈرمىشكە ئىگە بولغان «سىنىپىي قېرىنداش» لىرىغا دەردىنى تۆكۈپ بەرگەن، بيۇروكرات پومېشچىكلارنىڭ چىرىكلەشكەنلىكىنى سۆزلەپ، پەقەت جياڭ جيېشىلا ئەنە شۇنداق كىشىلەرگە مۇداپىئە كۈنلۈكى بولۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. دەرد تۆككۈچىلەر كۆپىنچە بەزى قان يۇقى قاتىللىق قوراللىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ باشقىلارغا تەربىيىلىك گەپلەرنى قىلغان، بەزىلىرى بىرەر كالتەكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ پومېشچىكلارنىڭ دەل مۇشۇ كالتەك بىلەن دادىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئاران تۆت ياشتا ئىكەنلىكىنى شىپى كەلتۈرۈپ دەرد تۆككەن. كىشىلەرنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان بۇنداق نۇتۇقلار دەرھال كىشىلەرنىڭ ئېكسپلاتاتسىيىچى سىنىپقا ۋە ئۇنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى گوماشتىلىرىغا بولغان ئۆچ – ئاداۋىتىنى قوزغىۋەتكەن، ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىدە ئۇنۇمى ئادەتتىن تاشقىرى ئوبدان بولغان، گومىنداڭ ئەسىرلىرىنى ئۆزگەرتىدىغان بۇ خىل ئۇسۇلنى مەدھىيىلەپ ماختىغان. بۇنداق تەربىيىگە ئېرىشكەن، ئەمما قاراڭغۇلۇقتىن خالاس بولۇپ يورۇقلۇققا ئىنتىلىشنى دەرھال خالاپ كەتمەيدىغان ئەسىرلەرگە كومپارتىيە تۇرمۇش لاۋازىمەتلىكلىرى ۋە پۇل بېرىپ ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋەتكەن. ئۇلار ماڭار ۋاقتىدا ئۇلارغا: «مۇبادا سىلەر كېيىنكى قېتىم يەنە بىزنىڭ قىسىملىرىمىز بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغۇدەك بولساڭلار، جۇڭگولۇقلار جۇڭگولۇقلار بىلەن ئۇرۇشمايدىغانلىقىنى ھەرگىز يادىڭلاردىن چىقىرىۋەتمەڭلار» دەپ قويغان.

ماۋ زېدۇڭنىڭ قارىشىچە، ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىش دۈشمەننىڭ پارچىلىنىشىنى پەيدا قىلىدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇرالايدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇنداق قىلىش ئارقىلىق دۈشمەنلەرنىڭ ئاتالمىش كومپارتىيە شەپقەتسىزلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ دېگەن تەشۋىقاتىغا كۈچلۈك رەددىيە بەرگىلى بولىدىكەن.

ئەلۋەتتە، قويۇپ بېرىلگەن ئەسىرلەر قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى قېچىپ كەلدۇق دەپ سۆزلەپ يۈرىدىكەن. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۆز ھەمراھلىرىنىڭ ئالدىدا كومپارتىيە قوشۇنىنىڭ ئەسكىرىي جاسارىتىنىڭ يۇقىرى، ئىنتىزامى قاتتىق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا مەدھىيىلىگەن. يەنە بەزىلىرى گومىنداڭغا پايدىسىز بولغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان ياكى ھالقىلىق پەيتلەردە كومپارتىيە تەرەپكە ئۆتۈۋالغان. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 1949 ـ يىلى 4 ـ ئايدا چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەشتىن ئاۋۋال، گومىنداڭ قوشۇنلىرى ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ روھىنى كۆتۈرەلمەي قالغان. ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قويۇپ بېرىش بولسا ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەڭ ئاخىرى دۈشمەننى يېڭىۋېتەلىگەنلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. تەدبىر ئىشلىتىپ غەلىبە قازىنىشنىڭ ئالدىنقى ھەل قىلغۇچى ئامىلى ھەربىي ئەمەلىي كۈچنى ئاساس قىلىدۇ، ئەلۋەتتە.

## 4. ئالاھىدە بوشلۇق

سەنشى، خېبېي، سەندۇڭ، خېنەن دالا ئارمىيىسىنىڭ 130 مىڭ كىشىلىك ئاساسىي كۈچى 1947 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن باشلاپ بەش جۇڭگىدۈي قىلىپ تەشكىللىنىپ، ليۇ بوچېڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ قوماندانلىقى بىلەن يول بويى جاپالىق جەڭ قىلىپ، قاتمۇ قات مۇداپىئە سېپىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۇدۇل دابيېشەن تېغىغا كىردى.

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئىككىنچى يۆنىلىش ئارمىيىسى ليۇيىڭجى دېگەن يەردە دۈشمەننىڭ ئىككى بىگتۇەنىنى مۇھا-

سىرە قىلىنىۋالدى . دۈشمەننى ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇپ جان تىكىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئازاد ئارمىيە كوماندىرلىرى ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىشنى ، يەنى مۇھاسىرە چەمبىرىكىنىڭ بىر تەرىپىدە بىر بوشلۇق قالدۇرۇشنى قارار قىلدى . بۇنى سەزگەن دۈشمەنلەر خۇددى جان قۇتۇلدۇرىدىغان بىرەر نەرسىگە ئېرىشكەندەك ، دەرھال مۇ-ھاسىرىنى بۇزۇش جېڭىنى ئۇيۇشتۇردى . ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۆز كوماندىرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دۈشمەننى ئالدى بىلەن قويۇپ بېرىپ ، ئارقىدىنلا قوغلاپ زەربە بەردى ۋە بۇ بىر تۈركۈم دۈشمەننى ئاسانلا مەغلۇپ قىلىپ تاشلىدى .

سۇن زى بۇرۇنلا : « مۇھاسىرىدە جەزمەن بىر بوشلۇق قالدۇرۇش كېرەك ، قاچقان دۈشمەننى قوغلىماسلىق لازىم » دېگەنىدى .

« 36 تەدبىر » دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن : دۈشمەننى بەك يېقىنلىشىپ قوغلىغاندا ئۇنىڭ ئېتىلىپ كېلىشىگە دۇچ كېلىپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ . ئۇنى قويۇۋەتكەندە دۈشمەننىڭ كۈچىنى ئاجىزلاش-تۇرغىلى بولىدۇ . شۇڭا دۈشمەننى قوغلاش كېرەككى ، بەك يېقىنلىشىۋالماسلىق كېرەك . قوغلاش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ جىسمانىي كۈچىنى قۇرۇتۇپ تاشلاپ ، كۈرەش ئىرادىسىنى يىمىرىش لازىم ، ئۇنى پاتىپاراق بولۇپ چېچىلىپ كەتكەندە ئاندىن تۇتۇۋېلىش كېرەك . بۇنداق قىلغاندا ئۆز تەرەپتىن قان تۆكۈلۈشنى ئازايتقىلى بولىدۇ .

## 5 . ئامېرىكىنىڭ سوۋغىتى

1986 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى «ۋېنخۇيباۋ » گېزىتىنىڭ « دۇنيا رۇجىكى » سەھىپىسىدە ئىران سەتچىلىكى توغرۇلۇق بىر ئۇزۇن ماقالە بېسىلدى . ماقالىنىڭ ماۋزۇسى « ئامېرىكا ئاخبارات ساھەسى يېقىندا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر خەۋەرنى ئېلان قىلدى » دېگەندىن ئىبارەت . بۇ ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن : « ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىر يىلدىن بۇيان ئىران بىلەن مەخپىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئىرانغا قورال ـ ياراغ

سوۋغا قىلىش بەدىلىگە بېيرۇتتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئامېرىكا مەھبۇسلىرىنى قويۇپ بەرگۈزمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئاشكارىلىنىشىچە، بۇ سۆھبەت گۇۋۇيۇەنىدىن، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدىن ۋە ئاخبارات ئىدارىسىدىن ھالقىتىلىپ، پرېزىدېنت رېگاننىڭ شەخسەن تەستىقلىشىغا ئېرىشكەن.»

قەرەلدىن بۇرۇن نەشردىن چىققان ئامېرىكا «ئاخبارات ھەپتىلىك ژۇرنىلى» بۇ ۋاقىتنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك تەپسىلىي بايان قىلغان؛ بۇ بىر ئابزاس تەھرىر ئىلاۋىسىدىن كېيىن ئامېرىكىنىڭ «ئاخبارات ھەپتىلىك ژۇرنىلى» دا 1986 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى بېسىلىپ چىققان «يېپىنچا ۋە شەمشەر» دېگەن ماقالىنىڭ تەرجىمىسى كۆچۈرۈپ بېسىلغان. بۇ ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«1986 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بولسا، ئامېرىكىنىڭ تېھراندا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسى ئىشغال قىلىنىپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ۋە ئەلچىخانا خادىملىرىنىڭ گۆرۈگە تۇتۇۋېلىنغانلىقىنىڭ يەتتە يىللىق خاتىرە كۈنىدۇر. ئىران پارلامېنتىنىڭ باشلىقى رافسانجانى بۇ كۈنى بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتكەن. بېيرۇتتا چىقىدىغان بىر ژۇرنالنىڭ خەۋىرى «〈شەيتان〉نى قېيىن ئەھۋالدا قالدۇرغان.»

جۇگگولۇق تەرجىمان ئۇمۇمەن ئېيتقاندا ئامېرىكىلىقلارنىڭ ماقالىسىنىڭ ئەسلى تېكىستىغا ھۆرمەت قىلغان. ئەسلى تېكىستىنىڭ مۇقامىنى ئۆزگەرتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا جۇگگولۇق تەرجىمان بۇ خەۋەرگە «ئامېرىكىلىقلار سوۋغات ئەكەلدى، ئىران پارلامېنتىنىڭ باشلىقى ئارغامچىنى ئۈزۈن قويۇۋەتتى» دېگەن بىر كىچىك ماۋزۇنى قىستۇرغان.

تېھرانغا مەخپىي ئۇچقان بەش نەپەر ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئىچىدە سابىق ئامېرىكا دۆلەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتىنىڭ كاتىپىبىشىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئىرانغا سىمۋول خاراكتېرلىك بىر سوۋغاتنى يەنى ئاچقۇچ شەكىللىك بىر تورت (بۇ ئالاقىلىشىشنىڭ ئىشىكى ئېچىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ)، رېگان ئىمزا قويغان بىر «ئىنجىل»

نى ئەكېلىشكەن. سوۋغاتلارنىڭ ئىچىدە ھەتتا ئىراننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا تەقدىم قىلىنىدىغان «كوت» شەكىللىك ئاپتوماتىك تاپانچىمۇ بار ئىدى. ئەمما يەنە بىر خىل گەپ ـ سۆزلەر كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتەتتى، بۇ گەپ ـ سۆزلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ھەقىقىي سوۋغات بولسا لىقمۇ لىق بىر ئايروپىلان ئامېرىكا ھەربىي ئەسلىھەلىرى ئىدى.

بۇ چاغدا رافسانجانى مۇنداق دېگەن: «ئىران ھەرگىز ئالدام خالتىسىغا چۈشمەيدۇ، ئۇلار بىلىپ قالدۇكى، بىز بۇ سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلمايمىز، ئارىمىزدا سۆھبەتلەشكۈدەك ئىشمۇ يوق!» ئۇ يەنە ئىپتىخارلانغان ھالدا ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇلار لىۋاندا دۈچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ دېگەن.

جۇڭگولۇق ئاپتور ئىرانلىقلارنىڭ ئامېرىكا تەرەپ تەمىنلىگەن تۇنجى تۈركۈم سوۋغاتنى، يەنى «كوت» شەكىللىك تاپانچا، بىر ئايروپىلانغا قاچىلانغان ھەربىي ئەسلىھەلەرنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانلىقىغا ئۇن ئالتىنچى تەدبىر نەزەرى بىلەن باھا بەرگەن. ئىراننىڭ ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىشىدىن مەقسەت ئامېرىكىلىقلاردىن تېخىمۇ چوڭراق بەدەل ئۈندۈرۈۋېلىشتىن ئىبارەت دېگەن. نەتىجە ئويلىغاندەك بولۇپ چىققان، «ئاخبارات ھەپتىلىك ژۇرنىلى» نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئىرانلىقلار ئامېرىكىلىقلارنىڭ قىممىتى 60 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا توختايدىغان ھەربىي ئەشياسىغا ئېرىشكەن. بۇ ھەربىي ئەشيا تانكا ئاتار راكېتا، رادار سىستېمىسى ۋە كونىراپ كەتكەن ئىران ھەربىي پاراخوتلىرى ئۈچۈن ئەسقاتىدىغان زاپچاسلاردىن ئىبارەت بولغان.

## 6. شاڭ ياڭنىڭ ئەپچىل تەدبىرى

چىن بەگلىكىنىڭ پادىشاھى چىن شياۋگۇڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى 361 ـ يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 338 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) دۆلەتنى ئىدارە قىلالايدىغان، دېھقانچىلىق ـ سۇچىلىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرالايدىغان، قولدىن كەتكەن زېمىنلارنى قايتۇرۇۋالالايدىغان

ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى مۇھىم مەنسەپكە قويۇلغانلىقى توغرۇلۇق پەرمان چاكارلىغان ئىكەن ، بۇ پەرماندىن ۋىپى بەگلىكىدە تۇرۇپ خەۋەر تاپقان شاك ياك مىلادىدىن بۇرۇنقى 361 ـ يىلى چىن بەگلىكىگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ ۋە چىن شياۋگوڭنىڭ ئەتىۋارلىق ۋەزىرى جىڭ جيەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن پادىشاھنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بوپتۇ .

شاك ياك تۇنجى قېتىملىق كۆرۈشۈشتىلا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىپتۇ . چىن شياۋگوڭ بولسا توختىماي ئەسنىگىلى تۇرۇپتۇ، ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، پادىشاھ شاك ياڭنى ئىككىنچى قېتىم قوبۇل قىلىپتۇ . بۇ ماھىر مۇنازىرىچى ۋە نەزەرىيىچى ھەرقانداق قىلىپمۇ پادىشاھنى تەسىرلەندۈرەلمەپتۇ . پەقەت ئۈچىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشتىلا پادىشاھ شاك ياڭنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە ئانچە ـ مۇنچە قىزىقىشقا باشلاپتۇ ، تۆتىنچى قېتىمغا كەلگەندە بولسا پادىشاھ شاك ياڭنىڭ سۆزلىرىگە رام بولۇپ قاپتۇ . شۇ پاراڭلاشقانچە توپتوغرا بىر قانچە كېچە ـ كۈندۈز پاراڭلىشىپ چىقىپتۇ .

بۇنىڭدىن ئەجەبلەنگەن جىڭ جيەن شاك ياڭدىن سوراپتۇ :

ــــ پادىشاھىم ئۆزلىرىگە باشقىچىلا قىزىقىپ قېلىۋاتىدۇ ، ئۇنى قانداق قىلىپ بۇ ھالغا كەلتۈرەلىدىلا ؟

شاك ياك جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ :

ــــ دەسلەپكى ئىككى قېتىملىق كۆرۈشۈشتە مەن يىراق قەدىم زامانلاردا ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ئەل سوراش يولى ھەققىدە سۆزلىدىم . ئەمما چىن شياۋگوڭ بۇنداق ئەل سوراش يوللىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا يۈز نەچچە يىل سەرپ بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدى ۋە بۇنىڭدىن تاقەتسىزلەندى . چىن شياۋگوڭ : ھەرقانداق بىر ئەقىللىك ھۆكۈمران ئۆزى ھايات ۋاقتىدا بىرەر نەتىجە يارىتىشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆز نامىنى قالدۇرۇشى كېرەك دەپ قارايتتى . شۇڭا ئۇ بىر قانچە ئون يىل كۈتۈپ تۇرۇشنى ئەقىلگە سىغدۇرالمىدى . شۇنىڭ بىلەن مەن زومىگەر بولۇش توغرىسىدا ، يەنى دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، قۇدرەتلىك ئارمىيە بەرپا قىلىش

ئارقىلىق ئەلنى قۇدرەت تاپقۇزۇپ، زومىگەر بولۇش توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىدىم. مەن يەنە قاتتىق دېھقانچىلىق سىياسىتى يۈرگۈزۈلسە، مۇكاپات بىلەن جازا ئېنىق بولسا بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئانچە قىيىنغا توختىمايدىغانلىقىنى، ئەمما بۇنداق پادىشاھلىق يولىنىڭ يىن، جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەخلاقى بىلەن سىغىشالمايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. بىراق، پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇش بولۇپ كەتتى.

تەيۋەنلىك ئاپتورنىڭ قارىشىچە، شاڭ ياڭ دەسلەپتە چىن شىياۋگۇڭغا قانۇنچىلارنىڭ ئەكس تەرىپىنىڭ، يەنى كۇڭزىچىلارنىڭ كۆز قارىشىنى سۆزلەپ بەرگەن. چۈنكى ئۇ چىن شىياۋگۇڭغا ئۆز قارىشىنى بىردىنلا قوبۇل قىلدۇرغۇسى كەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھنىڭ كۆز قارىشىنى تازا ماختاپ ئۇچۇرغان. روشەنكى، ئۇنىڭ بۇ خىل ماختاپ ئۇچۇرۇشلىرى چىن شىياۋگۇڭنىڭ كۇڭزىچىلىق كۆزقارىشى بىلەن زىت كەلگەن. چىن شىياۋگۇڭ كۇڭزىچىلىق كۆز قارىشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا باشلىغان چاغدا، شاڭ ياڭ سۆھبەتنىڭ تېمىسىنى بىردىنلا بۇرۇۋەتكەن ـ دە، ئۆزىنىڭ قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى بازارغا سېلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ دەسلەپتە كۇڭزىچىلىق كۆز قارىشىنى ماختاپ ئۇچۇرۇشى پەقەت بىر ۋاستىدىن ئىبارەتلا بولغان. ئۇ بۇ ۋاستىدىن چىن شىياۋ گۇڭغا ئۆز كۆزقارىشىنى تەبىئىي رەۋىشتە قوبۇل قىلدۇرۇشنىڭ ھىيلىسى ئورنىدا پايدىلانغان.

## 7. جازا ۋە ئىنئام

پادىشاھ جىڭگۇڭ يەن زىنى دۇڭئې دېگەن يەرنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن بەزىلەر ئۇردىغا كېلىپ ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلغىلى تۇرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەك خاپا بوپتۇ ۋە يەن زىنى ئوردىغا قايتۇرۇپ كېلىپ مەنسىپىدىن قالدۇرۇۋەتمەكچى بوپتۇ. يەن زى پادىشاھقا:

ــ قۇللىرى سەۋەنلىكىمنى بوينۇمغا ئالاي، ئەمما ئالىيلىرىنىڭ دۇڭئېنى يەنە ئۈچ يىل باشقۇرۇشۇمغا ئىجازەت بېرىشلىرىنى سورايمەن،

جەزمەنكى، ئۇ چاغدا خەقلەر مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلىشىدىغان بولىدۇ، — دەپتۇ.

جىڭگۇڭ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلالماپتۇ ۋە ئۇنىڭغا دۇڭئېنى يەنە ئۈچ يىل باشقۇرۇپ تۇرۇشقا ئىجازەت بېرىپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ، راست دېگەندەكلا، خەقلەر يەن زىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن خۇشال بولغان پادىشاھ جىڭگۇڭ يەن زىنى ئوردىغا چاقىرتىپ كېلىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىنئام بەرمەكچى بوپتۇ. بىراق يەن زى بۇ ئىنئامنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىماپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. يەن زى جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— مەن ئالدىنقى قېتىم دۇڭئېغا بارغىنىمدا، كىشىلەرنى يول ياساشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، پۇقرالارغا پايدىلىق بولغان تەدبىرلەرنى يولغا قويۇشنى تېزلەتكەنىدىم. شۇڭا يامان غەرەزلىك كىشىلەر كەينىمدىن گەپ تاپتى. ئىقتىسادچانلىقنى، تىرىشچانلىقنى، بالىلارنى ئاسراپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئوغرىلار ۋە ھورۇنلارنى جازالىۋىدىم، ئوغرىلار بىلەن ھورۇنلار مەندىن ئاغرىندى، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئېسىلزادىلەرگە كەڭچىلىك قىلمىغانىدىم، ئېسىلزادىلەرنىڭ ماڭا ئۆچمەنلىكى تۇغۇلدى. ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ بولغان تەلەپلىرىنى قاندۇرمىدىم، ئەتراپىمدىكى كىشىلەر مەندىن نارازى بولۇشتى، مەن ئېسىلزادىلەرنى ھۆرمەت قىلدىم، ئەمما ھۆرمەت قىلغاندا ئەدەب چەكلىمىسىدىن ئاشۇرۇۋەتمىدىم. شۇڭا ئېسىلزادىلەرنىڭ ماڭا ئاچچىقى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەر ماڭا بولغان ئاغرىنىشلىرىنى ۋە نارازىلىقلىرىنى ئۈدۈل كەلگەنلا يەردە سۆزلىگىلى تۇردى. ھەتتا ئوردىمۇ بۇنىڭ سىرتىدا قالمىدى. ئۈچ يىل ئۆتكەندە، بۇ تۆھمەت گەپلەر پادىشاھىمىزنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپ كەلدى. كېيىنكى قېتىمدا مەن يۇقىرىقى ئۇسۇللىرىمنى تامامەن ئۆزگەرتتىم. كىشىلەرنىڭ يول ياسىشىغا يول قويمىدىم، پۇقرالارغا پايدىلىق

تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى كەينىگە تارتتىم ، شۇنىڭ بىلەن يامان كىشىلەرنىڭ چېچىكى چاي بولدى . ئىقتىساد قىلىشقا ، ئىسرىشىپ ئەمگەك قىلىشقا ، باللارنى ئاسراپ ، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشقا سەل قارىدىم . ئوغرىلارنى ، ھۆرۈنلارنى قويۇۋېتىپ ، جازالىمىدىم ، ئوغرىلار بىلەن ھۆرۈنلار بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشتى . ئىپسلزادىلەر قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپسا كۆرسەممۇ كۆرمەسكە سالدىم . شۇنىڭ بىلەن ، ئىپسلزادىلەرنىڭ ئاغىرىنىشى تۈگىدى . ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ قانداقلا تەلىپى بولسا ، ئىمكانىيەتنىڭ يارىچە ئورۇنداپ تۇردۇم . ئۇلارمۇ مەندىن رازى بولۇشتى ، ئىپسىلزادىلەرنى كۆككە كۆتۈرۈپ ماختىۋىدىم . ئۇلارمۇ خوشال بولۇپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەر ھەممىلا يەردە ماڭا مەدھىيە ئوقۇيدىغان بولۇپ كەتتى . بۇ مەدھىيىلەر ئوردىغىمۇ يېتىپ كەلدى . ئۈچ يىلدىن كېيىن بۇ ياخشى گەپلەر پادىشاھىمىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ كەلدى . ئۆز ۋاقتىدا سىلى مېنى جازالىماقچى بولدىلا ، ئەسلىدە مەن ئىنئام ئېلىشقا تېگىشلىك ئىدىم ، ئەمدى سىلى ماڭا ئىنئام بەرمەكچى بولۇۋاتىدىلا ، ئەمەلىيەتتە مەن جازالىنىشقا تېگىشلىكمەن . مانا بۇ مېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىنئامىنى قوبۇل قىلماسلىقىمنىڭ سەۋەبى !

پادىشاھ بۇنىڭدىن يەن زىنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋاپتۇ ۋە ئەلنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىپىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپتۇ . ئۈچ يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ، چى بەگلىكىنىڭ قۇدرىتى ئېشىپ ، كۈچلۈك بەگلىكلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپتۇ .

يەن زى « ئارغامچىنى ئۈزۈن قويۇۋېتىش » تەدبىرى ئارقىلىق پرىنسىپتىن ۋاقتلىق ۋاز كېچىپ ، بەگلىكنىڭ ئەڭ ئالىي ئورنىنى قولغا كەلتۈرگەن ۋە پادىشاھنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان .

## 8 . ماختاپ تۈرۈپ يوقىتىش

« ئەگەر باشقا ئامال بولمىغاندا ماختاپ ئۇچۇرۇش چارىسىنى قوللىنىش كېرەك . ئاندىن كېيىن ئۇنى ماختاپ كۆككە ئۇچۇرۇپ يۈزىنى تۆكۈش ، ئاغدۇرۇپ تاشلاش لازىم . »

— بۇ لىن بياۋنىڭ قىبلىنامىسى بولۇپ، ستالىننىڭ «لېنىنىزم مەسىلىلىرى» دېگەن كىتابىنىڭ ئاق بېتىگە يېزىپ قويۇلغان. لىن بياۋ بۇ چاغدا ماۋ زېدۇڭنىڭ رەسمىي ئىز باسارى بولۇپ «ۋەلىئەھدى» گە توغرا كېلەتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ 1971 - يىلى يازدا ماۋ زېدۇڭغا سۇيىقەست قىلىشنى پىلانلىغان ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ ئايروپىلان بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاراپ قاچقاندا ۋەقەگە ئۇچراپ ئايروپىلان بىلەن قوشۇلۇپلا ھالاك بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ئۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى قاتارىدا قاتتىق پىپەن قىلىنغان، لىن بياۋنىڭ بۇ قىبلىنامىسى ماۋ زېدۇڭغا ماختاپ ئۇچۇرۇش ۋاستىسى ئارقىلىق زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ پاكىتى بولۇپ قالغان.

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئۆز ۋاقتىدىكى جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدا ھەممىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىدىيە ئىدى، ماۋ زېدۇڭغا ئوچۇق - ئاشكارا قارشى تۇرۇشنىڭ ئۆزى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇڭا، لىن بياۋغا ئوخشاش بىر سىياسىي رەقىبنىڭ ئۆزىنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە چەكسىز سادىق ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋېلىشتىن ئۆزگە باشقا يول يوق ئىدى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇش ۋە ماۋ زېدۇڭنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن، لىن بياۋ ماۋ زېدۇڭنى ماختاپ ئاسمانلارغا ئۇچۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ماۋ زېدۇڭنى تارىختا تەڭداش تېپىلمايدىغان تەبىئىي تالانت دەۋالغان. ئۇ يەنە «ماۋ جۇشى نەچچە مىڭ يىلدا بىر چىقىدىغان تەبىئىي تالانت ئىگىسى»، «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ماددىي كۈچتىن ئارتۇق ۋە ماددىي كۈچنىڭ ئورنىنى باسالايدۇ»، «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى دۇنيادا ئەڭ يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ، دەۋر ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ چوققىسىنى ئىگىلىگەن»، «ماۋ جۇشىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت»، «بىر جۈملىسى مىڭ جۈملىگە باراۋەر»، «ھەممىدە ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك» دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلغان.

لىن بياۋ مانا مۇشۇنداق شەكىللەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ماۋ زېدۇڭغا

بولغان ئەسەبىي چوقۇنۇشنى ئەڭ يۇكسەك پەللىگە يەتكۈزۈپ، ئۇنى مۇئەللەق بوشلۇققا چىقىرىپ قويغان، مانا بۇ ئۇنىڭ ماۋزېدۇڭنى ئۆزۈل-كېسىل غۇلىتىشىغا شەرت ھازىرلاپ بەرگەن.

بۇ خىل ۋاستىمۇ مۇشۇ تەدبىر جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ خىل ۋاستە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تەدبىر ئىشلەتكۈچى ئۆز دۈشمىنىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، ئۆزىنى بىلەلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى چوڭ چاغلاش پسىخىكىسىنى قانائەتلەندۈرىدۇ. ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز چوقۇنۇشنى ئىپادىلەيدۇ، ئاخىرىدا كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قارشىلىقىنى ۋە ئۆچ كۆرۈش ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ، مانا شۇنداق ۋاقىتتا كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆز دۈشمىنىگە ئەجەللىك زەربە بېرىشىنى خالاپ قالىدۇ.

لىن بياۋنىڭ بۇ خىل قىلمىشى بىزگە قەدىمكى زاماندىكى «غوجامنىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر بىر ياندا تۇرۇپ ۋارقىراپتۇ» دېگەن بىر ھېكايىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ھېكايىدە مۇنۇلار سۆزلىنىدۇ: كوچىدا لاغايلاپ يۈرۈشكەن بىر توپ بىكارچىلار كوچىدىن ئات مىنىپ ئۆتكەن بىر كىشىنى كۆرۈپلا «ئەجەبمۇ قالتىس ئات ئىكەن بۇ، يەنىمۇ تېز چاپتۇرسىلا، تېز چاپتۇرسىلا!» دەپ ۋارقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. ئات ئۈستىدىكى كىشى ئۆزىنىڭ بۇ قالتىس ئېتىنىڭ ماختالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە ئاتنى قامچە ئۇرغىلى تۇرۇپتۇ، ئاخىرىدا، ئاتنىڭ ئاغزىغا ماغزاپ كېلىپ، سۈرئىتىمۇ ئاستىلاپ قاپتۇ، ئەمما ئات مىنگۈچىنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە «قالتىس ئات ئىكەن، يەنىمۇ تېزرەك، يەنىمۇ تېزرەك» دېگەن چۇقانلار جاراڭلاۋېرىپتۇ. ئۇ ئاتنى داۋاملىق ساۋىداۋېرىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، ماغدۇرىدىن كەتكەن ئات «گۈپ» قىلىپلا يىقىلىپ جان ئۈزۈپتۇ. سەرۋاز شۇ چاغدىلا «غوجامنىڭ ئېتىنى ئۆلتۈرگۈچىلەر بىر ياندا تۇرۇپ ۋارقىراپتۇ» دېگەن گەپنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ.

## 9. كەپىگە ئۈچ قېتىم بېرىش

تۆۋەندە مەن يەنە جۇگې لياڭ ئۈستىدە توختىلىمەن. جۇگې لياڭ بىلەن لىيۇ بېي ئوتتۇرىسىدىكى تەۋرەنمەس ئىشەنچ قانداق تۇر-

غۇزۇلغان ؟

ئالدى بىلەن جۇگې لياڭ ئۇستىدە توختىلايلى . ئۇ گەرچە راڭياڭ شەھىرىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان لۇڭجۇڭ دېگەن يەردە زاھىتلىق تۇرمۇشنى كەچۈرۈۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن بەگلىك سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىتا ھەر دائىم دىققەت ـ نەزەرىنى تىكىپ تۇرغان . ئۇ ئۆز دوست ـ يارەنلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى دائىم ئەمىنلىك ۋە ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە ئۆتكەن گۇەن جۇڭ ، لې يىلەرگە سېلىشتۇرغان . ئۇ ئالدىنقىلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ ئۆز قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆزى خىزمەت قىلغۇدەك بىر ئاقىل ئىگىنى تاپالمىغان ، لىۇ بېي گەرچە ئۇ چاغلاردا ئانچە كۈچى بولمىغان بىر شەخس بولسىمۇ ، لې-كىن نامى ئالەمگە پۇر كەتكەن خەن جەمەتىنىڭ پۇشتى بولغاچقا ، ئۇنىڭ جىسمىدا پادىشاھلارغا خاس جاسارەت بار ئىدى . ئۆمرىنىڭ بىكارغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن لىۇ بېي يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇدا ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراۋاتاتتى . ئۇ تەنشىدە پالاكەتكە ئۇچراپ ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈم ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن چاغلاردا نەنجاڭ دېگەن يەردىكى بىر كەنتتە شۈي جىڭ ئەپەندىم بىلىندىغان بىر زاھىت بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان . شۈي جىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا :

— بۈگۈنكى كۈندىكى ھەممىۋا ئاقىللارنىڭ بارى بۇ يەردە تۇرسا غوجامنىڭ ئاللىقاياقلارغا بېرىشىنىڭ نېمە ھاجىتى ، — دېگەن .

— ئاقىللار قەيەردە ، ئۇلار كىم ؟ — دەپ سورىغان لىۇ بېي .

— ئاقىللارنىڭ نام ـ شەرىپى فۇلۇڭ ، فىڭچۇ دېيىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ بىرىگە ئېرىشەلىسىلا يەر ـ جاھاننى تىنچىتالايدىلا !

— فۇلۇڭ ، فىڭچۇ دېگەنلەر كىم ئۆزى ؟

لىۇ بېينىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان شۈي جىڭ چاۋاك ئۇرۇپ كۈلۈپ كەتكەن ، جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان .

كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، جۇگې لياڭنىڭ ئاغىنىسى شۈي جېي ئىسمىنى دەن فۇ دەپ ئۆزگەرتىپ لىۇ بېيغا يېقىنغىلى كەلگەن ۋە

لىيۇ بېي تەرىپىدىن لەشكىرىي سەردارلىققا تەيىنلەنگەن . لېكىن ئۇ ئۆيىدە
مۇھىم ئىش چىقىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك لىيۇ بېينىڭ قېشىدىن كېتىشكە
مەجبۇر بولغان ؛ ئۇ يولغا چىقىش ئالدىن قولۇڭنى ، يەنى جۇگې لياڭنى
لىيۇ بېيگە تەۋسىيە قىلغان ۋە ئۇنىڭغا : «بۇ ئادەم كامالەتكە يەتكەن
ئىقتىدار ئىگىسى ، غوجامنىڭ ئۇنىڭ بىلەن چاپسانراق كۆرۈشكىنى تۇ-
زۇك ، ئەگەر ئۇ قول ـ قانات بولۇشنى خالىسا يەر ـ جاھاننى تىنچىتالماي
قېلىشتىن ئەنسىرەشنىڭ نېمە ھاجىتى» دېگەن .

شۇنداق قىلىپ ، لىيۇ بېي جۇگې لياڭغا ھەسسىلەپ دىققەت قىلىشقا
باشلىغان ، جۇگې لياڭنى ئۆزىنىڭ لەشكىرىي سەردارى قىلىپ تەيىنلەشنى
ئويلاپلا يۈرگەن . ئۇ ئىككى ئاتاق ئىنىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا نۇرغۇن
سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ جۇگې لياڭنى زىيارەت قىلىشقا ئاتلانغان .
تەيبېي شەھىرىدە نەشىر قىلىنغان بىر تەدبىر كىتابىدىكى باھاغا قارىغاندا ،
جۇگې لياڭ ئۆزىنىڭ لىيۇ بېينىڭ نەزەرىدىكى قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن
نۇرغۇن خۇپىيانە ھازىرلىقلارنى پۈتتۈرۈپ قويغان . لىيۇ بېي ۋە ئۇنىڭ ئا-
تاق ئىنىلىرى لۇڭجۇڭدىكى بىر كەنتكە كىرىپ كەلگەندە ئېتىزدا
ئىشلەۋاتقان بىر دېھقاننىڭ قانداقتۇر بىر مەنىسى چوڭقۇر زاھىتلىق غەزد-
لىنى غىڭشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ۋە بۇ ناخشىنىڭ كىم تەرىپىدىن
توقۇلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگەن . دېھقان بۇ غەزەلنى جۇگې لياڭنىڭ تو-
قۇغانلىقىنى ئېيتىپ ، جۇگې لياڭنىڭ كەپىسىگە بارغىلى بولىدىغان يولنى
كۆرسىتىپ بەرگەن .

جۇگې لياڭ ئەمەلىيەتتە كەپىسىدىن چىقىپ لىيۇ بېيغا ياردەم قى-
لىشنى ئويلىسىمۇ ، لېكىن قەستەنگە سەپەرگە چىقىپ كېتىپ ، لىيۇ بېيدىن
ئۆزىنى قاچۇرغان . جۇگې لياڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەن لىيۇ بېي ئۆكۈنۈش
ئىچىدە شىنيې دېگەن يەرگە قايتىپ كەتكەن .

لىيۇ بېي شىنيېغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن يەنە ئادەم ئەۋەتىپ
جۇگې لياڭنىڭ خەۋىرىنى تىڭ تىڭلاتقان . ئەۋەتىلگەن ئادەملەر قايتىپ
كېلىپ جۇگې لياڭنىڭ لۇڭجۇڭدىكى كەپىسىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى

مەلۇم قىلىشقان . جاڭ فېي : جۇگې لياڭ ئادەتتىكى بىر دېھقان ، ئۇنى ئا-دەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كېلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە » دەپ قارىغان . لېكىن لىيۇبېي ئۇنىڭغا : «جۇگې لياڭ بۇ زاماندىكى بىر ئاقىل تۇرسا ، ئۇنى قانداقسىغا چاقىرتىپ كەلگىلى بولسۇن » دېگەن .

شۇنداق قىلىپ ، ليۇبېي ئىككى نەپەر ئاتاق ئىنىسىنىڭ ھەمراھلىقى بىلەن ئىككىنچى قېتىم گۇەنجۇڭغا قاراپ ئاتلانغان . ئۇ چاغ دەل قارا قىش مەۋسۇمى بولۇپ ، ھاۋا بەكلا سوغۇق بولغاچقا ، ئۇلار توڭلاپ تىترەپ كېتىشكەن ، ئىككى ئاتاق ئىنىسى ئۇنىڭغا ۋاقىتچە قايتىپ كېتىپ شۇئىر-غاندىن پاناھلىنىش تەكلىپىنى بەرگەن . ئەمما ليۇ بېي ئۇلارغا : « مەن جۇگې لياڭغا ئۆز سەمىمىيىتىمنى بىلدۈرۈشنى خالايمەن ، ئەگەر ئىنىلىرىم توڭلاپ كەتكەن بولساڭلار قايتىپ كەتسەڭلەرمۇ مەيلى » دېگەن .

جۇگې لياڭ ئۇلارغا يەنە ئۆزىنى تۇتتۇرمىغان ، ئۇنىڭ كەيىپىدە يالغۇز تۇرۇۋاتقان ئىنىسى جۇگې جۇن ئاكىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان . نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ليۇ بېي جۇگې لياڭغا بىر پارچە خەت قالدۇرۇپلا كېتىپ قېلىشقا مەجبۇر بولغان . خەتتە ئۆزىنىڭ جۇگې لياڭ بىلەن كۆرۈشەلمىگەنلىكى سەۋەبلىك قانچىلىك ئۆكۈنۈۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلغان . خەتتە يەنە جۇگې لياڭنىڭ ئۆزىگە ياردەملىشىپ ئەلنى ئامان قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن .

ئەتىياز كېلىشى بىلەنلا ليۇ بېي پالچىلارغا پال ئاچقۇزۇپ خەيرلىك بىر كۈننى تاللىغان ـ دە جۇگې لياڭنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئۈچىنچى قېتىم لۇڭجۇڭغا قاراپ يولغا چىققان . ئۇ ئۆز سەمىمىيىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كەپىگە يېرىم چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە كېلىپلا ئاتتىن چۈشۈپ پىيادە ماڭغان .

ئۇ ئۇزۇن ماڭمايلا جۇگې جۇن بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان . جۇگې جۇن مېھمانلارغا ئاكىسىنىڭ تېخى تۈنۈگۈنلا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن . ئۇلار كەپە ئالدىغا كەلگەندە بىر بالا چاكار كەپە ئىشىكىنى ئېچىپ بەرگەن ۋە ئۇ بالا :

— ئۇستازىم بۇگۈن ئۆيدە. لېكىن ئۇ تېخىچە ئۇخلاۋاتىدۇ، — دېگەن.

— شۇنداق بولسىمۇ ئۇستازغا بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ، — دېگەن ليۇ بېي.

ليۇ بېي گۇەن يۈ ۋە جاڭ فېيغا ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، ئىشىكنى ئاستا ئىتتىرىپ كەيپىگە كىرىپ كەلگەن ۋە جۇگې لياڭنىڭ تېخىچە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن.

ليۇ بېي قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغان پېتى بوسۇغا ئالدىدا جىمجىت تۇرۇۋەرگەن. ھېلىقى بالا جۇگې لياڭنى ئويغاتماقچى بولغان، لېكىن ليۇ بېي ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرمىگەن. جۇگې لياڭ ئارىدىن بىر ھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئويغانغان. ئۇ ھېلىقى بالىغا قاراپ:

— مېھمان كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىغان. ھېلىقى بالا:

— پادىشاھ تاغام ليۇ بېي بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغىلى ئۇزۇن بولدى، — دەپ جاۋاب بەرگەن.

— نېمىدەپ بۇرۇنراق ئويغاتمىدىڭ؟ كىيىم ئالماشتۇرۇۋالاتتىم ئەمەسمۇ؟ — جۇگې لياڭ شۇنداق دەپلا ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كەتكەن ۋە خېلى بىر چاغلار كۆتكەندىن كېيىن ئاندىن تون - قالپاقلىرىنى كىيىپ ليۇ بېينىڭ ئالدىدا پەيدا بولغان.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى باشلىنىپ كەتكەن. سۆھبەت داۋامىدا جۇگې لياڭ ليۇ بېيگە ئەلنى ئاسايىشلىقتا تۇتۇشنىڭ يولى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئۇ ليۇ بېيغا: ئالدى بىلەن جىنجۇنى پەتىھ قىلىپ ئاندىن كېيىن شىچۇەننى (بۈگۈنكى سىچۇەن ئۆلكىسى دائىرىسىدە) قولغا كەلتۈرۈش ۋە بۇ يەرلەردە مۇستەھكەم بازا قۇرۇش تەكلىپىنى بەرگەن، بۇنداق قىلغاندا سۇن چۇەن، ساۋساۋ بىلەن ئۈچ تىنچىقىدا تەڭ تۇرۇش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن غەربتىكى ئۇششاق قوراللىق كۈچلەر بىلەن ئەپلىشىپ، جەنۇبتايى مىللەتلىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، سىرتتىن سۇن چۇەن بىلەن

ئىتتىپاق تۈزۈپ ئىچكى قىسمىنى رەتلەپ ئەڭ ئاخىرىدا ساۋ ساۋدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى تالاشقىلى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

بۇ قېتىم لۇڭجۇڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ سۆھبەت، خۇددى جۇگې لياڭ ئالدىن مۆلچەرلىگەندەك، ليۇ بېينى قاتتىق ھاياجانغا سېلىۋەتكەن. ليۇ بېي جۇگې لياڭغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

— ئۇستازنىڭ سۆزلىرى كۆڭلۈمنى بىردىنلا يورۇتۇۋەتتى، خۇددى بۇلۇتلار ئارىسىدىن ئوچۇق ئاسماننى كۆرگەندەك بولدۇم. پېقىر گەرچە نام - شۆھرەتتە ئېغىر، ئەدەب - ئەخلاقتا تۆۋەن تۇرساممۇ ئۇستازنىڭ كەمسىتمەسلىكىنى، كەپىدىن چىقىپ ياردەم قوللىرىنى سونۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. پېقىر ليۇ بېي ئۇستازنىڭ تەلىمىگە موھتاجمەن، — دېگەن.

جۇگې لياڭ كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن:

— كەمىنىلىرى جۇگې لياڭ ئوتىغۇچ تۇتۇپ دېھقانچىلىق قىلىشنىلا بىلىمەن، دۇنيانىڭ ئىشلىرىدىن خەۋىرىم يوق. پەرمانلىرىغا ئەمەل قىلالمايمەن!

ليۇ بېي بۇنى ئاڭلاپ تارام - تارام ياش تۆككەن ۋە:

— ئۇستاز ماڭا ياردەملەشمىسىلا خالىمىسا مەن بۇ يەردىن كەتمەيمەن! — دېگەن.

ليۇ بېينىڭ يامغۇردەك ياش تۆكۈۋاتقىنىنى كۆرگەن جۇگې لياڭ ئۇنىڭ سەمىمىيلىكىدىن شۈبھىلەنمىگەن، ئاخىرى ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا ماقۇل بولغان.

نۇرغۇن تارىخىي كىتابلاردا بۇ ۋاقىتنىڭ يۈز بەرگەن ۋاقتىنى مىلادى 207 - يىلى دەپ قەيت قىلىندۇ. ئەمما بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشى توغرىسىدا تارىختا تالاش - تارتىش يوقمۇ ئەمەس. شياڭگاڭدا ۋە چوڭقۇرۇقلۇقتا نەشر قىلىنغان تەدبىر كىتابلىرىدا جۇگې لياڭنىڭ بۇ تەدبىرنى ئىشلەتكەنلىكى توغرۇلۇق قاراش ئاساسەن ئوخشاش. جۇگې لياڭنىڭ ليۇ بېينى ئىككى قېتىم قۇرۇق قايتۇرۇۋېتىشى ئۇنى ئۈچىنچى قېتىم ئۆزىگە مەھكەم رام قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى.

ئون يەتتىنچى تەدبىر

## يەمچۈك تاشلاش

يادرولۇق مەزمۇنى: كىچىككىنە يەمچۈكنى تاشلاپ چوڭ بىر لىقنى تۇتۇۋېلىش؛ مەلۇم كىشىگە ئەرزان باھالىق نەرسىسىنى تاشلاپ بېرىپ، تېخىمۇ قىممەتلىك نەرسىسىنى ئېلىۋېلىش؛ كىچىككىنە سوۋغىنى ئىنئام قىلىپ بېرىپ، تېخىمۇ چوڭ پايدىغا ئىگە بولۇش؛ رەقىبىگە ئانچە مۇھىم بولمىغان بىر نەرسىنى ۋاقىتلىق بېرىپ قويۇپ، كېيىن تېخىمۇ قىممەتلىك نەرسە بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنى تولدۇرۇۋېلىش.

ئېلىش ـ بېرىش تەدبىرى. يەمچۈك قۇرت ـ بېلىق تەدبىرى.

يەمچۈك بىلەن ئالداش تەدبىرى.

بىلىقنى تۇتۇۋېلىش ــ مەزكۇر تەدبىرنىڭ مەقستى، يەمچۈك تاشلاپ بېرىش بولسا مەزكۇر تەدبىرنىڭ ۋاستىسىدۇر. بۇ يەردىكى «يەمچۈك» بىلەن «بېلىق»نى ھەر خىل نەرسىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ، شۇڭا شياڭگاڭلىق تەدبىرشۇناس لى زۇگۇۋ: بۇ تەدبىرنى ئىشلەتكىلى بولىدىغان زېمىننىڭ كەڭلىكىدىن ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ھۆكۈم چىقارغان.

## 1. پادىشاھىنىڭ ئامراق خوتۇنى

بۇرۇنقى زامانىدا ئەن لىڭچەن دېيدىغان بىر ئايال بولۇپ، ئۇ ھۆسن ـ جامالدا تەڭداشسىز، قەددى ـ قامەتتە كېلىشكەن نازىنىن بولغاچقا، چۇ پادىشاھى چۇ گۇڭۋاڭنىڭ ئەتىۋارلىشىغا مۇيەسسەر بولغانىكەن. چۇ گۇڭۋاڭنىڭ ۋەزىرى جياڭ يى ئەن لىڭچەندىن سوراپتۇ:
ــ سىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىز پادىشاھ ئۈچۈن بىرەر چوڭ تۆھپە كۆرسەتكەنمىدى؟
ــ ياق، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەن لىڭچەن ۋەزىرگە.
ۋەزىر يەنە سوراپتۇ:
ــ ئۇنداقتا ئۆزىڭىز پادىشاھ ئۈچۈن بىرەر چوڭ ئىش قىلىپ بەرگەنمۇ؟
ــ ياق!
ــ ئۇنداق بولسا، سىز قانداق قىلىپ مۇشۇنداق مەرتىۋىلىك ئورۇنغا ئېرىشەلىدىڭىز؟
ــ مەرتىۋىلىك ئورۇنغا قانداق بولۇپ ئېرىشىپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن.
بۇ سىر ئال ـ جاۋابتىن كېيىن جياڭ يى ئەن لىڭچەنگە مۇنداق دەپتۇ:
ــ ئاڭلىشىمچە، پۇل ـ بىساتى كۆپ كىشىلەر پۇل ـ بىساتىنى خەجلەپ تۈگەتكەندىن كېيىن باشقىلار ئۇنىڭ بىلەن يىراقلىشىپ

كېتىدىكەن . جامالى كېلىشكەن چىرايلىقلار قېرىپ كەتسىلا باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقى يوقىلىپ كېتىدىكەن . بۇگۈنكى كۈندە سىز بەئەينى بىر گۈلگە ئوخشايسىز ، ئەمما گۈل دېگەن ئاخىرى بىر كۈن قۇ-رۇپ تۇزۇپ كەتمەي قالمايدۇ ، سىز قانداق قىلىپ پادىشاھنى مەڭگۈ ئۆزىڭىزگە رام قىلالايسىز ۋە تاشلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنالايسىز ؟

— مېنىڭ يېشىم كىچىك ، ئەقلىم كەم ، ئۇستازنىڭ يول كۆرسى-تىپ بېرىشىگە موھتاجمەن ، — دەپتۇ ئەن لىڭچەن جاۋابەن .

جياڭ يى ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ :

— ئۆزىڭىزنىڭ پادىشاھ ۋاپات بولغاندا قەبرىگە بىللە كۆمۈلۈشكە رازى ئىكەنلىكىڭىزنى پادىشاھقا ئۇقتۇرالىسىڭىزلا بولىدى ، — دەپتۇ .

ئەن لىڭچەن جياڭ يىنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ .

جياڭ يى ئەن لىڭچەن بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قاپتۇ . ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەن لىڭچەننى ئۇچرىتىپ قالغان جياڭ يى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ :

— ئۆز ۋاقتىدا تاپىلىغان گەپنى پادىشاھقا دېدىڭىزمۇ ؟

— بۇ گەپنى دېيىشكە مۇۋاپىق پۇرسەت تاپالمايۋاتىمەن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەن لىڭچەن .

ئارىدىن يەنە بىر يىل ۋاقىت ئۆتۈپتۇ . جياڭ يى بىر كۈنى ئەن لىڭچەندىن يەنە سوراپتۇ :

— ھېلىقى گەپنى پادىشاھقا دېيەلىدىڭىزمۇ ؟

— پادىشاھ بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە پاراڭلىشىشقا زادى ئامال قىلالمايۋاتىمەن ، — دەپتۇ ئەن لىڭچەن .

جياڭ يى :

— قاياقتا بارسىڭىزلا پادىشاھ بىلەن بىر ھارۋىدا يانمۇ يان ئولتۇرىسىز ، مانا ئىككى يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى ، پادىشاھ بىلەن بۇ گەپ ئۈستىدە پاراڭلىشىشقا ئامال قىلالمىدىم دەپلا يۈرىسىز ، بەلكى مېنىڭ قىلغان نەسىھەتلىرىمنى بىر پۇلغا ئەرزىمەيدۇ دەپ ھېس قىلغانسىز ، —

دەپتۇ ـ دە ، خاپا بولۇپ ، پېشىنى قېقىپ كېتىپ قاپتۇ .
شۇ يىلى ، پادىشاھ شىكارغا چىقىپتۇ . ئۇۋ قورشاش ئۈچۈن ياققان گۇلخان شولىسى تا بۇلۇتلارغىچە تاقىشىپتۇ . داقا ـ دۇمباقلارنىڭ ئاۋازى ئالەمگە بىر كېلىپتۇ . شۇ ئەسنادا ، ئۈركۈپ كەتكەن بىر كەركىدان پادىشاھقا قاراپ ئېتىلىپ كېلىپتۇ . كەركىدان ئېتىلىپ كېلىپ پادىشاھ ئولتۇرغان هارۋىغا سوقۇلۇپ كېتەي دەپ قالغاندا پادىشاھ قولىدىكى تۇغنى لەپىلدىتىپ ئەڭ ئۇبدان بىر مەرگەنگە كەركىداننى ئېتىشقا بۇيرۇق قىلىپتۇ . مەرگەن بىر ئوق ئۈزگەنىكەن ئوق تېگىپ يىقىلغان كەركىدان بىر پەس جان تالىشىپلا ئۆلۈپ قاپتۇ . بۇنىڭدىن خۇشال بولغان پادىشاھنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك بوپتۇ . پادىشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ ئەن لىڭچەن تەرەپكە قاراپتۇ ۋە :
ــــ مەن ئۆلۈپ كەتسەم بۇنداق خۇشاللىقتىن كىم بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولارسەن ؟ ــــ دەپتۇ .
ئەن لىڭچەن هۆكىرەپ يىغلاپ تاشلاپتۇ ۋە پادىشاھنى مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرۇپ :
ــــ ئۇلۇغ شاھىم ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالغۇدەك بولسا شاھىم بىلەن بىر گۆرگە دەپنە قىلىنىشقا رازىمەن . مەن قانداقمۇ باشقىلار بىلەن خۇشاللىقتا ئورتاق بولاي ؟ ــــ دەپتۇ .
بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىپتۇ ۋە نەق مەيدىلا 300 تۇتۇنلۇك بىر پارچە زېمىننى ئەن لىڭچەنگە تارتۇق قىلىپ بېرىۋېتىپتۇ . كونىلاردىكى «جياڭ يى ئەقىل كۆرسىتىدۇ ، ئەن لىڭچەن پەيت كۈتىدۇ » دېگەن گەپ مانا مۇشۇنىڭدىن قالغانىكەن .
بۇ ھېكايە ليۇ شياڭ ( مىلادىدىن بۇرۇنقى 77 ـ يىلىدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 ـ يىلىغىچە ياشىغان ) يازغان « پاساھەت » دېگەن كىتابنىڭ ئەقلىيى نەسىھەتلەر بابىدىن ئېلىنغان . بۇ يەردىكى « يەمچۈك » ــــ ئەن لىڭچەننىڭ پادىشاھ بىلەن بىللە دەپنە قىلىنىشقا بولغان رازىلىق سۆزى . « بېلىق » بولسا ئۆلگۈچە يەپ ـ ئىچىشكە يېتىدىغان بىر پارچە زېمىن .

## 2 . بېلىقچىنىڭ پادىشاھنى قارماققا ئىلىندۇرۇشى

تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىشىچە، جياڭ زىيا ( جياڭ تەيگۇڭ) پادىشاھ شاڭ جۇۋاڭنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىدىن نارازى بولۇپ پايتەختتىن كېتىپ قالغان ۋە ۋېيشۈي دەرياسى قىرغىقىغا بېرىپ زاھىتلىق تۇرمۇشنى باشلىغان. ئۇ تۇرۇۋاتقان قىرغاقنىڭ ئەتراپى جىن چياڭ بەگنىڭ تەسىر دائىرىسىگە تەۋە رايون بولۇپ، بەگ جىن چياڭ بولسا شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ھېسابلىنىدىغان جۇزۇ قوۋمىنىڭ ئاقساقىلى ئىدى. جىن چياڭنىڭ سىياسىي جەھەتتە يىراقنى كۆزلەيدىغانلىقى ۋە قابىلىيەتلىك كىشىلەرگە ئىنتىزار ئىكەنلىكى جياڭ زىياغا ئايان ئىدى.

جياڭ زىيا جىن چياڭنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن ۋېيشۈي دەرياسى بويىدا بېلىق تۇتۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالغان. بىراق، ئۇنىڭ بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاشماي قالغان. بېلىق قارمىقى تۈز بولۇپ، قارماق ئۇچىغا يەمچۈك قويۇلمىغان. ھەتتا قارماق سۇ يۈزىدىن ئۈچ چى ئېگىزلىكتە تۇرغان. ئۇ قارماق سېپىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋەرگەنۇ، بىر تالمۇ بېلىق تۇتالمىغان. ئەمما « ئۆلگۈسى كەلگەن بېلىق قارماققا ئۆزى كېلىپ ئىلىنسۇن » دېگەن گەپنى ئاغزىدىن ھېچ چۈشۈرمىگەن.

ئۇنىڭ بۇ خىل غەلىتە بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى ئۇزۇنغا قالماي پادىشاھقا قەدەر ئاڭلىنىپ بارغان. پادىشاھ بۇ بېلىقچىنىڭ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىنى پەملەپ قالغان ۋە ئۇنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇغان. ئەمما جياڭ زىيا ئۆزىنى چىللىغىلى كەلگەن بۇ كىشىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالغان، ئەمما: « قارماققا ئىلىن، قارماققا ئىلىن، بېلىق قارماققا ئىلىنمىسەڭ راكلار ئۆزى بىلگىنىنى قىلىۋېرىدۇ » دېگەن گەپنى زادى ئاغزىدىن چۈشۈرمىگەن.

ئامالسىز قالغان ئارىچى كىشى قۇرۇق قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋە بولغان ئىشنى جىن چياڭغا مەلۇم قىلغان. جىن چياڭ بۇ بېلىقچىنىڭ ھەرگىز ئادەتتىكى ئادەم ئەمەسلىكىگە تېخىمۇ بەكرەك ئىشەن-

گەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېلىقچىنى چىللاپ كېلىشكە يەنە بىر ئەمەلدارنى ئەۋەتكەن . جىياڭ زىيا كەلگەن ئەمەلدارغا شۇنداقلا بىر قاراپ قويغانۇ ، كارى بولمىغان . ئەمما « قارماققا ئىلىن ، قارماققا ئىلىن ، بېلىق قارماققا ئىلىنمىسەڭ راكلار بىلگىنىنى قىلىۋېرىدۇ » دېگەن سۆزنى تەكرارلاشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن .

بۇ ئەمەلدارمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيلا قايتىپ كەتكەن . قايتىپ بېرىپ كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى جىن چياڭغا سۆزلەپ بەرگەن .

غەلىتە بېلىقچىنىڭ ئادەتتىنكى ئادەم ئەمەسلىكىگە قاتتىق ئىشەنچ تۇرغۇزغان جىن چياڭ نۇرغۇن قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى ئېلىپ جياڭ زىيانى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە ئاتلانغان . جياڭ زىيامۇ جىن چياڭنىڭ ئىنتايىن سەممىي ئادەم ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرمىگەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ماقۇل بولغان . شاڭ جوۋاڭنى يوقىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كېيىنكى جەڭلەردە ، جياڭ زىيا ھەل قىلغۇچ مۇھىم روللارنى ئوينىغان .

بۇ يەردە جياڭ زىيانىڭ غەلىتە بېلىق تۇتۇش ئۇسۇلى «يەمچۈك»لۈك رولىنى ئوينىغان . شۇنىڭ بىلەن ئۇ پادىشاھ جىن چياڭنىڭ ئۆزىگە بولغان قاتتىق قىزىقىشىدىن ئىبارەت « بېلىق » نى تۇتۇۋالغان .

## 3 . قاغا ، تۈلكە ۋە پىشلاق

ئولتۇراركەن قاغا دەرەختە ،
تۇمشۇقىدا چىشلەگىنىك پىشلاق ،
پۇراپ كېلىپ پىشلاق ھەممىنى ،
گەپ باشلاپتۇ شۇئان تۈلكىچاق :

ـــ سالام ساڭا سۆيۈملۈك قاغا ،
ئالەمدە سەن ئەڭ چىرايلىق زات .
گۈزەل ناخشاڭ پەيلىرىڭگە ماس ،
سەن بۇ يەردە قېقنوس ، ھەيھات !

بۇ ماختاشتىن مەست بولۇپ قاغا،
ئۇنىنى بىر كۆرسەتمەك بوپتۇ.
ئاچقانىكەن ئاغزىنى «قاق» دەپ،
پىشلاق يەرگە «توك» چۈشۈپ قاپتۇ.

تېرنۋېلىپ ئولجىنى شۇئان،
مەززە قىلىپ يەپتۇ تۈلكىچاق،
يەپتۇ، قاراپ تۇرغان قاغىغا،
دەپتۇ ئاخىر سۆز ئېچىپ شۇنداق:

— ئەمدى ساڭا ئېيتاي، ھەر قاچان،
ماختانچاقنى تاپار كۆپپاڭچى،
قىممەتراقتۇر مېنىڭ بۇ سۆزۈم —
سەن يوقاتقان پىشلاقتىن بەلكى.

پۇشايمانغا قاچا تاپالماي،
ئاھ ئۇرۇپتۇ قاغا دەرد بىلەن.
— قەسەم قىلاي — دەپتۇ، ئۆمرۈمدە —
ماختاشلارنى ئىلىك ئالماسمەن.

تۈلكىنىڭ قاغىنى ماختاشلىرى بۇ يەردە «يەمچۈك»لۈك رولىنى ئوينىغان؛ تۈلكە بۇ «يەمچۈك»ئارقىلىق قاغىنىڭ ئاغزىدىكى «بېلىق»نى، يەنى پىشلاقنى تارتىۋالغان.

## 4. بەش شەھەرنى سوۋغا قىلىش

ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىدە، چىن بەگلىكى ۋېي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلماقچى بوپتۇ، بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن چىن بەگلىكى ئالدى بىلەن جاۋ بەگلىكى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپتۇ ھەمدە ۋېي

بەگلىكنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ۋېي بەگلىكىگە قاراشلىق بولغان يېچېڭ شەھىرىنى جاۋ بەگلىكىگە كېسىپ بېرىشنى ۋەدە قىپتۇ .

ئىككى تەرەپتىن كەلگەن تەھلىكىگە دۇچ كەلگەن ۋېي پادىشاھى قورقىسىدىن غال - غال تىترەپ كېتىپتۇ ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپتۇ . ئەمما كېڭەشكە قاتناشقان ۋەزىرلەرنىڭ ھېچبىرى كۆڭۈلدىكىدەك بىرەر ئەقىل كۆرسىتەلمەپتۇ . ۋېي پادىشاھى ئەڭ ئاخىرىدا چوڭ سەركەردە ماڭ ماۋدىن بىرەر ئەقىل كۆرسىتىشنى سوراپتۇ . بۇ كىشى ئەزەلدىن پىلانچى ۋە ھىيلىچى ئادەم ئىكەن . ئۇ مۇنداق دەپتۇ :

— بۇ ئىشتىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق . چىن بەگلىكى بىلەن جاۋ بەگلىكى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەزەلدىن ياخشى بولۇپ باققان ئەمەس . بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ ھەربىي ئىتتىپاق تۈزۈشىدىكى مەقسىتى زېمىنىمىزنى بۆلۈشۈۋېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ يېرىنى كېڭەيتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس . بىرلىشىشنىڭ رولى گەرچە ئىنتايىن چوڭ بولسىمۇ ، لېكىن ھەرقايسى ئىتتىپاقداشنىڭ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن مەقسىتى بار . بۇ ئىتتىپاقتا چىن بەگلىكى ئاساسلىق رول ئوينايدۇ ، جاۋ بەگلىكى بولسا پەقەت ياندىياقلا بولالايدۇ . بىز جاۋ بەگلىكىگە ئازراق مەنپەئەت بەرسەكلا ئۇ چىن بەگلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ناھايىتى ئاسانلا ئۈزۈۋېتەلەيدۇ .

ماڭ ماۋ چىن بەگلىكى بىلەن جاۋ بەگلىكىنى ئايرىپ تاشلاشنىڭ چارىسى ئۈستىدە توختىلىپ يەنە نۇرغۇن پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان ۋېي پادىشاھى ماڭ ماۋنىڭ تەكلىپىنى ياقلاپ چىقىپتۇ . ئۇ ئالدى بىلەن جاۋ بەگلىكىگە بىر ئەلچى ئەۋەتىپ ، جاۋ پادىشاھىغا مۇنۇلارنى بىلدۈرۈپتۇ : « بۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا يېچېڭ شەھىرىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى ساقلاپ قالماق ئىنتايىن تەس . ئۇ ھامان بىر كۈنى قولدىن كېتىدۇ ؛ سىلەرنىڭ چىن بەگلىكى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ بىزگە ھۇجۇم قىلىشقىلاردىن مەقسەت بۇ شەھەرگە ئىگە بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس . ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ۋېي پادىشاھى يېچېڭ شەھىرىنى جاۋ پادى-

شاھىغا ئۇرۇشسىزلا ئىنئام قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ قوبۇل قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.»

بۇ قاراردىن خۇشال بولغان جاۋ پادىشاھى ۋېي پادىشاھنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغانلىقىنى سوراپتۇ. ئەلچى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «بۇ بەك ئاددىي گەپ، ئۇرۇش دېگەن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىش، ئۇ ئادەملەرنى قىرىپ تاشلايدۇ، ئېتىز - ئېرىقلارنى ۋەيران قىلىدۇ. ۋېي پادىشاھىمىز شەپقەت ۋە شاپائەتنى كۆزدە تۇتۇپ پۇقرالارنى ئۇرۇش ئاپىتىدىن ساقلاپ قېلىشنى كۆزدە تۇتتى. شۇڭا ئۇ مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قارار قىلدى» دەپتۇ.

جاۋ پادىشاھى يەنە: «مەن بۇ سوۋغىنى قوبۇل كۆرسەم، ۋېي پادىشاھى مەندىن يەنە قانداق ئۈمىدلەرنى كۈتىدۇ؟...» دەپ سوراپتۇ.

ئەلچى مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: «پادىشاھىمنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنى مەسىلىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ھەرقانداق قىيىن ئەھۋال ئاستىدىمۇ پايدا - زىياننى دەڭسەپ كۆرۈشنى بىلىدۇ. ۋېي بەگلىكى بىلەن جاۋ بەگلىكى ئەزەلدىن ياخشى مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ۋېي بەگلىكى بىلەن چىن بەگلىكى ئارىسىدا چوڭقۇر ئۆچ - ئاداۋەت مەۋجۇت. چىن بەگلىكى ۋەھشىيلەر بىلەن تولغان بەگلىكتۇر، چىن لەشكەرلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكىمۇ ۋەھشىي ھايۋاندىن قېلىشمايدۇ، مەن زېمىنىمىزنى چىن لەشكەرلىرىدەك ۋەھشىيلەرنىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا قالدۇرغىچە ئۇنى كونا ئۆلپىتىمىزگە بېرىۋەتكەن تۈزۈك دەپ قارايمەن. بۇ داۋلىنى چۈشەنمەك تەس ئەمەس، ئەگەر ئۆزلىرى ۋېي بەگلىكىمىز بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى خالىسىلا، پادىشاھىمىز ئۆزلىرىنىڭ چىن بەگلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى ئۈزۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ، پەقەت شۇندىن كېيىنلا ئۆزلىرى دوستلۇقىمىزنىڭ سىمۋولى بولغان يېچىلىك شەھىرىگە ئىگە بولالايدىلا. مۇبادا بۇ سوۋغىمىزنى قوبۇل قىلىشنى خالىمىسىلا ئۇ چاغدا بىز شەھەرلىرىمىزنىڭ ۋەيران بولۇپ، ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقماي تاجاۋۇزچى بەگلىكلەر بىلەن

ئاخىرغىچە ئۇرۇش قىلىمىز.»

جاۋ پادىشاھى شۇ كېچىسىلا ۋەزىر ـ مەنسەپدارلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ ۋېي بەگلىكىنىڭ بۇ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كېلىپتۇ. چۈنكى، يېچېڭ شەھىرىنى سوۋغا سۈپىتىدە قوبۇل قىلسا، ئۇنى تالىشىپ ئۇرۇش قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمايدىكەن. ئۇنىڭدىن ئۆزگە، ئەگەر ۋېي بەگلىكى مەغلۇپ بولۇپ كەتسە چىن بەگلىكى تېخىمۇ قۇدرەت تېپىپ كېتىپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە تىغ ئۇچىنى جاۋ بەگلىكىگە قارىتىش ئېھتىمالىمۇ بار ئىكەن. ۋېي بەگلىكى يارىتىپ بەرگەن بۇ پايدىلىق پۇرسەت مەھكەم تۇتۇلۇپ ۋېي بەگلىكىنى ئۆز دوستىغا ئايلاندۇرۇۋالسا ۋە چىن بەگلىكىنىڭ كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ئالدى ئېلىنسا جاۋ بەگلىكىنىڭ ئامانلىقىغا ھەم پايدىلىق بولىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن جاۋ بەگلىكى ۋېي بەگلىكىنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىپ چىن بەگلىكى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەنلىكىنى جاكارلاپتۇ ۋە چىن بەگلىكى بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلىدىغان بارلىق ئۆتكەللەرنى ئېتىپ تاشلاپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چىن پادىشاھى قاتتىق غەزەپكە كېلىپتۇ. ئۇ ۋېي بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىش تەييارلىقىنى دەرھال توختىتىپ، ئۇرۇشنىڭ تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە جاۋ بەگلىكىگە قارىتىپتۇ.

جاۋ پادىشاھى بۇ چاغدا ۋېي بەگلىكىنىڭ ئەلچىسى بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمنى نەقلەشتۈرۈش ئۈچۈن يېچېڭ شەھىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بىر قوشۇن ماڭدۇرۇپتۇ. يېچېڭ شەھىرىنى ساقلاۋاتقان سەردار دەل ماڭ ماۋنىڭ ئۆزى ئىكەن. ئۇ جاۋ بەگلىكىنىڭ لەشكەرلىرىنى شەھەر چېگرىسىنىڭ سىرتىدا توختىتىۋاپتۇ، جاۋ بەگلىكىدىن كەلگەن سەردار ۋېي ـ جاۋ بەگلىكلىرىنىڭ يېچېڭ شەھىرىنى بۆلۈپ بېرىش توغرىسىدىكى كېلىشىمنامىسىنى چىقىرىپتۇ.

— يوق گەپ! — دەپتۇ ماڭ ماۋ چىچاڭشىپ، — مەن بۇيرۇققا بىنائەن بۇ شەھەرنى ساقلاۋاتىمەن، قانداقلارچە ئۇنى بىكاردىن ـ بىكار سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرەي؟

— بۇ خۇسۇسىي سۆھبەت ئارقىلىق تۈزۈلگەن خارجىي كېلىشىم، ۋېي پادىشاھى بۇنىڭغا ئالىلىقاچان قوشۇلۇپ بولغان! — جاۋ بەگلىكىنىڭ سەردارى چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دەپتۇ.

— قانداق خۇسۇسىي كېلىشىم ئىكەن ئۇ، ۋېي پادىشاھى بۇنىڭغا قوشۇلۇپتۇمۇ تېخى، كېلىشىمگە ئۇ ئىمزا قويغانمۇ يوق، قېنى كېلىشىمنامىنى ماڭا بېرىڭلار كۆرۈپ باقاي!

— ۋېي پادىشاھى ئەلچىسىنىڭ گېپىمۇ گەپ بولمامدۇ؟

ماڭ ماۋ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ سوئال قويۇپتۇ:

— قانداق ئەلچىكەن ئۇ، ئۇنداقتا سىلەر بېرىپ ئاشۇ ئەلچىنى ئىزدەپ تېپىڭلار، پادىشاھىمىز بۇيرۇق چۈشۈرمىگەنىكەن بۇ شەھەرنى سىلەرگە تاپشۇرۇپ بېرەلمەيمەن. ئەگەر بۇ شەھەرگە ئېرىشىشنى ئويلىساڭلار پادىشاھىمىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ كېلىشىڭلار كېرەك. ھازىر سىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، بۇ يەردىن تېز يوقالمايدىغان بولساڭلار پۇتۇڭلارنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۆزۈڭلارنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن!

ئامالسىز قالغان جاۋ بەگلىكىنىڭ سەردارى لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈپ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ قايتىپ بېرىپلا جاۋ پادىشاھىنى بولغان ئىشلاردىن خەۋەرلەندۈرۈپتۇ. جاۋ پادىشاھى پەقەت شۇ چاغدىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ۋېي پادىشاھىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ يېتىپتۇ. جاۋ پادىشاھى دەل شۇ چاغدا چىن بەگلىكىنىڭ ۋېي بەگلىكى بىلەن بىرلىشىپ جاۋ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىشىنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋەسۋەسىگە چۈشكەن جاۋ پادىشاھى بارلىق ۋەزىرلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە قاراشلىق بەش شەھەرنى ۋېي بەگلىكىگە بۆلۈپ بېرىشنى ۋە بۇ بەش شەھەر بەدىلىگە ۋېي بەگلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپ چىن بەگلىكىگە ئورتاق قارشى تۇرۇش قارارىغا كېلىپتۇ.

بۇ ھېكايىدىكى « يەمچۈك » بولسا يېچىلىك شەھىرىنى بۆلۈپ بېرىش ھەققىدىكى ئاغزاكى كېلىشىمدىن ئىبارەت ، چاۋ بەگلىكىنىڭ ۋېي بەگلىكىگە بۆلۈپ بەرگەن بەش شەھىرى — ۋېي بەگلىكى تۇتقان «بېلىق» .

## 5 . ستالىننىڭ ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى

يالتا يىغىنىدا ( 1945 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 11 ـ كۈنىگىچە ئېچىلغان ، تەيۋەندە نەشر قىلىنغان تەدبىر كىتابىدا بۇ يىغىن مەخپىي ئۆلچا بۆلۈشۈش يىغىنى دەپ ئاتالغان ) ستالىن مەزكۇر تەدبىرنى قوللانغان ( بۇ تەيپىيدە نەشر قىلىنغان تەدبىر كىتابىنىڭ قارىشى ) . ئۆز ۋاقتىدا روزۋېلت ۋە چېرچىللار ئۇرۇشنى ئىمكانقەدەر تېز ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن ستالىندىن ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشنى ئىلتىماس قىلىشقان . ستالىن گېرمانىيە تەسلىم بولغاندىن كېيىن ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا ئاغزاكى قوشۇلغان . بۇ ستالىن تاشلىغان « يەمچۈك » بولۇپ ھېسابلىناتتى . ئۇ بۇ ۋەدىسى ئارقىلىق غەربتىكى ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ شەرقىي ئاسىيا مەسىلىسىدە بىرقانچە مەسىلىدە يول قويۇشنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان . ئۇنىڭدىن باشقا ياپونىيىنىڭ چيەنداۋ تاقىم ئارىلى ۋە جەنۇبىي كۇيېي ئارىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا كېسىپ بېرىلگەن .

يالتا كېلىشىمى بويىچە بولغاندا ، ستالىن 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گېرمانىيە تەسلىم بولغان چاغدىلا ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشى كېرەك ئىدى . ئەمما كېلىشىمدىكي مۇددەت ئۆتۈپ كېتىۋەرگەن ، ستالىن ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىغان ، بەلكى قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇۋەرگەن . بۇ ھال ياپونىيىنى ئىتتىپاقداشلار ئارمىيىسى بىلەن ھېچقانداق غېمى بولمىغان ھالدا قارشىلىشىۋېرىشكە ئېلىپ كەلگەن .

ئامېرىكا ناگاساكى شەھىرىگە ئاتوم بومبىسى تاشلاپ ، ياپونىيىنى تەسلىم قىلدۇرۇش ۋەزىيىتى مۇقىملىشىپ قالغان چاغدا ، ستالىن 1945 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاندىن ياپونىيىگە رەسمىي ئۇرۇش ئېلان

قىلىغان . شۇنىڭ بىلەن روزۋېلت ۋە چېرچىللاردىن پەقەت ياپونىيىگە قارشى ئۇرۇش ئاچقاندىلا ئاندىن ئىگە بولۇشى مۇمكىن بولغان نەپكە ئېرىشەلىگەن . ئۇنىڭدىن ئۆزگە ، سوۋېت ئارمىيىسى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنىمۇ ئۆز كونتروللۇقىنى يۈرگۈزەلىگەن . بۇ ھال يەنە كېلىپ جۇڭگو قىزىل ئارمىيىسىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەم بەرگەن .

تەيۋەنلىك تەدبىرشۇناسلارنىڭ قارىشىچە ، ستالىننىڭ بۇ قىلمىشى مەزكۇر تەدبىرنىڭ ۋاستىلىرى بىلەن تامامەن ماس كېلىدىكەن . ئۇ يالتا يىغىنىدا غەربتىكى ئىتتىپاقداشلارنىڭ غەلىبە قىلىش ئارزۇسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ، بىرقانچە ئېغىز گەپ بىلەنلا ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغان ھەمدە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ شەرقىي ئاسىيادا ئېرىششنى ئويلىغان نەپكە ئېرىشكەن .

تەيۋەنلىك بۇ ئاپتورنىڭ كۆزقارىشى بىلەن ئوخشاش كۆزقاراشتىكى چېن جيەنرېن دەيدىغان يەنە بىر ئاپتور بولۇپ ، ئۇنىڭ 1972 ـ يىلى نەشر قىلىنغان نېمىنىچە كىتابىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىدىكەن :

« سوۋېت ھۆكۈمىتى ستالىننىڭ رەھبەرلىكىدە 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى موسكۋادا جياڭ جيېشى بىلەن بىر كېلىشىمنامە ئىمزالىغان . بۇ كېلىشىمدە ستالىن جياڭ جيېشى ھۆكۈمىتىنى جۇڭگونىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ۋەكىللىك ئاپپاراتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ كومپارتىيىگە ھۇجۇم قوزغىشىغا ئۇنۇملۇك تۈردە ياردەم بېرىشكە قوشۇلغان . بۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ھۆكۈمىتى جياڭ جيېشىدىن بۇ خىل ئىپادىنىڭ ھەقىقىي سوپىتىدە تۆۋەندىكىدەك نەپكە ئېرىشكەن :

( 1 ) ئەسلىدە قەدىمكى جۇڭگو تېررىتورىيىسىگە تەۋە بولغان تاشقى موڭغۇلىيىنى مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلغان . ئەمەلىيەتتە بۇ 《 مۇستەقىل دۆلەت 》 سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقىدا بولغان .

( 2 ) جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى چاڭچۈن تۆمۈريول

لېنىنىسىنى 30 يىل ئورتاق باشقۇرماقچى بولغان.

(3) لۈيشۈن پورتىنى ۋە دالىيەن پورتىنى 30 يىل ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەتمەكچى بولغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتى بۇنىڭ بىلەن قانائەت تاپقان ھەمدە ئۇ يىراق شەرقتە پۇت تىرەپ تۇرالىغان. ئەمما بۇ ستالىننىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى بىر ئالدامچىلىقىدىن ئىبارەت ئىدى، چۈنكى ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە بۇ كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنى تا ئۇ تەختكە چىققۇچە باشتىن - ئاخىر قەتئىي قوللاپ كەلگەن.»

ستالىننىڭ «يەمچۈك» ى غەيرىي كومپارتىيە بولغان جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى كېلىشىمنامە سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىش، ئۇ تۇتقان «بېلىق» يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچ تۈرلۈك نەپتىن ئىبارەت.

## 6. خەن گاۋزۇنىڭ قورشاۋغا چۈشۈپ قېلىشى

مىلادىدىن بۇرۇنقى 201 - يىلى، ھونلارنىڭ باشچىسى باتۇر تەڭرىقۇت ھون قوشۇنىنى باشلاپ مايى (بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسى دائىرىسىدە) دېگەن يەرگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن. خەن سۇلالىسىنىڭ مۇداپىئەچى قوشۇنى قورال تاپشۇرۇپ تەسلىم بولغان. ھونلار جەنۇبقا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ تەييۈەن (بۈگۈنكى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ تەييۈەن شەھىرى) نى ئىشغال قىلىۋالغان. خەن گاۋزۇ شەخسەن ئۆزى قوشۇن باشلاپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغان. ئۇ چاغدا ھاۋا بەك سوغۇق بولۇپ، قېلىن قار يېغىپ كەتكەچكە، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى تالاپەتكە ئۇچراپ ئون لەشكەرنىڭ ئىككى - ئۈچى بارماقلىرىنى ئۈششۈتۈۋالغان. باتۇر تەڭرىقۇت بولسا يالغاندىن چېكىنگەن بولۇۋالغان. خەن گاۋزۇ ھونلارنى ئۇرۇشتىن قورقتى دەپ قاراپ چوڭ قوشۇن بىلەن ئىز بېسىپ قوغلىغان. باتۇر تەڭرىقۇت خەن گاۋزۇنى قايتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قابىل لەشكەرلىرىنى قەستەن يوشۇرۇپ

قويغان ، خەن گاۋزۇنىڭ كۆزىگە چېلىقىنى پەقەت قىرى ، كىسەلمەن لەشكەرلەرلا بولغان .

خەن گاۋزۇ هونلارنى قوغلاپ بەيدېڭشەن تېغىغا ( بۈگۈنكى داتۇڭ شەھىرى ئەتراپىدا ) يېتىپ كەلگەندە ، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ قاتىل - خىل لەشكەرلىرى خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان . خەن گاۋزۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى بىر قورشىۋېلىنغانچە توپتوغرا يەتتە كېچە - كۈندۈز قورشىلىپ ياتقان . كېيىنچە خەن گاۋزۇ نۇرغۇن قىممەت باھا سوۋغا - سالام بىلەن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ خوتۇنىنى قولغا كەلتۈرۈپ بۇ قورشاۋدىن قېچىپ چىقالىغان .

بۇ مىسال 1986 - يىلى تەيۋەندە نەشر قىلىنغان بىر هىيلە كىتابىنىڭ ئون يەتتىنچى بابىدىن ئېلىندى . باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ يالغان مەغلۇپ بولۇپ ئورۇق - ئاجىز لەشكەرلىرىنى تاشلاپ مېڭىشى بىر « يەمچۈك » ئىدى . بەيدېڭشەن تېغىدا خەن گاۋزۇنى قورشىۋېلىشى بولسا « بېلىق » ئىدى . خەن گاۋزۇغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇمۇ ئوخشاش بىر تەدبىرنى قوللىنىپ ئاندىن بۇ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇپ چىققان .

## 7 . قۇدىلىشىش

خەن گاۋزۇ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ قولىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن هونلارنىڭ جۇڭگو چېگرىلىرىغا سالغان پاراكەندىچىلىكى تېخىمۇ ئاۋۇپ كەتكەن . مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرگە كەلگەندە باتۇر تەڭرىقۇت مىلادىدىن بۇرۇنقى II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قۇرۇلغان كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى هون ئىمپېرىيىسى قىلىپ كېڭەيتىپ چىققان . بۇ ئىمپېرىيىنىڭ چېگرىسى بايقال كۆلىدىن بالقاش كۆلىگىچە ، جەنۇبتا بۈگۈنكى ئىچكى موڭغۇل ، گەنسۇ ، شىنجاڭنىڭ غەربىگىچە بولغان . هونلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىغا داۋاملىق تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ بۇلاڭ - تالاڭ ئېلىپ بارغان ھەمدە خەن سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ ئەسىرلىرىنى قول قىلىۋالغان .

مىلادىدىن بۇرۇنقى 189 ـ يىلى خەن گاۋزۇ قوۋۇق ئىچكى بېگى ليۇ جىڭنى چاقىرتىپ كېلىپ ۋەزىيەت ئۈستىدە كېڭەش ئۆتكۈزگەن. ليۇ جىڭ ھونلارنى قورال كۈچى بىلەن باش ئەگدۈرۈش قىيىنغا توختايدۇ دەپ ھېسابلىغان. خەن گاۋزۇ مەدەنىيەت، ھۆرمەت بىلەن تەسىرلەندۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ليۇ جىڭ بۇنداق قىلىشنى قۇۋۋەتلىمىگەن.

ليۇ جىڭ مۇنداق دېگەن:

— باتۇر تەڭرىقۇت ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ تەختكە چىقىپ ئۆز كۈچىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇنىڭ بىلەن مېھىر ـ شەپقەت ئارقىلىق سۆزلىشىش مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئەمما يەنە باشقا بىر چارە باركى، بۇ چارە بىلەن ئۇنى بويسۇندۇرغىلى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرىنىمۇ ئىنتايىن ئىتائەتمەن قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. بۇ يەنىلا يىراق كۆزلەنگەن پىلان. ئالىيلىرىنىڭ بۇنىڭغا قوشۇلىدىغان ـ قوشۇلمايدىغىنىنى بىلمەيمەن.

خەن گاۋزۇ بۇنىڭ قانداق تەدبىر ئىكەنلىكىنى سورىغان. ليۇ جىڭ مۇنداق دېگەن:

— ھونلارنى بويسۇندۇرىمىز دېيىدىكەنمىز، پەقەت بىرلا چارە بار، بۇ چارە بولسىمۇ ئۇلار بىلەن سىياسىي جەھەتتە قۇدىلىشىپ، ھونلارنى خەن جەمەتىنىڭ تۇغقىنىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. كەمىنىلىرى شۇنداق قارايدۇكى، ئالىيلىرى چوڭ مەلىكىنى باتۇر تەڭرىقۇتقا خوتۇنلۇققا بېرىپ، كۆپتىن كۆپ سوۋغا ـ سالام يوللاش ئارقىلىق ئۇنى ئېرىتىشلىرى لازىم. خان جەمەتىنىڭ قىزى خانىش بولسا خانىش تۇغقان بالا جەزمەن ۋەلىئەھد بولىدۇ. ئالىيلىرى بۇنداق قېيىن ئاتا ـ كۈيئوغۇل مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ بىلەن پائال بېرىش ـ كېلىش قىلىشلىرى، ۋاقتى ـ قەرەلىدە جاۋاھىراتلارنى ئىنئام قىلىشلىرى لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا ھەتتا ۋەھشىي يولۋاس بولسىمۇ بويسۇنماي قالمايدۇ. ئالىيلىرىنىڭ كۈيئوغۇلى بولمىش باتۇر تەڭرىقۇت ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە

قايتا پاراكەندىچىلىك سالمايدىغان بولىدۇ، ئالىيلىرىنىڭ نەۋرىسى بولمىش ئوغۇل قانداقمۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىلالىسۇن ؟ بۇنداق بولغاندا ئالىيلىرى دۈشمەن لەشكىرىنى تىنچ يول بىلەن باش ئەگدۈرەلەيدىلا، يەنە ئۇرۇش قىلىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالمايدۇ. بۇ ئۇزۇنغىچە ئامان بولۇشنىڭ تەدبىرى!

خەن گاۋزۇ دەسلەپتە ئاچچىقلىنىپ:

— خەن خاندانلىقىنىڭ ئىززىتىگە ئاساسلانغاندا چوڭ مەلىكىنى قانداقمۇ بەدەۋىگە خوتۇنلۇققا بېرەلەيمەن ، بۇنداق قىلسام كىشىلەر مېنى مازاق قىلىشمامدۇ ؟ — دېگەن .

— ئالىيلىرى بىرىنىڭ ئورنىغا يەنە بىرىنى قۇربان بېرىپ ، ئوردا كېنىزەكلىرىنىڭ ئەڭ چىرايلىقىنى تاللاپ باتۇر تەڭرىقۇتقا چوڭ مەلىكە دەپ خوتۇنلۇققا بەرمەمدىلا ؟ — دېگەن لىيۇ جىڭ خەن گاۋزۇغا.

خەن گاۋزۇ بۇ تەدبىرگە ماقۇل كەلگەن . باتۇر تەڭرىقۇت دېگەندەكلا خان جەمەتىنىڭ « چوڭ مەلىكىسى » گە ئېرىشكىنىدىن بەكلا خۇشال بولغان ۋە ئۇ خەن گاۋزۇ بىلەن قۇدىلاشقانلىقىنى جاكارلىغان .

باتۇر تەڭرىقۇت ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ، هونلارنىڭ باشچىلىرى يەنىلا خەن خاندانلىقىنىڭ قىزلىرىنى خوتۇنلۇققا ئالغان . بۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋاڭ جاۋجۈننىڭ داڭقى ئەڭ مەشھۇر . بولۇپمۇ ئەدەبىيات ساھەسىدە ئۇ داۋاملىق تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ . ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 33 — يىلى هونلارنىڭ تەڭرىقۇتى قوغشار خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدا بولماقچى بولغاندا ئىختىيارەن هونلارغا تەگكەن .

بىراق ، بۇنداق تىنچلىق ئىتتىپاقى قىسقا ۋاقىتلا داۋاملاشقان ، شۇڭا جۇڭگونىڭ قەدىمكى نۇرغۇن سىياسىئونلىرى شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىن مۇداپىئە كۆرۈشنىڭ بىردىنبىر ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلانى سېپىل سوقۇپ خەندەك كولاش ، چېگرىدا لەشكەر تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت دەپ قارىغان . شۇنداق قىلىپ مىلادىدىن بۇرۇنقى V Ⅱ ئەسىردىلا جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلىنى ياساش تارىخى باشلىنىپ كەتكەن .

## 8. شەرقىي غوزلارنىڭ سوۋغات سورىشى

ئەمىنلىك دەۋرىدە، شەرقىي غوزلار قەبىلىلىرى جۇڭگونىڭ شەرقىي قىسمىدا ماكانلاشقان، شەرقىي غوزلار ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر بىلەن دائىم دېگۈدەك سۈركىلىش پەيدا قىلىپ تۇرغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 209 - يىلى، قوشنا قەبىلە بولغان هونلارنىڭ باشلىقى ئۆز ئوغلى باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. باتۇر تەڭرىقۇت خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان. شەرقىي غوزلارنىڭ كاتتىسى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆزىگە بولغان پوزىتسىيىسىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىپ باتۇر تەڭرىقۇتقا ئۆزىنىڭ بىر تەلىپىنى يەتكۈزگەن. يەنى باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئاتىسىنىڭ تۇلپارىغا ئېرىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ تۇلپار ئىنتايىن تېز چاپىدىغان، چىدامىلىق تۇلپار بولغان.

باتۇر تەڭرىقۇت شەرقىي غوزلار كاتتىسىنىڭ نىيىتىنى بىلىۋالغان ۋە قول ئاستىدىكىلەرنى يىغىپ مەسلىھەت ئۆتكۈزگەن. قول ئاستىدىكىلەر: پۈتۈن ئەل بويىچە پەقەت مۇشۇ بىرلا تۇلپار بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ۋاپات بولغان باشچىمىزدىن قالغان مىراس، ئۇنى قانداقمۇ چەت ئەلگە بېرىۋەتكىلى بولسۇن، دېيىشكەن.

بىراق باتۇر تەڭرىقۇت:

— بىر تۇلپارنى دەپ قوشنا ئەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە زىيان يەتكۈزسەك بولماس، — دېگەن ھەمدە ئۇ تۇلپارنى سوۋغا قىلىۋەتكەن.

شەرقىي غوزلارنىڭ كاتتىسى باتۇر تەڭرىقۇتنى ئۆزىدىن قورقۇپ قالدى دەپ قارىغان. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ خوتۇنىنى ئۆزىگە خانىشلىققا ئۆتۈنۈپ بېرىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان.

باتۇر تەگرىقۇت يەنە كېگەش ئۆتكۈزگەن. كېگەشكە كەلگەنلەر غەزەپ ـ ئاچچىقىدا :

ــ بۇ نىڭ نومۇس ـ نى ئاھانەت، شەرقىي غۇزلۇق پەسلەر بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، يەنە كېلىپ خانىشىمىزنى سورىغىنىنى دېمەمدىغان، ئۇنىڭ بىلەن تىغمۇ تىغ بىر ئېلىشايلى، ــ دەپ ۋارقىرىشىپ كەتكەن.

ئەمما باتۇر تەگرىقۇت يەنە :

ــ بىر ئايالنى دەپ قوشنا ئەل بىلەن بولغان دوستلۇقىمىزنى بۇزۇۋەتسەك بولماس، ــ دېگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئامراق خوتۇنىنى شەرقىي غۇزلارنىڭ كاتتىسىغا بېرىۋەتكەن.

باتۇر تەگرىقۇتنىڭ تۇلپارىغا، خوتۇنىغا ئىگە بولغان شەرقىي غۇزلارنىڭ كاتتىسى تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، كېرىلىپ كەتكەن. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ هونلار تەرەپكە يەنە ئەلچى ماگدۇرغان. بۇ قېتىم ئۇ ئىككى ئەل چېگرىسىدىكى 1000 چاقىرىملىق زېمىننى ئۆزىگە كېسىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. باتۇر تەگرىقۇت يەنە ئادەملىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرغان. بەزى كىشىلەر يەردىن ۋاز كەچسەك كېچەيلىكى، شەرقىي غۇزلارنىڭ دوستلۇقىغا ئازار بەرمەيلى دەپ قارىغان. بۇ چاغدا باتۇر تەگرىقۇت دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ :

ــ زېمىن دېگەن دۆلەتنىڭ دەسمايىسى، ئۇنى قانداقمۇ ئۆزگىلەرگە بېرىۋەتكىلى بولىدۇ، ــ دەپ ۋارقىرىغان ھەمدە يەرنى بېرىۋېتىش تەشەببۇسىنى ساقلاپ قالايلى دېگەنلىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاتقا مىنىپ، قوشۇن باشلاپ شەرقىي غۇزلارنىڭ ئۇستىگە چاقماق سۈرئىتىدە بېسىپ بارغان.

باتۇر تەگرىقۇتنىڭ « ياق » دېگەن سۆزى ۋە ھۇجۇمى شۇنچىلىك تۇيۇقسىز بولغانلىكى، ھۇجۇم ئالدىدا شەرقىي غۇزلار تامامەن

مۇداپىئەسىز هالدا تۇرغان . نەتىجىدە باتۇر تەگرىقۇت شەرقىي غۇزلارنى شۇ قەدەر ئاسان تارمار قىلىۋەتكەن ھەمدە ئۇدۇل ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ ، شەرقىي غۇزلارنىڭ كاتتىسىنى ئۆلتۈرۈپ ، تۇلپارىنى ۋە خانىشىنى قايتۇرۇۋالغان .

تەگرىقۇتنىڭ سوۋغىسى «يەمچۈك» بولغان ، ئۇ تۇتۇۋالغان «بىلىق» شەرقىي غۇزلارنىڭ زېمىنىنى ئىشغال قىلىش بولغان .

## ئون سەككىزىنچى تەدبىر

# ئوغرىنىڭ چوڭىنى تۇتۇش

يادرولۇق مەزمۇنى : دۈشمەن تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم كاتتىبې شىنى ياكى ئەڭ ئالىي قوماندانلىق ئورنىنى يوقاتقاندىن كېيىن ، ئاندىن پۈتكۈل تەشكىلاتىنى ئاسانلا يوق قىلىپ تاشلاش ؛ دۈشمەنىنىڭ خىللانغان قىسمىنى يوق قىلىۋېتىپ ئاندىن دۈشمەننى بويسۇندۇرۇش . پادىشاھىنى تۇتۇش تەدبىرى .

جان يېرىنى تۇتۇۋېلىش تەدبىرى ، هالقىلىق يەرنى تۇتۇۋېلىش تەدبىرى ، مۇھىم پۇرسەتنى تۇتۇش تەدبىرى .

ئون سەككىزىنچى تەدبىر نامىنىڭ پەيدا بولغىنىغا 1200 يىلدىن كۆپرەك بولدى . بۇ تەدبىر نامىنىڭ ئىجادچىسى لى بەي ( 701 ـــ 762 ) بىلەن تەڭ شۆھرەت قازانغان ئۇلۇغ شائىر دۇ پۇ ( 712 ـــ 770 ) . ئۇ جۇڭگو ئەدەبىياتى تازا گۈللەنگەن مەزگىلدە ئۆتكەن 2300 نەچچە شائىرنىڭ بىرى . بۇ مەزگىلدە دۇنياغا كەلگەن شېئىر تەخمىنەن 50 مىڭدىن ئاشىدۇ .

## 1. دەرەخ يىقىلسا مايمۇن تۇزۇپتۇ

ئۇرۇش داۋامىدا ۋە ھەر خىل ھايات ـ ماماتلىق رىقابەتتە «ئوغرىلارنىڭ چوڭى » نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئالدى بىلەن ئېنىقلىۋېلىش لازىم . « ئوغرىلارنىڭ چوڭى » بەلكى ئايرىم بىر شەخس بولۇشى ، بىر تەشكىلات بولۇشى مۇمكىن . بىرەر ئىش ياكى گەۋدىلىك بىرەر مەسىلە بولۇشىمۇ ھەم مۇمكىن .

« ئوغرىلارنىڭ چوڭى » نىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋالغان ھامان ھۇجۇمنىڭ تىغ ئۇچىنى ئۇنىڭغا قارىتىش ۋە ئۇنى يوقىتىپ تاشلاش كېرەك . ئەگەر « ئوغرىلارنىڭ چوڭى » يوقىتىپ تاشلانسا ئوغرىلار توپى خۇددى « سالنامە » دېگەن كىتابتا ئېيتىلغىنىدەك « بېشى يوق ئەجدىھا » غا ئايلىنىپ قالىدۇ ۋە دۈشمەن تەشكىلات بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئومۇرتقىسىدىن مەھرۇم بولىدۇ . مانا بۇ « ئوغرىلارنىڭ چوڭى » غا مۇناسىۋەتلىك پۈتكۈل ۋەزىيەتتە زەنجىرسىمان ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ . بەزىلەر بۇ تەدبىرگە مۇنداق دەپ باھا بەرگەن : دۈشمەننىڭ چوڭىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن پۈتكۈل دۈشمەن كۈچلەرنى ۋەيران قىلغىلى بولىدۇ . دۈشمەننىڭ ئاساسىي تايانچ ئاپپاراتىنى گۇمران قىلغىلى بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇنداق تەشكىلات يىمىرىلىدۇ ۋە پارچىلىنىپ كېتىدۇ . بېشى بولمىغان ئوغرىلار توپى تارقىلىپ كەتمەي قالمايدۇ . مانا بۇ باھا جۇڭگونىڭ ئەڭ ئوبرازلىق ئىدىئومى « دەرەخ يىقىلسا مايمۇن تۇزۇپ كېتىپتۇ » نى ئەسلىتىدۇ . ماۋ زېدۇڭ ئاللىبۇرۇنلا مۇنداق دېگەن :

«...... جاھانگىرلارغا تايىنىپ جان باقىدىغان بارلىق پارازىتلار مەيلى قانداق قىمىرلاپ باقمىسۇن، ئۇلارنىڭ يۆلەنچۈكى بەربىر كارغا كەلمەيدۇ. دەرەخ يىقىلىپ مايمۇن توزۇپلا كەتسە پۈتكۈل ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولىدۇ.»

بۇ بىر ئابزاس سۆز «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ ئىككىنچى تومىدىن ئېلىنغان بولۇپ، بۇ ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى جياڭ جيېشى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىچىدىكى ياپونپەرەسلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شەرھلەنگەن ماقالە. ماۋ زېدۇڭ مەزكۇر ماقالىدە جۇڭگودىكى ياپونپەرەسلەر ياپونلارنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە تاقابىل تۇرۇۋۇشىدىكى خەنجەر دەپ ئەيىبلەنگەن. ئەمما ياپونىيىدىن ئىبارەت بۇ «دەرەخ» جەزمەن يىقىلىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھامىيلىقىدىكى «مايمۇن» لارنىڭ تەرەپ-تەرەپكە توزۇپ كېتىدىغانلىقى تەھقىقلەشتۈرۈلگەن.

35 يىل ئۆتكەندىن كېيىن جۇڭگونىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى ئاشكارىلىغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئاتالمىش «تۆت كىشىلىك گورۇھ» يەنى شاڭخەيدىكى ئىسيانچىلارنىڭ كاتىپىشى ۋاڭ خۇڭۋېن، مۇھىم مەنسەپكە ئولتۇرۇۋالغان جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ خانىمى جياڭ چىڭلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى تەشكىلاتلار (يەنى «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ مەزھەپ تەشكىلاتى) غا يىلتىز تارتقان. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ئاممىۋى تەشۋىقات قوراللىرىنى ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشقان. ئەمما بۇ بىر سىستېما ناھايىتى قىسقا بولغان ۋاقىت ئىچىدە ئىچكى يۈرۈشسىزلا ئاغدۇرۇپ تاشلانغان. يەنى 1976 - يىلى 10 - ئايدا ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىنلا «تۆت كىشىلىك گورۇھ» تۇتۇۋېلىنغان. «تۆت كىشىلىك گورۇھ» تارمار قىلىنىشى بىلەنلا «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ مەزھەپ سىستېمىسىمۇ ئاغدۇرۇلۇپ كەتكەن. يەنى «دەرەخ يىقىلغان، مايمۇنلار توزۇپ كەتكەن».

## 2. تاياقنى ئوق قىلىپ ئېتىش

ئۆكلۆك ـ سۆيگۈن توپىلىڭى ۋاقتىدا، سۆييالڭ ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى جاڭ شۈن توپىلاڭچىلارنىڭ سەردارى يىن زىچى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ كەتكەن. جاڭ شۈننىڭ قوشۇنى توپىلاڭچىلارغا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ توپىلاڭچىلار لەشكەرلىرىدىن بەش مىڭچە كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالغان. بىراق، بۇ ئۇرۇش شۇنىڭلىق بىلەن ئاياغلاشمىغان. جاڭ شۈن دۈشمەنىنىڭ چوڭى يىن زىچىنى يوقىتىۋەتمەكچى بولغان. بىراق دۈشمەن سېپى قالايمىقانلىشىپ كەتكەچكە، زادى كىمنىڭ يىن زىچى ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالماي قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇچى ئۇچلانغان تاياقنى ئوق ئورنىدا دۈشمەن لەشكەرلىرىگە قارىتىپ ئېتىشنى بۇيرۇغان. ئاشۇ تاياق ئوقلار تېگىپ ئۆلمىگەن دۈشمەن لەشكەرلىرى خۇشال بولغىنىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي كەتكەن. ئۇلار جاڭ شۈن راست ئوقلىرىنى ئېتىپ تۈگىتىۋەتكەچكە تاياقنى ئوق قىلىپ ئېتىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاشقان.

دۈشمەن لەشكەرلىرى بۇنداق تاياق ئوقلارنى يىغىۋېلىپ، ئۆزلىرىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان مەلۇم كىشىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشقان ۋە ئۇنىڭغا كۆرسەتكەن. جاڭ شۈن بۇ كىشىنىڭ توپىلاڭچىلارنىڭ سەردارى يىن زىچى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغان ھەمدە قول ئاستىدىكى داڭلىق سەردار نەن ۋېنيۈننى ئۇنىڭغا راست ئوق بىلەن زەربە بېرىشكە بۇيرۇغان. نەن ۋېنيۈن ئاتقان بۇ ئوق يىن زىچىنىڭ سول كۆزىگە قادالغان ۋە ئۇنى ئاتتىن دومىلىتىۋەتكەن. ئۆزلىرىنىڭ باش قوماندانى ئېغىر يارىلانغانلىقىنى كۆرگەن دۈشمەن لەشكەرلىرى جەڭگاھنى تاشلاپ بەدەر قاچقان.

دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ چوڭىنى يوقىتىۋەتكەندىلا ئاندىن غەلىبە قىلغىلى بولىدۇ. جىلىندا نەشر قىلىنغان تەدبىرگە ئائىت بىر كىتابتا «تامامەن غەلىبە قىلدۇق دەپ قاراپ دۈشمەننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يوقىـ

تىۋەتمىگەندە ۋە ئۇنىڭ كاتتىبېشىنى ئەسىر ئالمىغاندا ، يولۋاسنى
قويۇپ بەرگەندەك بىر ئىش بولىدۇ . كېيىنكى بالايىئاپەتمۇ تۇگىمەي
دەپ كۆرسىتىلگەن .

## 3 . شۇخلا توغراشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى

مەن كۆرگەن بىر تەدبىر كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن : مەن تە
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ « شوخلىنى قانداق قىلغاندا ئاشتاختا ئىش
مەيمۇ توغرىغىلى بولىدۇ » دېگەن بىر نومۇرىنى كۆردۈم . بۇ نوە
رىياسەتچى بىر شوخلىنى بەرگىنى تۆۋەن قىلىپ ئالقىنىغا قويدى ،
دىن كېيىن شوخلىنىڭ ئۈستىدىن ئۈچ قېتىم پىچاق سالدى ۋە
ئاخىرىدا شوخلىنىڭ بەرگىنى ئويۇپلا ئېلىۋېتىۋىدى . بۇ شوخلا ش
يېرىم ئاي شەكىللىك ئالتە پارچە بولدى . بۇ رىياسەتچى دەس
شوخلىنى توغرىغاندا پىچاقنى شوخلا بەرگىچىلىكىلا يەتكۈزگەچكە
نىمۇ جاراھەتلەندۈرمىدى . لېكىن ئۇ شوخلىنىڭ بەرگىنى ، يە
ئوغرىنىڭ چوڭى » نى ئويۇپ ئېلىۋېدى ، توغرالغان شوخلا ئالتە پ
بولۇپ كەتتى .

## 4. دۈشمەننىڭ بوغۇزىنى بوغۇۋېلىش

ھاۋادىن تاشلىنىدىغان پاراشۇتچى ئەسكەرلەر قىسمى دۈ
كەلگەندىن باشلاپ ئۇن سەككىزىنچى تەدبىرنىڭ قوللىنىلىشىغا يەڭ
يېڭى چارە قوشۇلدى . پاراشۇتچى قىسىملار دۈشمەننىڭ ئەجەللىك ي
چاقماق تېزلىكىدە ھۇجۇم قىلالايدىغان بولدى . ئۇرۇش قوزغىغۇچ
رەپ كۆپىنچە ھاللاردا سىياسىي ئالدامچىلىق ۋە دىپلوماتىيە نىقاب
ھىمايىسى ئاستىدا كۈچلۈك ئەسكەرلىرىنى دۈشمەن دۆلەتنىڭ پايتە
ۋە ستراتېگىيىلىك مۇھىم جايلىرىغا تۇيۇقسىز تاشلايدىغان بو
شۇنىڭ بىلەن دۈشمەننىڭ بوغۇزىنى بىردىنلا بوغۇۋېلىپ ، قارشى

نىڭ قوماندانلىق ئورگىنىنى قارشىلىق كۆرسىتىشتىن مەھرۇم قىلدى ھەمدە يەر يۈزى چوڭ قوشۇنىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى ئۈچۈن شەرت ياراتتى. بۇ باياننى ئوتتۇرىغا قويغان «36 تەدبىرنىڭ يېڭى نۇسخىسى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1979 ـ يىلى كابۇلغا قىلغان ھۇجۇمى توغرىسىدا توختالغاندا: «ئەسلىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك تونۇلغان تەدبىر ـ ھىيلە پرىنسىپلىرى جاھانگىرلارنىڭ ئالدىن مۇشت كۆتۈرىدىغان مەخسۇس ھوقۇقىغا ئايلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

قوشۇمچە :

# 36 تەدبىرنىڭ تىزىملىكى

تەدبىر ــ ھىيلە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. بىراق، 138 خەنزۇچە خەت بىلەنلا يىغىنچاقلىغىلى بولىدىغان، بەلكى مەزمۇنى مول بولغان بۇنداق «تەدبىرشۇناسلىق ئىلمى» نى غەربلىكلەر ئىچىدە ھېچكىم ئويلاپ تاپالمىغان. جۇڭگولۇقلار 36 سان بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، سانى چەكلىك بولغان باياندا ئۆزلىرىنىڭ بىرقانچە مىڭ يىل مابەينىدە خىلمۇ خىل مۇشكۇلاتلاردىن قۇتۇلۇش ۋە رەقىبلىرى بىلەن ھەپىلىشىش يولىدا توپلىغان نۇرغۇن تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چىققان. جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنىمۇ كۆپلىگەن تەدبىرلىرى ۋە ئىبرەتلىك سۆز خەزىنىسى بار، ئەلۋەتتە.

ياۋروپالىقلارنىڭ تەدبىر ــ ھىيلە ئىگىسىنىڭ تەرەققىياتى جۇڭگولۇقلارنىڭكىدىن روشەن ئارقىدا تۇرىدۇ. ئەيسا: «كەپتەردەك ياۋاش بولۇڭلار، يىلاندەك سەزگۈرمۇ بولۇڭلار» دېگەن كۆرسەتمىنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەھۋال يەنىلا شۇنداق، ئەيسانىڭ بۇ سۆزى غەربتە بىز چەكلەنگەن رايون بولۇپ، ئەيسا قالدۇرۇپ كەتكەن تەلىماتلار ئارىسىدا ئەڭ ئاز تىلغا ئېلىنىدۇ.

«خىرىستىئان دىنىنىڭ پەقەت بىرلا ئىددىيىسىنى، يەنى ئەيسانىڭ ‹كەپتەردەك ياۋاش بولۇڭلار، يىلاندەك سەزگۈرمۇ بولۇڭلار› دېگەن تەلىپىنى جۇڭگو پۇقرالىرى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ». بۇ مەشھۇر جۇڭگو يازغۇچىسى ۋە ئالىمى لىن يۈتاڭنىڭ كۆزقارىشى. ھالبۇكى، خېلى كۆپلىگەن جۇڭگولۇقلار دۈشمەنلىك دەپ

قارىلىدىغان ياكى چۈشىنىش مۇمكىن بولمىغان پائالىيەت شەكلىنىڭ هەن-
نىۋاسىنى ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز يوسۇندا تەدبىر ـ هىيلە دائىرىسىگە
كىرگۈزۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. بۇ خىل ئىنكاس بەزىدە ئېهتىمال
توغرا بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، تەدبىر ـ هىيلە مەنتىقىسىدىن بىخەۋەر
بولغان چەت ئەللىكلەر بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلغاندا بولسا، بۇ ئېهتى-
مال خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. بۇ بەلكى بىزنىڭ بۇ
يەردە تېپىشماققا ئوخشىشىپ كېتىدىغان جۈڭگوغا ساقلاپ يۈرگەن غو-
مىمىزنى تا بۈگۈنكى كۈنگىچە يوقىتىۋېتەلمەسلىكىمىزنىڭ سەۋەبلىرىدىن
بىرى بولسا كېرەك.

36 تەدبىرگە بولغان چۈشەنچە (بۇ كىتابتا ئۇنىڭ ئون سەككىزى
ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەهلىل يۈرگۈزۈلدى) غەربلىكلەرنىڭ جۇڭگو-
لۇقلارنىڭ تەدبىر ئىدىيىسىنىڭ ئىشكىنى ئېچىۋېتىشىدىكى بىر ئاچقۇچ.
ئۇنىڭدىن باشقا، غەربلىكلەر بۇ بىلىمدىن پايدىلىنىپ، غەرب جەمئىيىتى-
دىكى مەدەنىيەت، تۇرمۇش چەمبىرىكى دائىرىسىدىكى بەزى هادىسىلەرنى
تېخىمۇ روشەن چۈشىنەلىشى ۋە چۈشەندۈرەلىشى مۇمكىن. جۇڭگونىڭ
تەدبىرشۇناسلىق ئىلمىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى دەل ئىنسانىيەتنىڭ
پائالىيىتى. غەربتە، بەزىدە چەت ئەل تۇسىنى ئالغان گۈل ـ گىياھ پەنى
دەپ مازاق قىلىنىدىغان خەنزۇشۇناسلىقنىڭ جۇڭگو چېگرىسىدىن هالقىپ
كەتكەن، دۇنياۋى مەدەنىيەت ئىلمى ئىكەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بو-
لۇپ تۇرمامدۇ؟

مەن هەر قېتىم تەدبىر ـ هىيلە بىلەن هەپىلەشكەن چېغىمدا
جۇڭگولۇق ئاقىل خۇڭ زىچېڭنىڭ: «باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش نىيى-
تىدە بولماڭ، باشقىلاردىن پەخەس بولۇشنىمۇ ئۇنتۇماڭ» دېگەن
ئاگاهلاندۇرۇشىنى ئۇنتۇپ قالمايمەن.

## 36 تەدبىر

— ئەڭ قەدىمىي بولغان «36 تەدبىرنىڭ مەخپىي نۇسخىسى ئەسكىرىي ئىشلار مىزانى» غا ئاساسلىنىلدى .

1. كۆز بوياش تەدبىرى
2. ۋېيى بەگلىكىنى قورشىۋېلىپ ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرى
3. باشقىلارنىڭ قولى بىلەن باشقىلارنى بابلاش تەدبىرى
4. ئارام ئېلىۋېلىپ كۈچ توپلاش تەدبىرى
5. توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاش تەدبىرى
6. ئۇ ياقتىن شەپە بېرىپ ، بۇياقتىن زەربە بېرىش تەدبىرى
7. يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىش تەدبىرى
8. قۇيرۇق كۆرسىتىپ ، ئۆپكە سىيتىش تەدبىرى
9. چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈش تەدبىرى
10. كۈلكە ئىچىدە پىچاق يوشۇرۇش تەدبىرى
11. قۇربانلىق قوي تەدبىرى
12. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىش تەدبىرى
13. توخۇنى بوغۇزلاپ ، مايمۇننى چۆچۈتۈش تەدبىرى
14. بىرىنى قۇربان قىلىپ ، بىرىنى تىرىلدۈرۈش تەدبىرى
15. يولۋاسنى تاغدىن چۈشۈرۈش ( قىلتاققا چۈشۈرۈش ) تەدبىرى
16. ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىش تەدبىرى
17. يەمچۈك تاشلاش تەدبىرى
18. ئوغرىنىڭ چوڭىنى تۇتۇش تەدبىرى
19. قازاننىڭ ئوتىنى تارتىۋېتىش تەدبىرى
20. سۇنى لېيىتىپ ، بېلىق تۇتۇش تەدبىرى
21. كۆزگە توپا چېچىپ قۇتۇلۇش تەدبىرى

22. ئەتىكنى تاقىۋېلىپ ئوغرىنى تۇتۇش تەدبىرى

23. يىراقتىن ئاپاق - چاپاق بولۇۋېلىپ، يېقىندىن ھۇجۇم قىلىش تەدبىرى

24. ساختىپەزلىك تەدبىرى

25. مەزمۇننى چىقىرىۋېتىپ، شاكىلىنى قالدۇرۇش تەدبىرى

26. دارتىلاپ تىللاش تەدبىرى

27. يالغاندىن ساراڭ بولۇۋېلىش تەدبىرى

28. ئۆگزىگە چىقىرىپ قويۇپ، شوتىنى تارتىۋېلىش تەدبىرى

29. دەرەخ ئۈستىدە گۈل ئېچىلدۇرۇش تەدبىرى

30. تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپ چىقىرىش تەدبىرى

31. ساھىبجامال ئايال تەدبىرى

32. شەھەرنى قۇرۇق قالدۇرۇش تەدبىرى

33. ئارىنى بۇزۇش تەدبىرى

34. قىيناق تەدبىرى

35. بىر قانچە تەدبىرنى تەڭ قوللىنىش تەدبىرى

36. پەشنى قېقىپ كېتىش ئەلا تەدبىرى

# تەرجىماننىڭ سۆزى

سىز بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشۈۋاتقان بۇ كىتابنى جۇڭگو ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئۈستىدە 15 يىل سېلىشتۇرما تەتقىقات ئېلىپ بارغان بىر غەربلىك مۇتەخەسسىس يېزىپ چىققان. ئۇ مەزكۇر كىتابتا ئەكس ئېتىپ تۇرغان جاپالىق ئەجرى ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ بەكمۇ قەدىمىي بولغان 36 تەدبىرىنى ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىدىكى جەمئىيەتتە قوللىنىلىدىغان بىلىمدىن زامانىۋى جەمئىيەتنىكى رەڭگارەڭ تۇرمۇش داۋامىدا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلىك ئالاقە ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئالامەتلەرنى كۆزىتىشىگە، تەھلىل قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان ھەمدە كىشىلەرنى ستراتېگىيىلىك پىكىر قىلىشقا يېتەكلىيەلەيدىغان بىر پەنگە ئايلاندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى زامان تەدبىرشۇناسلىق ئىلمى شەكىللەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ يول ئېچىش خاراكتېرىدىكى تەتقىقاتى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ تەدبىر مەدەنىيىتى دائىرىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ، سېھىرلىك شولا چاچقۇزغان. ئاپتورنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەتقىقاتى غەرب ئىلىم دۇنياسىدىكى بىر چەكلەنگەن رايوننى بۇزۇپ تاشلاپلا قالماي، يەنە قەدىمىي شەرقنىڭ تەدبىرشۇناسلىق ئىلمىنىڭ غەرب دۇنياسىدا ئاممىۋىلىشىش ۋە ئومۇملىشىشى ئۈچۈنمۇ داغدام يول ئېچىپ بەرگەن.

بۇ سەمەرىلىك ئەمگەكنىڭ ئىگىسى، غەرب مۇتەخەسسىسى — شىۋىتسارىيىلىك خەنزۇشۇناس ھاررو ۋون سىنگېر ئەپەندۇر. گېرمانىيە مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشلۇق بولغان كىتابخانلىرىمىزغا ئايانكى، «ۋون» — گېرمانىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ بەلگىسى، سىنگېر ئەپەندىمۇ ئاقسۆڭەك ئەۋلادى. ئۇ 1944 - يىلى شىۋىتسارىيىدىكى ۋىللىسىپل دېيىدىغان بىر كىچىك كەنتتە تۇغۇلغان ۋە تا بۈگۈنگىچە شۇ يەردە ياشاپ كەلمەك-

نه . ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ، بوۋىسى ـ مومىسى زىيالىي كىشىلەر ئىدى .
سىنگېر كىچىك چاغلىرىدا بەكمۇ ئەقىللىق بالا بولغان ، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بەش يىللىق دەرسىنى تۆت يىلدىلا ئۆگىنىپ بولۇپ ، ئۆيىدىن ئون چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئېپىنسىندىلىن ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن . ئۇ تىل دەرسى ئاساسلىق دەرسلەر قاتارىدا ھېسابلىنىدىغان بۇ مەكتەپتە لاتىن تىلى ، قەدىمكى يۇنان تىلى قاتارلىق قەدىمكى ياۋروپا تىللىرىنى ۋە فرانسۇز ، ئىنگلىز ، نېمىس تىللىرىنى ئۆگەنگەن ، رۇس تىلىنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ئۆگىنىشكە تىرىشقان ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدا يۇقىرى نومۇرغا ئېرىشىپ ، مەكتەپ بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان . بۇ چاغ 1963 ـ يىلى بولۇپ ، ئۇمۇ 19 ياشقا كىرىپ قالغانىدى .
ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملىغاندىن كېيىن ، مەلۇم بىر كۈنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم خەنزۇچە خەتنى كۆرگەن ۋە بۇنداق يوچۇن، غەلىتە تۇيۇلغان تۆت بۇرجەك ھەرپ ئۇنىڭدا مىسلىسىز قىزغىنلىق قوزغىغان . سىنگېر ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە سيۇرىخ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن . ئۇنىڭ ئۆگىنىدىغىنى قانۇن دەرسى بولسىمۇ ، لېكىن بۇنداق كەسپىي دەرسلەر بارا ـ بارا ئۇنى زېرىكتۈرۈشكە باشلىغان . مانا مۇشۇنداق زېرىكىشلىك چاغلاردا ئۇ خەنزۇچە ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆز كەيپىياتىنى ئاز ـ تولا تەڭشەپ تۇرغان . ئۇ ئۆزى بىلەن مەكتەپداش جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنى تېپىپ ، ئۇلارغا «شۋېتسارىيە» ، «سيۇرىخ» دېگەندەك خەنزۇچە خەتلەرنى يازدۇرۇۋېلىپ ، بوش ۋاقىتلىرىدا تەلەپپۇز مەشقى ئېلىپ بارغان .
ئالتە يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتى ئاياغلاشقان چاغدا بولسا ، ئۇ ئۆزى ئۆگىنىۋالغان خەنزۇچە بىلەن ئۆگەنگەن كەسپىي قانۇننى زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا «جۇڭگودىكى ئەنئەنىۋى ئېلىم ـ بېرىم توختاملىرى ھەققىدە مەخسۇس تەتقىقات»ناملىق دىسسېرتاتسىيىنى ياقلاپ ، قانۇن پەنلىرى دوكتورى ئۇنۋانىغا مۇشەررەپ بولغان .

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كېيىنكى يىلى، ئۇ شۋېتسارىيە دۆلەتلىك ئادۋوكاتلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، كەسپىي ئادۋوكاتلىق سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن، بىراق، بۇنداق ئادۋوكاتلىق ئورنى ۋە يۇقىرى ئادۋوكاتلىق مائاشى، ئۇنىڭ نەزەرىدە يەنىلا قەدىمىي شەرق مەدەنىيىتىنىڭ سېھرىي كۈچىدىن تۆۋەن تۇراتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا بۇرۇنلا بىخلانغان شەرققە بېرىپ ئوقۇپ كېلىش ئارزۇسى شۇ يىلى 8 ـ ئايدا رەسمىي رېئاللىققا ئايلانغان. ئۇ ئاسپىرانتلىق سالاھىيىتى بىلەن تەيۋەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ بىر تەرەپتىن تەيۋەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا جۇڭگونىڭ قانۇنچىلىق تارىخىنى ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىكى دۆلەت تىلى مەركىزىدە خەنزۇ تىلى بويىچە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇ بىلىم ئاشۇرۇۋاتقاندا دۆلەت تىلى مەركىزىدە قوشۇمچە خەنزۇ تىلى دەرسى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى بەي جېڭشى بىلەن تونۇشۇپ قالغان. ئۇنىڭ نەزەرىدە، بەي ئەپەندى ھەر تەرەپلىمە پىشىپ ـ يېتىلگەن، بىلمەيدىغىنى يوق بىر ئادەم ئىدى. بىر قېتىم بەي ئەپەندى گەپ ئارىسىدا: «36 تەدبىر ئىچىدە پەشنى قېقىپ كېتىش تەدبىرى ئەڭ ئاقىلانە تەدبىردۇر» دېگەن گەپنى ئېغىزغا ئالغان ۋە بۇ گەپ شۇ ھامانلا سىنگېرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. ئۇ: «ئەگەر ئوتتۇز ئالتىنچى تەدبىر پەشنى قېقىپ كېتىش ئەلا تەدبىر بولسا، ئۇنداقتا بىرىنچىدىن تارتىپ، ئوتتۇز بەشىنچىگىچە بولغان تەدبىرلەر يەنە قايسى تەدبىرلەردۇر» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا بەي ئەپەندى نېمىشقىدۇر «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. 36 تەدبىر شۇنىڭدىن باشلاپ سىنگېر ئۈچۈن بىر سىرلىق تېپىشماققا ئايلانغان ۋە ئۇ 36 تەدبىر ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى توپلاشنى باشلىۋەتكەن.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، جۇڭگولۇق بىر ساۋاقدىشى ئۇنىڭغا 36 تەدبىر ھەققىدىكى كىتابچىنى بەرگەن. ئۆزىمۇ تەيبېي شەھىرىدىكى بىر يايمىدىن شۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىتابنى سېتىۋالغان، بىراق بۇ كىتابچىلار

ئۇنى ئايرىم بايانلاردىن ئۆزگىچە، ھېچقانچە تەپسىلات بىلەن تەمىن ئېتەلمىگەن.

سىنگېر ئەپەندى تەيۋەندىكى ئىككى يىللىق ئوقۇشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ياپونىيىگە بېرىپ، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىدا ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇ يەردە جۇڭگو قانۇنچىلىق تارىخىنى تەتقىق قىلغاندىن باشقا، ئاساسلىقى 36 تەدبىر توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى توپلاشنى داۋاملاشتۇرغان.

1975 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۇ ئۆزى ئۇزۇندىن بېرى تەلپۈنۈپ كەلگەن سىرلىق تۇپراققا قەدەم قويۇپ، ئالتە يىللىق شەرق سەپىرىنىڭ ئەڭ ئوبدان چاغلىرىنىڭ پەردىسىنى قايرىغان. ئالدى بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىدا بىر يىل بىلىم ئاشۇرغان. بۇ بىر يىللىق ئۆگىنىش ئۇنىڭغا جۇڭگو تارىخىنى ئومۇميۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەرگەن. جۇڭگو مەدەنىيىتىگە بولغان تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە پايدىلىق شارائىتقا ئېرىشتۈرگەن.

كېيىنكى يىلى، ئۇ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە فاكۇلتېتى باشقۇرغان ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشقان. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى شۇ يەردىكىلەرنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرغان. بىراق سىنگېر ئەپەندى جۇڭگونىڭ شۇ چاغدىكى ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى شىۋېتسارىيىدىكى قانۇنغا ئوخشاش دەپ قارىغان ۋە ئەينى چاغدىكى جۇڭگونى چۈشىنىش ئۈچۈن ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى چۈشىنىش كېرەك، ئۇنىڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق جۇڭگو ئەمەلىيىتىنى كۆزىتىش ۋە ئانالىز قىلىش لازىم دەپ ھېسابلىغان.

بېيجىڭدا تۇرغان ئىككى يىل داۋامىدا سىنگېر ئەپەندى شۇ چاغلاردا چەت ئەللىكلەر مۇشتىرى بولالايدىغان «خەلق گېزىتى»، «نۇرلۇق گېزىتى»، «قىزىل بايراق» ژۇرنىلى، «تارىخ تەتقىقاتى» قاتار-

لىق گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ ھەممىسىگە مۇشتىرى بولغان . ئۇ ھەر كۈنى
دېگۈدەك ، مانا مۇشۇ گېزىت ـ ژۇرناللار ئارىسىغا چۆكۈپلا كەتكەن . بىر-
كار ۋاقىت چىقىرالىسىلا كوچا ـ كويلارنى ئارىلاپ چوڭ خەتلىك
گېزىتلەرنى چالا قويماي كۆرگەن . ئۇ جۇڭگو ماركسىزمىنىڭ مەيدانىنى ،
كۆز قارىشىنى ۋە مېتودىنى تەتقىق قىلىپلا قالماي ، مۇشۇ ماتېرىياللاردا
قەيت قىلىنغان 36 تەدبىرگە ئائىت بۆلەكلەرگە ئالاھىدە دىققەت قىلغان .
ئۇ مەيلى «ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى »
دە بولسۇن ۋە مەيلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى پىيپەن قىلىش ھەرىكى-
تىدە بولسۇن ، «دۈشمەننىڭ قايسى تەدبىرنى قوللانغانلىقى » توغرىسىدا
نۇرغۇن مۇلاھىزە ماقالىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى بايقىغان . ئۇ بۇ
ھەقتىكى نۇرغۇن ماقالىلەرنى تەتقىق قىلىپ چىقىش ئارقىلىق ، «36
تەدبىر» نىڭ جۇڭگونىڭ رېئال تۇرمۇشىدا سەل قاراپ بولمايدىغان مۇھىم
رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن . مانا شۇنداق «قايتا
تەربىيە » ئارقىلىق ، ئۇنىڭ «36 تەدبىر» نىڭ ئىچكى مەزمۇنى توغرىسى-
دىكى چۈشىنىشى ماھىيەتلىك چوڭقۇرلۇققا يېتىپ بارغان .

بۇ ئىككى يىللىق پۇرسەت كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا ئۆتۈپ
كەتكەن . ئۇ 1977 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئالتە يىللىق شەرق سەپىرىنى ئا-
خىرلاشتۇرغان . ئۇ بېيجىڭ شەھىرى بىلەن خوشلىشىپ ، نۇرغۇن ئارزۇ ـ
ئارمانلارنى كۆڭلىگە پۈككەن پېتى شۋېتسارىيىگە قايتىپ كەلگەن .
شۇنىڭدىن باشلاپ ، ئۇ غەربىي گېرمانىيە ۋە شۋېتسارىيە گېزىت ـ ژۇر-
ناللىرىغا جۇڭگوغا ئائىت 100 نەچچە پارچە ماقالە يېزىپ بەرگەندىن
تاشقىرى ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئۈچۈن جۇڭگونى تونۇشتۇ-
رىدىغان نومۇرلارنى ئىشلەپ بەرگەن ؛ سىيۇرىخ ئۇنىۋېرسىتېتىغا
ئورۇنلىشىپ ، ئوقۇتۇش ، تەتقىقات خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولغان .

بىراق ، سىيۇرىخ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدەك «ئىلىم
جەننىتى » بولۇپ چىقمىغان . بىر ـ بىرى بىلەن تىركىشىپ تۇرىدىغان
ئىلىم مەزھەپلىرى ئارىسىدىكى «ھىيلە ـ مىكىر» مانا مەن دەپ ئۆزىنى

كۆرسەتكەن. بولۇپمۇ ئۇ قانۇن فاكۇلتېتىنى تەرك ئېتىپ، خەنزۇشۇناسلىق فاكۇلتېتىغا بېرىپ دەرس بەرمەكچى بولغاندا ئۇچرىغان ھەر خىل توسالغۇلار ئۇنى چۆچۈتكەن. ئۇ خەنزۇشۇناسلىق فاكۇلتېتىغا يۆتكىلىپ كىرەلىگەن بولسىمۇ، بىراق، ئۆز خاھىشى بويىچە خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن. ئۇ چاغلاردا سىنگېر ئەپەندى «36 تەدبىر»نى قانداق قوللىنىشنى تېخى تولۇق بىلىپ كېتەلمىگىنى ۋە باشقىلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىنى ھىيلە نەزەرى بىلەن ئانالىز قىلىشقا ماھىر بولمىغىنى ئۈچۈن ھەرقانچە قىلىپمۇ باش كۆتۈرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىگەن. شۋېتسارىيە قانۇنىدىكى ئىلىم ئەركىنلىكى ۋە ئىلىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوغداشقا ئائىت ماددىلارغا تايىنىش مەقسىتىمۇ ئانچە ياخشى ئۈنۈم بەرمىگەن.

بۇ بىر مەزگىللىك كەچۈرمىش ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ غەرب دۇنياسىدا قانۇنىنىڭ كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدىغان بىردىنبىر «مۇداپىئە كۆنلۈكى» ئەمەسلىكىنى، بۇ يەردە يەنىلا «ھىيلە ـ مىكىر» نىڭ ئاقىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىغان. بۇ خىل ھېسسىيات ئۇنىڭ «تەدبىر» گە بولغان تونۇشىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، «36 تەدبىر» ئۇنىڭ نەزەرىدىكى «جۇڭگونىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى» لىق ئورنىنى يوقاتقان، بەلكى ئۇنىڭ پۈتكۈل غەرب جەمئىيىتىدىكى بىر ئومۇميۈزلۈك ھادىسە ئىكەنلىكىنى تونۇتقان. دېمىسىمۇ، غەربلىكلەردە «ھىيلە» ئىشلىتىشنىڭ مىساللىرىمۇ ئاز ئەمەس. غەربنىڭ نۇرغۇن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە، ھەتتا ناھايىتى مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان «ئىنجىل» دىمۇ ھىيلە قوللىنىلغانلىقىنىڭ بىرمۇنچە مىساللىرى بار. پەقەت كاتولىك دىنى، خرىستىئان دىنىنىڭ چەكلىمىسى، غەرب ئىلىم شەھەسىنىڭ تەبىئىي پەنلەر تەتقىقاتىغا كۆپلەپ ئېتىبار بېرىپ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر تەتقىقاتىغا سەل قارىشى سەۋەبلىكلا بىر پۈتۈن، كۆپ قاتلاملىق تەدبىر مەدەنىيىتى سىستېمىسى

شەكىللىنەلمەي قالغان. بۇ جەھەتتە جۇڭگولۇقلار راستىنلا ئىلگىرى كەتكەن. قەدىمكى جۇڭگولۇقلار ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەربىي ئىشلار، سىياسىي كۈرەش، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مۇداپىئەلىنىش، ھۇجۇمغا ئۆتۈش خاراكتېرىدىكى پائالىيەتلىرى داۋامىدا ئىنتايىن مول بولغان تەدبىر قوللىنىش تەجرىبىلىرىنى توپلاپ، بىر پۈتۈن ئەسكەر ئىشلىتىش، سىياسىي بىلەن شۇغۇللىنىش، دىپلو ئىشلەش، تىجارەت قىلىش، كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلاردا تەدبىر قوللىنىش مىزانىنى شەكىللەندۈرگەن. تەدبىر — ئەنئەنىۋى جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى، جۇڭگو مىللىتىنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك مىجەزىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. ئۇ ئەمەلىي قوللىنىدىغان ئىلىم بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى جۇڭگودا مۇھىم رولларنى ئوينىغان ۋە ئوينىماقتا. جۇڭگونىڭ تەدبىر ئىلمىنى غەربكە ئەكىلىشىنىڭ ئۆزى، غەربلىكلەرگە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بىلىش يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ ۋە غەربلىكلەرنىڭ ئۆز ئىجتىمائىي مۇھىتىنى تەدبىر نەزەرى بىلەن كۆزىتىشىگە، ئانالىز قىلىشىغا، تەپەككۇر ۋە سۆز - ھەرىكىتىگە تەدبىر ئىشلىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ. مانا بۇ سىنگېر ئەپەندىنىڭ «36 تەدبىر» دېگەن بۇ كىتابنى يېزىشىدىكى تۈپ مەقسەت.

ئەمەلىيەتتە، جۇڭگونىڭ «ھىيلە» ئىدىيىسىنى غەرب دۇنياسىغا تونۇشتۇرغان كىشى پەقەت سىنگېر ئەپەندىلا ئەمەس. دۇنياغا مەشھۇر «ھىيلە» ئەسىرى — جۇڭگونىڭ قەدىمىي ھەربىي دەستۇرى «سۇن زىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار مىزانى» دېگەن كىتاب X V Ⅲ ئەسىردە غەربكە تارقىلىپ كىرگەندىن بېرى، ھەربىي مۇتەخەسسىسلەر ۋە سىياسىئونلارنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ كەلمەكتە. تارىختىكى ناپالېئون، ۋىلىيام Ⅱ، مارشال مىكنىمارا قاتارلىق مەشھۇر ھەربىي ئالىملارمۇ «سۇن زىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار مىزانى» دىن غەلىبە قازىنىش ماھارىتى ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغان. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى،

غەربتە يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلغان ئىقتىساد ئىنتايىن كەس-
كىن رىقابەت ئامىللىرىنى پەيدا قىلدى. شۇ سەۋەبلىك، «سودا
ماگىزىنلىرى جەڭگاھقا ئوخشىشىپ كەتتى»، «رىقابەت ئۇرۇش
تۈسىنى ئالدى»، غەرب كارخانىچىلىرى ھايات ـ ماماتلىق ئىقتىساد
ئۇرۇشىدا غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە ئۇتۇق ئاتا قىلىدىغان ئەڭ-
گۈشتەر ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇلار خىلمۇ خىل باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى
ئىجاد قىلىپلا قالماي، يەنە «سۇن زىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار مىزانى» دىن
باشقۇرۇش، سودا رىقابىتى قاتارلىقلارغا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان چارە-
تەدبىرلەرنى بايقىدى ۋە ئەمەلىيەتتە قوللىنىپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە
ئېرىشتى. ياپونىيىدە بولسا، «سۇن زىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار مىزانى» دىن
ئۆزگە، يەنە خۇلۇڭ يىڭمىڭنىڭ (ئىسمى زىچېڭ، 1573 ـ 1620 ـ يىللار)
«سەيگېنتەن» دېگەن كىتاب قاتارلىق ھېيلە ـ تەدبىرگە ئائىت ئەسەر-
لەرمۇ ئىنتايىن قارشى ئېلىشقا ئېرىشتى. ياپونىيىدىكى نۇرغۇن كارخانىلار
بۇ ئەسەرلەرنى ئالىي دەرىجىلىك كارخانا باشقۇرغۇچى خادىملارنىڭ ئو-
قۇمىسا بولمايدىغان دەرسلىكى قىلىپ بېكىتتى. داڭلىق ۋوفۇ دېيدىغان بىر
ئەپەندى ھەتتا «مىزان بويىچە باشقۇرۇشنىڭ سىرقانچە نۇقتىلىرى»
ناملىق بىر كىتابمۇ يېزىپ چىقتى. يېقىندا سۇن زىنىڭ يۇرتى ـ سەندۇڭ
ئۆلكىسىنىڭ خۇيمىن ناھىيىسىدە تۇنجى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق سۇن زى
تەتقىقاتى يىغىنىنىڭ چاقىرىلىشىمۇ سۇن زىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى
تەسىرىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «36 تەدبىر» بولسا
جۇڭگونىڭ كلاسسىك ھېيلە ـ تەدبىر خەزىنىسىدىكى بىر نۇرلۇق
مەرۋايىتتۇر. ئۇنى «سۇن زىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار مىزانى» بىلەن سې-
لىشتۇرغاندا بولسا، ئۇ تېخى «قاراڭغۇلۇقتىكى مەرۋايىت» دۇر. چەت
ئەللىنى دېمىسەكمۇ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقات جۇڭگودىمۇ ئەمدىلا باشلاندى
دېيىشكە بولىدۇ.

«36 تەدبىر» ــ جۇڭگودىكى ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى مەزگىلىدە
ياشىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ياشاش تەجرىبىلىرىنىڭ

بىر خىل ئىنكاسى، ئۇ ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغان، ئەمەلىي قوللانغىلى بولىدىغان بىر ئىلىم. ئەمما ئۇ جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ھىيلە ـ تەدبىر ئەندىزىسىنىڭ يىغىندىسى، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ھىيلە ـ تەدبىر قوللىنىش تەجرىبىسىنىڭ يەكۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىدە جۇڭگونىڭ ساددا ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىسىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن. شۇڭا ئۇنى ئەنئەنىۋى قاراشلار بىلەن تىل لېكسىكىسىنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ھازىرقى زاماندىكى ئۆزگەرگەن شەكلىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئېھتىماللىقىمۇ ئىنتايىن چوڭدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن زامانىۋى قاراش ئارقىلىق «شەكىلدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ماھىيەتنى كۆرۈش»، «36 تەدبىر» گە قارىتا، ئۇنىڭدىكى ئادەتتىكى قائىدە ئادەتتىكى ئۇسۇل ـ چارە ئۈستىدە نەزەرىيىۋى جەھەتتىكى تاۋلاش، ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، شەكىل ئۆزگەرتىش يولىدا پەيدا قىلغان چوڭ توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا، «سۇن زىنىڭ ئەسكىرىي ئىشلار مىزانى» بولسۇن ۋە مەيلى «36 تەدبىر» بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى قىممىتىدىن ئۆزگە، باشقا جەھەتلەردىكى قىممىتىنى ئېچىپ پايدىلانغىلى بولمايدۇ. سىنگېر ئەپەندىنىڭ تۆھپىسىمۇ بەلكى مۇشۇ پەردە بولسا كېرەك.

بۇ كىتابنىڭ «36 تەدبىر» نى تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى گەۋدىلىك تۆھپىسى شۇكى، كۆپلىگەن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق، ھەرقايسى ھىيلە ـ تەدبىرلەر ئۈستىدە جانلىق ئىزاھاتلارنى بەرگەن، شۇنداقلا ئابستراكت جەھەتتىن يىغىنچاقلاپ ئۇنى «يادرولۇق مەزمۇنى» دېگەن شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

ھاررو ۋون سىنگېرنىڭ «36 تەدبىر» دېگەن بۇ كىتابى غەرب دۇنياسىدا خېلى چوڭ زىلزىلە پەيدا قىلغان. 1988 ـ يىلى بۇ كىتاب نەشىردىن چىقىشى بىلەنلا ناھايىتى تېزلىكتە سېتىلغان، پەقەت ئۈچ ئاي ئىچىدىلا ئۈچ قېتىم قايتا نەشىر قىلىنغان، 10 نەچچە مىڭ پارچە سېتىلغان

بولسىمۇ، يەنىلا ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغان، ئۇزۇن ئۆتمەي بەشىنچى قېتىم قايتا نەشر قىلىشقا توغرا كەلگەن. فېدېراتسىپ گېرمانىيە، شۋېتسارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى گېزىت ـ ژۇرناللار، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى نۇرغۇن تەقرىزلەرنى ئېلان قىلىپ، بۇ كىتابنىڭ بۆلەكلىرىنى تاللاپ باسقان ۋە ئاڭلاتقان. غەرب ئىلىم ساھەسىدىكىلەر، بولۇپمۇ خەنزۇشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر بۇ كىتابقا چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. ئىلىم خاراكتېرىدىكى نۇرغۇن ژۇرناللارمۇ بۇ كىتابنى تونۇشتۇرغان ۋە باھا ئېلان قىلغان. بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلار ۋە ئىلمىي تەشكىلاتلار سىنگېرنى جۇڭگونىڭ ھىيلە ـ تەدبىر مەدەنىيىتى ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشقان. كۆپلىگەن غەربلىكلەر: سىنگېر كۆتۈرۈپ چىققان ھىيلە ـ تەدبىر ئارقىلىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ھازىرقى غەرب جەمئىيىتىگە، ئۆتمۈش تارىخقا قايتا باھا بېرىشتىكى مۇھىم قورال؛ جۇڭگونىڭ تەدبىر ـ ھىيلىلىرىدە گەۋدىلەنگەن ئەقىل ـ پاراسەت، چېچەنلىك، ھىيلىگەرلىك «ئىلمى» بولسا، ھەر بىر غەربلىككە نىسبەتەن ئىلھام بېرەلەيدىغان، ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى بولغان بىلىم دەپ ھېسابلاشقان.

فېدېراتسىپ گېرمانىيە زۇڭلىسى كول بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، 1989 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سىنگېرغا خەت يېزىپ، بۇ كىتابقا يۈكسەك باھا بەرگەن. ھازىر بۇ كىتابنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە. ئۇنىڭ ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، ئىتالىيانچە، رۇسچە تەرجىمىلىرىمۇ پات ئارىدا دۇنياغا كەلگۈسى.

سىنگېر غەلىبە قازاندى! بىراق، ئۇ بۇ مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قانائەتلىنىپ قالغىنى يوق. ئۇ يەنىلا جۇڭگو ـ غەرب مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كۆۋرۈك ياساپ يول تۈزلەۋاتىدۇ. ئۇ 1987 ـ يىلى مەزكۇر كىتابنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، يەنە ۋۇخەن ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇنچىلىق ئىنستىتۇتىدىكى بىر تەتقىقاتچى بىلەن ھەمكارلىشىپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خۇسۇسىي قانۇنى ۋە

خەلقئارالىق ھەق تەلەپ قانۇنى » ناملىق قانۇنچىلىق ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ يەنە «36 تەدبىر » نىڭ داۋامىنى يېزىپ چىقىپ، غەرب كىتابخانلىرىنى «36 تەدبىرگە كىرىش » ئۇسۇلى بىلەن تەمىن ئېتىش ئويى بار.

1989 ـ يىلى، سىنگېر فېدېراتىپ گېرمانىيىدە خەنزۇشۇناسلىق بويىچە ئۆمۈرلۈك پروفېسسورلۇققا تەيىنلەندى. ئۇ يەنە دەرس تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش، كونسۇلتاتسىيە قىلىش، دىسسېرتاتسىيە باھالاش، سوئال چىقىرىش، كىتاب يېزىش، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىش، خەنزۇشۇناسلىق لېكسىيىلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ جۇڭگو مەدەنىيىتى بىلەن ئالاقىدار خىزمەت بولسىلا خۇشاللىق بىلەن قىلىۋاتىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ھازىرقى زامانىنىڭ «ماركو پولو » سى دەپ نام ئالغان بۇ خەنزۇشۇناس جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نامى ۋە 190 سانتىمېتىرلىق گەۋدىلىك ئوبرازى كۆپ سانلىق غەربلىكلەرگە تونۇش بولۇپ قالدى. «36 تەدبىر» ناملىق بۇ كىتابنىڭ نەشر قىلىنىشى بىلەن بۇ كۆزگە كۆرۈنگەن خەنزۇشۇناسنىڭ جۇڭگولۇق كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچى تەرجىمانلار:
ليۇ شياۋدۇڭ، جۇ شېڭخاۋ

# ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن

1991 - يىلى 6 - ئايدا غەربىي شىمال رايونىدىكى ياشلار گېزىت - ژۇرناللىرىنىڭ مۇخبىرلار ئۆمىكىنى باشلاپ شاڭخەيگە بارغانىدىم. بىر كۈنى شاڭخەي خەلق نەشرىياتى باش مۇھەررىرىنىڭ ھۇزۇرىدا مېھماندا بولدۇم. چاي ئارىلىقىدا بۇ نەشرىيات قارىمىقىدا نەشر قىلىنىدىغان «ياش ئەۋلاد» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شيا خۇا ئەپەندى ماڭا ئون نەچچە پارچە كىتاب تەقدىم قىلىپ، بۇ كىتابلارنىڭ تېخى يېقىندىلا نەشردىن چىققانلىقىنى ئەسكەرتتى. ئۇ بۇ كىتابلار ئارىسىدىكى بۇ كۆك تاشلىق كىتابنى ئالاھىدە ئوقۇپ كۆرۈشۈمنى تاپىلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىپ، شاڭخەي - ئۈرۈمچى پويىزىغا ئولتۇردۇم. پويىز سەپىرى زېرىكىشلىك بولغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى شيا خۇا ئەپەندىمنىڭ تەۋسىيىسى رول ئوينىدىمۇ، ئىشقىلىپ كىتاب قاچىلانغان چامادانىمدىن ھېلىقى كىتابنى، يەنى مۆھتىرەم كىتابخانىم كۆرۈپ تۇرغان «36 تەدبىرنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋە ئادەتتىكى چاغلاردا قوللىنىلىشى» دېگەن كىتابنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. بۇ كىتابنى زىر - زىۋەرلەپ ئوقۇپ بولغۇچە ئۈرۈمچىگىمۇ كېلىپ قالدىم. كېيىنلا ئۆز ھەلەكچىلىكىم ۋە ژۇرنال ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ بۇ كىتابنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشقا پۇرسەت تاپالمىدىم. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. كىتابنى ئىككىنچى قېتىم قولۇمغا ئالدىم. ئوقۇپ بولار - بولمايلا بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىغا ئاغدۇرۇپ نەشر قىلىش قىممىتى بارلىقىنى ھېس قىلىپ، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدىكى ئەپەندىلەرگە تەۋسىيە قىلدىم. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشىنى خالايتتىمۇ، تەرجىمىسىنى ئۆزۈم قىلىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيتتىم. چۈنكى، كىتابتىكى قەدىمكى جۇڭگو تارىخىغا

ئائىت ئاتالغۇلار ۋە قەدەمدە بىر ئۇچرايدىغان قەدىمىي خەنزۇ تىلى مېنى قورقۇتۇپراق تۇراتتى.

بىراق، نەشرىياتتىكىلەر بۇ كىتابنى مېنىڭ تەرجىمە قىلىشىمغا تاپشۇردى. ئىشەنچ بولغانىكەن چوقۇم ياخشى تەرجىمە قىلىپ كېتەلەيمەن دەپ ئويلىدىم ۋە بۇ ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئالدىم. قەدىمكى جۇڭگو تەدبىرشۇناسلىق ئىلمىدىكى بىر نامايەندە بولغان «36 تەدبىر» توغرىسىدا خەنزۇچە نۇرغۇن كىتاب ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن بىرىنىڭمۇ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنمىغانلىقى مېنى قىلىنمىغان ئىشنى قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئاخشاملىق ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىپ پۈتتۈردۈم.

مەزكۇر كىتابنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى. قالدۇرۇلغانلىرى كىچىك ماۋزۇلار بويىچە قالدۇرۇلدى. قالدۇرۇلمىغانلىرى تولۇق تېكىستى بىلەن تەرجىمە قىلىندى.

ھارروۋون سىنگېرنىڭ بۇ كىتابىدا پەقەت 18 تەدبىرلا، يەنى 36 تەدبىرنىڭ يېرىمىلا مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. كىتابنىڭ كىرىش سۆزىگە ۋە ئاپتورغا ئائىت باشقا مەنبەلەرگە قارىغاندا ئاپتور بۇ كىتابتا ئالدىنقى 18 تەدبىرنى يېزىپ، كەلگۈسى يېزىلىدىغان ئىككىنچى كىتابىدا قىلغان 18 تەدبىرنى يازماقچى بولغان بولسا كېرەك. ئەمما ھازىرغىچە ئېرىشىلگەن مەلۇماتلاردا ئاپتورنىڭ ئىككىنچى كىتابىنى يازغان ــ يازمىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر يوق. ئەگەر ئاپتورنىڭ ئىككىنچى كىتابى يېزىلسا ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنسا كىتابخانلىرىمىزغا يەنە بىر نۆۋەت خىزمەتتە بولارمىز دېگەن ئۈمىدتىمىز.

ئە. ئىبراھىم

责任编辑：亚森．伊明
责任校对：阿布列孜

# 智谋

**平常和非常时刻的巧计**（维吾尔文）

**〔瑞士〕胜雅律著　艾拜都拉译**

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路100号　邮编：830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
787×1092毫米　32开　10.25 印张
1994年7月第1版　1994年7月第1次印刷
印数：1—4070

ISBN7—5371—1747—0/C・21 定价：4.50元